# شنجاڭ سنئتى

6

1982





ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ياسىن خۇدابەردى ۋە پەخرى رەئىسى ليۇ شياۋۋۇلار 12 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىنكى تەسىراتلىرى ئۈستىدە سۆھبەتلەشمەكتە.

سۈرەتنى چېيۇ لىن تارتقان. ◄

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر 12 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنىڭ روھى توغرىسىدا قىزغىن سۆھبەت ئېلىپ بارماقتا.

سۈرەتنى چېيۇ لىن تارتقان. ▼





▲ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئىدارە خادىملىرى 12 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەنمەكتە.

سۈرەتنى چېيۇ لىن، سۈن جىيەنگلار تار



► شىنجاڭ كىنو ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر 12 - قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلماقتا.

سۈرەتنى جياڭ چىڭلىن

پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىنما

# شىنجاڭ سەنئىتى

(قوش ئايلىق ژورنال)

2-يىل نەشرى

6

1982

# بۇ سانىدا


پەرھات - شىرىن (دىراما) ........................ ئەھمەت ئۆمەر ( 3 )
ئۇنتۇلماس سىما (ماقالا) ........................ ئەيسا يۈسۈپ ( 36 )
«سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» كومېدىيىسى ھەققىدە (ماقالا) ........................ ئېلى ئىزىز ( 42 )
قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتى — ئاقىنلار ئېيتىشىشى (ماقالا) ........................
........................ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ماغاز سۇلايمان، ( 47 )
كومۇلگەن بايلىق ۋە ئۈمىت (رادىيو دىرامىسى) ........................ تەن پېڭرۇ، ساۋلېي ( 54 )
ئىزدىنىش (ئوچېرك) ........................ ئابلىز رەھىم ( 78 )
«غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ بەدىئى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا (ماقالا) ........................ قاۋسىلقان قامىجان ( 84 )
خەلقنىڭ ئۇنتۇلماس سەنئەتكارى — ھاشىم ھاجى (ئەسلىمە) ........................ ساتتار توختى ( 92 )
تارىخىي دىراما ئىجادىيىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە (ماقالا) ........................ مەھەممەت زۇنۇن ( 96 )
توھپىكار ئۇستازنى ئەسلىگەندە (ئەسلىمە) ........................ شېرىپ خۇشتار (103)
ئارتىستنىڭ قايناق ھېسسىياتى نەدىن كېلىدۇ؟ (ماقالا) ........................ سۇن يەن (108)
تېكىستسىز لىرىك ناخشا (ماقالا) ........................ ماكې (115)
قەلەمنى ئاغزىدا چىشلەپ رەسىم سىزغۇچى ئادەم ........................ سى تۇشۇي (117)
سەھنە ئىلھاملىرى (شېئىر) ........................ ئىبراھىم ئىزاق (119)
كېلىننى كۈتۈۋېلىش (شېئىر) ........................ ھەبىبۇللا ئوسمان (121)
تەنبۇر ھەققىدە غەزەل (شېئىر) ........................ ئابدۇللا ساۋۇت (123)
گۈزەل تۇرپان (ناخشا) ........................ سۆزى: مەممەت تاناقنىڭ / مۇزىكىسى: ئەھمەتجاننىڭ (124)
دۇتارىم (ناخشا) ........................ سۆزى: ئابابەكرى ئەھمەتنىڭ / مۇزىكىسى: ئابدۇقادىر قايىتوپنىڭ (125)
ۋەتەن بېغىدا (مۇزىكا) ........................ ئەبەيدۇللا تۇردى (126)
يۇرتۇم باھارى (ناخشا) ........................ سۆزى: تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ / مۇزىكىسى: ئابلىز رەھىمنىڭ (127)
يۇمۇرلار ........................ ئايشەم توختى (46-122)
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرى نىم شېھىت (ماي بوياق رەسىم)
........................ غېنى سىزغان.
مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: سۇ ئۇسۇس ........................ گاۋلەن فوتوسى


بۇ ساندىكى ھۆسنى خەت، بەت بېشى سۈرەتلىرىنى نىياز كېرىم ئىشلىگەن.

# پەرھات - شىرىن

(6 پەردە 8 كۆرۈنۈشلۈك مۇزىكىلىق دىراما)

ئەمەت ئۆمەر

## قاتناشقۇچىلار:

پەرھات — خاقان چىن شاھزادىسى 25 ياش.

شىرىن — ماھىن بانۇنىڭ سىڭلىسى 22 ياش.

خاقان چىن — چىن - ماچىن خاقانى 65 ياش.

ماھىن بانۇ — ئەرمەن شاھى 40 ياش.

شاپۇر — رەسسام، پەرھاتنىڭ دوستى 30 ياش.

مۇلكىئارا — خاقاننىڭ ۋەزىرى. 50 ياش.

بەھرام — مۇلكىئارانىڭ ئوغلى، پەرھاتنىڭ ئىمىلدىشى 26 ياش.

غەزنىچى — 70 ياش.

قارەن — نەققاش، ئالىم 55 ياش.

مانى — رەسسام، ئالىم 50 ياش.

ماھىن بانۇنىڭ ۋەزىرلىرى، سەرمۇنشى باشلىق مۇنەججىم ئاياللار.

ماھىن بانۇنىڭ تۇغبېگى، سىپاھلىرى، ھۇدەيچى قىزلار.

تاشچىلار، مىتىنچىلار، كېنىزەكلەر، قاراۋۇللار، چىرىكلەر.

خىسراۋ — ئىران شاھى 50 ياش.

شىرۋىيە — خىسراۋنىڭ ئوغلى 25 ياش.

AltunOq

| | |
|---|---|
| ياسىمەن — خىسراۋنىڭ ئەييارى | 65 ياش. |
| بوزرۇك ئۇممۇت — خىسراۋنىڭ ۋەزىرى | 60 ياش. |
| خىسراۋنىڭ ئەلچىسى — ھۆدەيچى | 30 - 35 ياش. |
| جاكاچى — مەلىكە شىرىننىڭ جاكاچىسى | 35 ياش. |
| ھۆدەيچى — (ئەر) | 35 ياش. |
| سىپاھلار، جاللاتلار. | |

# مۇقەددىمە

[خاقان چىننىڭ بىناكارلىق كارخانىسىنىڭ ئالدى، شەرقچە سېلىنغان شىپاڭ، ئۇدۇلدا كارخانا ئىچىگە كىرىدىغان چوڭ ئەگمە ئىشىك. سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە نەقىشلىك رىشاتكا. شىر، ئەجدىھارنىڭ تاش ھەيكەللىرى، قاش تېشىدا ياسالغان ئاجايىپ ئويمىلار، كەركىدان، ئەنقا قۇشى، سۇمرۇغ ۋە ھەر خىل سەنەملەرنىڭ ھەيكەللىرى، شامان دىنىغا ئائىت دۇت ئىسرىق داڭقانلىرى بار. قارەن باشلىق نەققاشلار رۇجەككە، مانى باشلىق رەسساملار شىپاڭغا ئىشلىمەكتە. كارخانا ئىچىدىن تومۇرچىلىك، مىسكەرلىك قىلىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. پەرھات بىلەن بەھرام ساۋۇت، دۇبۇلغا كەيگەن ھالدا نەيزىۋازلىق قىلىۋاتقان، قارەن بىلەن شاپۇر بولارغا قارىغاچ ئىشلەۋاتقاندا، چولپىراق مۇزىكىسى بىلەن سەھنە ئېچىلىدۇ. پەرھات نەيزە ئۇرغاندا، بەھرام سۇپەر بىلەن توسايدۇ. سۇپەرنى نەيزە تېشىپ ئۇتۇپ كېتىدۇ. پەرھات چاپسانلىق بىلەن سۇپەرنى ئېلىپ. سىنىجىلاپ كورۇپ، قارەنگە تازىم قىلىدۇ]

پەرھات: ھېكمەت تىلسىمىنىڭ سىرىنى ئاچقان ئۇستاز، نەيزە قالقاننى تېشىۋەتتى، بۇ نەيزىنىڭ ياخشىلىقىدىنمۇ ياكى قالقاننىڭ ئاجىزلىقىدىنمۇ؟

قارەن: (تازىم قىلىپ) ئۇلۇق شاھزادە، قالقان بىلەن نەيزە بىر - بىرىگە قارىمۇ - قارشىدۇر. نەيزە ئىشلىگۈچى "مېنىڭ نەيزەم ھەر قانداق قالقاننى تېشىپ ئۇتۇپ كېتىدۇ" دىسە، قالقان ئىشلىگۈچىمۇ "مېنىڭ قالقىنىم ھەر قانداق نەيزىنى كاردىن چىقىرىدۇ" دەپ ماختىنىدۇ. بۇنىڭدىن مۇرات، ھەر كىشى ئۆز ھۈنىرىنى ماختايدۇ. لېكىن قارىمۇ - قارشى نەرسە باراۋەر بولالمايدۇ. بۇنى سوقراتنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا "زىددىيەت قانۇنى" دەپ ئاتايدۇ. كائىناتتىكى ھەر قانداق شەيئى شۇنداق بولىدۇ.

شاپۇر: شۇنداق، تاش مېتىننىڭ بېسىنى ياندۇرىدۇ. لېكىن كىچىككىنە مېتىن كوھىقاپتەك تاغنى تالقان قىلالايدۇ. بۇ يەردە گەپ ھۈنەرنىڭ قانۇنلۇق بولۇشىدا. يەنى قورال ياساش قانۇنىنى بىلىش بىلەن، ئۇنى ئەپچىل ئىشلىتىشتە ۋە ھېكمەت ئۈگىنىشتە.

پەرھات: (تازىم قىلىپ) ھەر بىر ئېغىز سوزىڭىزدىن زەر چېچىلغاي، قېنى گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

قارەن: بىلىم نۇرى بىلەن دىلى يورىغان شاھنىڭ قىيامەتكىچە نامى قالغۇسىدۇر. (پەرھاتقا

مېھرۋانلىق بىلەن قاراپ) سەن ھەربىي ئىشلارنىلا بىلىپ قالماستىن، بەلكى سوقرات ۋە بوقراتنىڭ ھىكمەتلىرىنىمۇ ئۆگەن، ئۇ سېنىڭ دۆلىتىڭگە بايلىق يەتكۈزىدۇ، خەلقىڭنى باياشات قىلىدۇ. سەن رەسىم ئىلمىنىمۇ ئۆگەن، قەلبىڭ ئىپتىخارلىق بىلەن يورۇسۇن، شۇنىڭدەك تاش كېسىش، مىتىن سۇغۇرۇش، نەيزە - قالقان ياساش قانۇنىنىمۇ ئۆگەن، ئۇ ساڭا ئەڭ مۇھىم كۈنلەردە لازىم بولىدۇ. ھىكمەت قانداق جايدا بولسا — ھىكمەتتۇر. گۆھەر نەدە بولسا — ئۇ بەرىبىر گوھەردۇر. ھىكمەت بىلەن يۇرت ئاۋات بولىدۇ. دۆلەت كۈچلۈك بولىدۇ.

پەرھات: (دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تازىم قىلىپ) رەخمەت ئۇلۇق كەشپىيات ئىگىسى، ئېيتقان سۆزلىرىڭىزنى قەلبىمدە ساقلايمەن.

قارەن: گۈل ئۈزگەندە ئۇنىڭ تىكىنىگە دۇچ كەلگەندەك، ھۈنەر ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىسەن. تامچىلاپ تەر ئاققۇزىسەن، گۈلنىڭ تىكىنىگە بەرداشلىق بەرگەن كىشىلا، گۈلنىڭ ئۆزىنى ئۈزەلەيدۇ.

شاپۇر: ھەسەل ھەرىسىدىن قورققان كىشى، بالدىن بەھرىمەن بولالمىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش.

پەرھات: سىلەرنىڭ سۆزۈڭلاردىن دىلىم قۇياشتەك يورىدى. ماڭا دۇنيادا ئەڭ جاپالىق ھۈنەرنىڭ سىرىنى ئۆگىتىڭلار، مەنمۇ موجىزىلەر يارىتاي، قەلبىمدە ئىختىرا گۈللىرى ئېچىلىپ، خىلمۇ - خىل پۇراقلار چېچىلسۇن. (ئىشخانىنىڭ ھەممە تەرىپىگە قارايدۇ) ئەجەبا، پۈتۈن كائىناتنىڭ سىرى بۇ يەردە پاش بولماقتا. (مانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ) مۇبارەك تەبىئىتىڭگە مالال كەلمىسە، بۇ گوھەر چېچىۋاتقان قەلىمىڭنىڭ سىرىنى بايان قىل!

[مانى ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، پەرھاتنى مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىگە تەكلىپ قىلىدۇ. پەرھات مانىنى ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ]

مانى: (سىزىۋاتقان سۈرەتنى كۆرسىتىپ) ئالەم بىنا بولغاندا پۈتۈن زېمىن دەشت - باياۋانغا ئوخشاش يارىتىلغان بولۇپ، ئىنسانلار كېيىنچە قوللىرىغا مىتىن ۋە باشقا قوراللارنى ئېلىپ ئېرىق - ئۆستەڭ، قاناللار ئېچىپ، قاغجىراپ ياتقان چۆللەرگە سۇ كەلتۈردى. قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇ غارلارنى يورۇق گۈلزارغا ئايلاندۇردى، كوھىقاپتەك سىرلىق جايلارنىڭ سىرىنى ئاچتى، بۇنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئەقىل - ئىدرىكى ۋە ئىككى قولى بىلەن بولغان. بۇ رەسىم شۇ تەبىئى دۇنيانى ئۆزگەرتكەن ئادەملەرنىڭ ئەمگىكىنى تەسۋىرلەيدۇ. قالغىنىنى شاپۇر ئېيتىپ بەرسۇن!

شاپۇر: (پەرھاتنى ئۆزى ئىشلىگەن رەستىگاھقا ئېلىپ كېلىپ) مەن ساياھەتچى شاپۇر بولىمەن. دۇنيانىڭ ھەممە ئىقلىمىنى ساياھەت قىلىپ "ئىلىم - پەن ماكانى" دەپ نام چىقارغان بۇ ئەلگە كەلدىم، بۇ، شاھزادىغا ئاتاپ خاقان تەرىپىدىن قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ بىنا بولغاچ، دۇنيادىكى مەشھۇر مۇھەندىسلەر، نەققاشلار بۇ يەردە ئىشلىمەكتە، مەنمۇ رەسساملىق ھۈنىرىم بىلەن بۇ ئالىي بىناغا جان كىرگۈزمەكچـ

مەن. بۇ سۈرەتتە تەسۋىرلەنگەن جاي «يىپەك يولى» ئۈستىدىكى بىستۇن دىگەن تاغ بولۇپ ئۇنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبى ئوتتۇرىسىدا، گوياكى جەننەت بىلەن دوزاقتەك پەرق بار. شىمالدا چوڭ ئېزىم دەريا ۋە چوڭ كول بولۇپ، سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، خۇددى جەننەت مىسالىدۇر. ئەندى جەنۇپ بولسا ئىنسانىيەتكە ئاپەت كەلتۈرگۈچى چوڭ قۇملۇق، دەشت ـ باياۋان، "دىۋىلەرنىڭ ماكانى" دەپ ئاتالغان، ئادەم قەدەم باسمىغان جاي. ھېكمەت ئەھلىنىڭ قىياس قىلىشىچە، مۇشۇ بىستۇن تېغىدىن بىر قانال ئېچىلىپ، بۇ دەشت ـ باياۋانغا سۇ چىقىرىلسا، ئۇ يەر ئىنسانىيەتكە بەخت بېغىشلايدىغان گۈلزارلىققا ئايلانغۇسىدۇر.

پەرھات: دەريانى مۇشۇ تاغ توسۇپ تۇرامدۇ؟

شاپۇر: شۇنداق. بۇ ئىقلىمنىڭ شاھى — ماھىن بانۇ ناملىق بىر ئايالدۇر. نۇرغۇن شاھلار ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ، تاغنى كېسىپ سۇ چىقىرىش يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماي، يەرلەر يەنىلا قاغجىراپ ياتقىنىچە قالدى. مانا بۇ سۈرەتكە سىزىلغىنى بىر مەرت ئوغلان بىستۇن تېغىنى تالقان قىلىپ، بۇ چولگە سۇ كەلتۈرۈپ، ھورلەرنىڭ ساھىبى بولغان ئالتۇن بويلۇق شاھ مەلىكىنىڭ سىڭلىسىگە مەيۇسسەر بولسا، ھەممە ئادەم ئارزۇ ـ تىلىگىگە يېتەر ئىدى، دىگەن تەسەۋۋۇردۇر. بۇ مەلىكە (شىرىننىڭ سۈرىتىنى كورسىتىدۇ) «شىرىن» نامى بىلەن شوھرەت تاپقان پاك ۋىجدانلىق، ئالى پەزىلەتلىك، ھوسنى لاتاپەتتە تېڭى يوق پەرىزاتتۇر.

پەرھات: قېنى، تىلىڭىزدىن گوھەر چېچىڭ، سوزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

شاپۇر: (2 ـ رەسىمنى كورسۇتۇپ) مانا بۇ سۈرەتتە، بىستۇن تېغىدا قانال چېپىۋاتقان ئىشچىلار ئارىسىدا، قۇياشتەك نۇرلىنىپ تۇرغان (پەرھات سۈرەتكە زوق بىلەن قاراپ قالىدۇ) دەل ئاشۇ شىرىندۇر. ئۇ تاغ قازغۇچىلارغا ئېھتىرام بىلدۇرمەكتە.

پەرھات: دوستۇم شاپۇر، بۇ سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزمۇ ياكى؟ ...

شاپۇر: بۇ مەن كورگەن ۋەقە، مانى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىختىراسى. بۇنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەللەشكىنى خاقان غەزىنىسىدە ساقلانمىشتۇر.

پەرھات: ھورمەتلىك ئۇستازىم! ئۇنى ئاددى كوز بىلەن كورۇش مۇمكىنمۇ؟

قارەن: ئۇنى كورۇش ئۈچۈن، سوقراتنىڭ ھېكمەت ئەينىكى كېرەك. شۇ ئەينەك بىلەن كىشىلەر ئوزىنىڭ ئىقبال ۋە ئىستىقبالىنى كورەلەيدۇ. ئۇ ھەم غەزىنىدە بار.

پەرھات: (كورۇۋاتقان رەسىمدىن بېشىنى كوتىرىپ ئېغىر نەپەس ئېلىپ) مەن سىز ئېيتقان ئەشۇ بىستۇن تېغىنى كېسىپ سۇ چىقىرىمەن. ھورلەرنىڭ شاھى بولغان ئۇل دىلرابانىڭ كوڭلىنى شاد قىلىمەن.

بەھرام: (پەرھاتنىڭ شاھلىق كىيىمىنى كەيگۈزۈپ) شاھزادە، ئېيتقان ئىكەنسەن، ئېيتقىنىڭنى نىمە بولسۇن قىلىشىڭ كېرەك! ئالەمدە قەھمىرۇس، جەمشىت، زۇھاكتەك شاھلار ئوتتى. ۋاھالەنكى ئۇلارنىڭ نامى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھاياتتۇر.

مانى: شۇنداق. دۇنيادا نۇرغۇن شاھلار ئۆتتى. بەزىلىرى ئاجايىپ كەشپىيات قالدۇرۇپ كەتتى. نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. بەزىلىرى خەلققە ھېچ نىمە قىلىپ بەرمىدى. دىلىنى ئىلىم بىلەن يورۇتمىدى، بەلكى ئىلىم ئەھلىنى ھالاك قىلدى. خەلققە نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

پەرھات: (ھاياجانلانغان ھالدا) بارىكاللا ئۇستازلىرىم! دىلىمنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتتۇڭلار، بۈگۈندىن باشلاپ شاھزادىلىقنى تەرك قىلىمەن، قەلبىمنى ئىلىم بىلەن بەنت قىلىمەن. (تاج - دەۋاجىنى بەھرامغا سېلىپ بېرىپ، قولىغا گاڭ قەلەم ئېلىپ ئىشچىلار بىلەن تاش كېسىشكە چۈشىدۇ. قارەن تاش كېسىش يولىنى كورسۈتۈپ بېرىدۇ. بەھرام قەلەمنى تۇتۇپ بېرىدۇ. پەرھات تاشنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىدۇ. ئىشخانىدىن بىر نەچچە ئىشچى چىقىپ ھەۋەسلىنىپ قارايدۇ. مۇزىكا ۋە قاراس - قۇرۇس ئاۋازلار سەھنىنى بىر ئالىدۇ)

— پەردە

## بىرىنچى پەردە

[مۇقەددىمىدىن ئۈچ ئاي كېيىن. خاقان غەزىنىسىنىڭ بىر بولۇمى، قەندىللەرگە ئىسرىق ۋە شاملار يېقىلغان. ھەيۋەتلىك ساندۇقلار، قالقان، نەيزە، ئوقيا ۋە ساۋۇتلار، قاش تېشىدىن ياسالغان شىر، يولۋاس، كەركىدانلارنىڭ ھەيكەللىرى، تام، تۈۋرۈكلەردە ئالتۇن بىلەن يېزىلغان زىننەتلىك لەۋھەلەر، پېشقەدەم ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سوزلىرى، ئۇدۇل تامدا سۇرلۇك قۇببىيە (كۇنۇپكا)، سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە غەزىنىگە چۈشىدىغان تومۇر رىشاتكىلىق ئىشىك ۋە پەلەمپەي بىلەن غەزىنىگە چۈشىدىغان ئەگمە، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىلسىملىق ئوقيا، تەۋەر تۇتۇپ تۇرغان ئادەم ھەيكىلى. غەزىنىچى بوۋاينىڭ ئالدىدا يوغان كىتاپ، مۇزىكا بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ]

غەزىنىچى: ئۈلۈق چىن رەختىگە چەكتى رەقەمكەش، قىلىپ بۇ تەرز ئىلە قىلدى مۇنەققەش،
بۇ يەڭلىغ نەقشە چىنلىق نەقشىدۇر، كى ئەتراپ باخ ئەرەم جان سۈيگۈسىدۇر.
ئۇلۇغدۇر يۈزىدە خانى ئۇنىڭ، ئىمەس خانى ئۇنىڭ خاقانى ئۇنىڭ. خوشنى يەر يۈزىدە قۇم ھىساۋى، نە قۇم ئاسماندىكى يۇلتۇز ھىساۋى، خەلقنىڭ بايلىغى يۇنانىدىن ئارتۇق، خەزىنە كوپلىگى قارۇندىن ئارتۇق. بۇ ئەلنىڭ ۋەسپى سەنئەت كەشىپ قىلماق، جاھان ئەھلىگە ئۇنى بەخش قىلماق. (قۇببىيە قاتتىق ئاۋاز بىلەن بەلگە بېرىدۇ. تومۇر رىشاتكىلىق ئىشىك يېنىدا تۇرغان ھەيكەل قورال بىلەن ئىشىكنى توسايدۇ، يېشىل، قىزىل چىراقلار ۋال - ۋۇل قىلىپ چاراقلايدۇ. پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقان پەرھات، بەھراملار ئىككى نەپەر غۇلام بىلەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قېلىشىدۇ. غەزىنىچى ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بىر كۇنۇپكىنى بېسىش بىلەن تومۇر ئىشىك جاراڭلاپ ئېچىلىدۇ، ھەيكەل ياندىن ئورۇن ئالىدۇ. پەرھات، بەھراملار غەزىنىگە جەسۇرانە كىرىپ كېلىدۇ.)

غەزنىچى: (تازىم بىلەن) قەدەم تەشرىپ قىلىپسىز، ئەي شاھزادە! بۇ جايدا بارنىمىكى بولسا
دۇنيادا، سەيلە قىلىڭ خالىغانچە ھەممەياقنى. بولۇرسىز بىر كۈنى بۇ ئەلنىڭ خاقانى.

پەرھات: (بوۋاينى ئولتۇرغۇزۇپ) ئامان بولغايسىز، خاقان غەزنىچىسى.

غەزنىچى: سىز ئۈچۈن قالغۇسى بۇ دۇنيالار، بۇ غەزنىنە ھەم قورال ئەشيالار.

پەرھات: بەس! (مۇلايىملىق بىلەن) قەيەردە ئۇ؟

غەزنىچى: بىلمىدىم، نىمە ئۇ؟ (تازىم)

پەرھات: ئاجايىپ ئەينەك!

غەزنىچى: (تەمتىلەپ) مەن خەۋەرسىز، شاھزادە!

پەرھات: غەزنىدە نىمە بار، سىز بىلىسىز، لېكىن ماڭا ئېيتىشنى ئېغىر كۆرىسىز. قوقماڭ
بوۋا، ئېيتىڭ، قەيەردە ئۇ؟

غەزنىچى: بىلمىدىم، كېچىرىڭ.

پەرھات: (پەرىشانلىق بىلەن) كېچىرمەسەن، تاكى ماڭا ئۇنى كۆرسەتمىگىچە!
پۈتۈن سىرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغىنكى، بۇ ئىشتا ماڭا زادى ھىلە ئىشلەتمەڭ!

غەزنىچى: (ئىلتىجا بىلەن) شاھزادە كەم بولماڭ بۇ دۇنيادا. ئولتۇرۇڭ قەتلىگە راۋا بولسام،
ھۆكۈم قىلىڭ لايىغى جازا بولسام. ئاتىڭىز بەرگەن مەنئى قىلىپ پەرمان سىزنى
كۆرۈش ئارزۇسىدا بۇ زامان. مەن قايسى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلاي، ئاتىڭىزنىڭكىنىمۇ
ياكى سىزنىڭكىنىمۇ، قايسىنى تۇتاي؟

پەرھات: ئاتام نىمە دىگەن ئىدى؟

غەزنىچى: ”بۈگۈن غەزنىگە بارغۇسى پەرھات، كوڭلىنى ئال، لېكىن قىلمىغىن ناشاد، غەز-
نىدە نىمە بار، كۆرسىتىشنى تەرك ئەتمە، لېكىن تىلسىملىق ئەينەكنى ئۇنىڭغا كۆر-
سەتمە، بولمىسا كاللاڭ تېنىڭدىن ئېلىنغۇسىدۇر، تېنىڭ دار ئۈستىگە ئېسىلغۇسىدۇر“
ماڭا لازىمدۇر شاھ پەرمانىنى تۇتماق، بۇ غەم - قايغۇدىن سىزنى يىراق قىلماق.
[پەرھات بىئارام بولۇپ ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ]

بەھرام: شاھزادە، قوي، بوۋاينى قىينىما، ئۆزىمىز تاپىمىز، تىلسىم سىرىنى تېپىپ ئاچىمىز.
[پەرھات تېخىمۇ جىددىلىشىپ، قىلىچىنى چىقىرىپ توت ئەتراپقا قارايدۇ، سىرلىق كۆ-
زۈپكا ئورنىتىلغان قارا تامغا قىلىچ ئۇرىدۇ. غەزنىنە جاراڭلاپ كېتىدۇ، قىزىل سىرلىق
چىراقلار چاقناپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن پەرھات ئارقىغا داجىيدۇ ۋە غەيرەتلە-
نىپ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ھەيۋەتلىك تام بولۇنۇپ، ئوتتۇرىسىدىن چوڭ
ئەگمە ھەم قاراڭغۇ غار كورۈنىدۇ. پەرھات غارنىڭ ئاغزىغا يېقىن كېلىشىگە، ھەيۋەت-
لىك ئاۋاز بىلەن كۈچلۈك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، غار ئىچىدىن بىر
ئەجدىھار ھەيۋە بىلەن پەرھاتقا ھۇجۇم قىلىپ ئېتىلىدۇ. ئاخىرى ئەجدىھارنى چېپىش
بىلەن قىزىل چىراق نۇرسىزلىنىپ ئۆچۈشكە باشلايدۇ. پەرھات جەسۇرانە مېڭىپ، غار-
نىڭ تېخىمۇ ئىچىگە كىرىشىگە، ئىككى قوراللىق ھەيكەل ئادەم پەرھاتقا تاقابىل تۇر-

AltunOq

دۇ. ھەيكەللەر نەيزە بىلەن ھەيۋە قىلىشىپ، گاھ ئۇلار ئۈستۈن كېلىپ گاھ پەرھات ئۈستۈن كېلىپ، ئاخىرى پەرھات يېڭىدۇ. كۈچتىن قالغان ھەيكەللەر غايىپ بولىدۇ، جەڭ تامام بولغاندىن كېيىن، ئوڭكۈر ئىچى ئاز يورىدۇ. مۇزىكا پائۇزا بېرىدۇ]

پەرھات: (ئوڭكۈر ئىچىدىن ھىكمەتلىك ئەينەكنى كوتىرىپ چىقىپ، بەھرام بىلەن غولاملارغا قاراپ) تاپتىم. مۇراتقا ئەمدى يەتتىم. (سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەينەككە قارايدۇ. ئوڭكۈر يورۇپ، ئەينەكتە ئاسمان پەلەك تاغ ئارىسىدا نۇرغۇن ئىشچىلار بىلەن ئىشلەۋاتقان، چاچ ـ ساقاللىرى ئۇسۇپ كەتكەن، مەجنۇن سۈپەت پەرھات كورىنىدۇ. بۇنىڭدا پەرھاتنىڭ ئەمگىگە قىزىقىپ ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇۋاتقان شىرىن، ئون نەچچە كېنىزەك بىلەن بىللە كورۇنىدۇ. رەسىم بارغانچە روشەنلىشىدۇ، شىرىن پەرھاتنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسلىنىپ، يۈزىدىن نىقاپنى ئالىدۇ. ئەينەكتىكى پەرھات ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. سورەت كورۈۋاتقان پەرھاتمۇ ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىشىغا، بەھرام ۋە غۇلاملار ئۇنى يولەپ ئولتۇرغۇزىدۇ، پەرھاتنىڭ قولىدىكى ھىكمەتلىك ئەينەك چۈشۈپ كېتىدۇ. ئوڭكۈر قاراڭغۇلىشىدۇ.)

بەھرام: ھەي، قايغۇ ـ ئازاردىن باشقىسى نېسىپ بولمىغان ئاكام! سېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى غۇربەت چەككەنلىرىڭ يەتمەسمىدى؟ ئىسست! ياشلىق باھارىڭنىڭ ئومۇر چىرىغى ئوچتىمۇ؟ سېنىڭ تىلسىمات سىرلىرىنى ئۇگەنگەنلىگىڭ قېنى؟ ئوقيا تارتىپ ئوق ئاتقانلىرىڭ، قاتتىق تاشلارنى مومدەك كەسكەنلىرىڭ قېنى؟ كوزۈڭنى ئاچ! دۇنيا تېخى سەن ئۇچۇن يورۇق، نۇرغۇن موجىزىلەر ساڭا قاراشلىق (يۈرىگىنى تۇتۇپ كورۇپ) ۋاھ، ئەجىبا! قانداق ھال بۇ؟ (غۇلاملارغا قاراپ) بېرىڭلار، خاقان ھوزۇرىغا بېرىڭلار! بېرىپ شاپۇرنى ئېلىپ كېلىڭلار! بولغان ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار! تېز بولۇڭلار!

[مۇڭلۇق مۇزىكا]

غەزىنىچى: (ئاستا پىشانىسىنى تۇتۇپ) خۇدا ھەر قانداق تىلىگىڭ بولسا يەتكۈزسۇن! نىمە خالىساڭ ئالدىڭغا كەلسۇن! قۇياش ۋە ئاسمان سېنىڭ ھىممىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. كوزۈڭنى شۇنداق يۇكسەك ئايۋانغا سالدىڭ! شۇنداق ئېگىز دوڭنىڭ توپىسىنى ئالدىڭ. توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن! تامچىلاپ ئاققان تېرىڭ قىممەت باھا ئۇنچە بولسۇن. ھەركىم ھىكمەت بەزمىدە پىيالە كوتەرسە، شۇ پىيالىدىن ئوزىنىڭ خالىغىنىنى تاپىدۇ. ھىممەتلىك قۇش تۇۋەن ئوگىغا نەزەر سالمايدۇ. شاھزادە ھەقىقى ئاشىقتۇر.

بەھرام: راست ئېيتتىڭ ئاتا، چارە بارمۇ بۇنىڭغا؟ جان كىرگۈزۈش مۇمكىنمۇ؟

غەزىنىچى: (پىشانىسىنى تۇتۇپ) ئۇنىڭ جېنى بار، پەقەت ھۇشسىز كوكسىدە ئوت يالقۇن ئۇرۇۋاتىدۇ، ئاھ، جاپاكەش پەرھات! ...

[سىرتتىن تاراق ـ تۇرۇق ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىپ بىر قانچە غۇلاملارنىڭ ھىمايىسى بىلەن خاقان، مولكىئارا كىرىدۇ]

خاقان: (پەرھاتنى كورۇپ پىشانىسىنى تۇتۇپ تىترەپ كېتىدۇ) ئېيتىڭلار، نىمە ئىش، نىمە ھال؟

غەزىنىچى: (ئىڭگىلىپ) كەلدى بۇ دەم غەزىنىگە شاھزادە، سورىدى نىمىكى بولسا دۇنيادا، سىزىلىدىم ھەممە سىرنى ئەيلىدىم ئىزھار. لېكىن سوز ئاچمىدىم ئەينەكتىن زىنھار.

خاقان: (غەزەپ بىلەن) بەس!! نىمە ئۈچۈندۇ چىرايى كەھرىۋادەك سارغايغان؟

مولكىئارا: (تازىم قىلىپ) ئۇزۇن ياشاڭ شاھىم! (پەرھاتنىڭ كوكسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ) شاھزادىنىڭ جېنى بار، پەرھات ھۇشسىز. (بەھرامغا قاراپ) ئىپار بىلەن كاپۇر كەلتۇرۇلسۇن! [بەھرام دەرھال كاپۇر ئىپار كەلتۇرىدۇ. پەرھاتنىڭ بۇرنىغا تۇتىدۇ. پەرھات ھۇشىغا كېلىپ، ئەتراپقا نەزەر سالىدۇ]

پەرھات: كەلتۇرۇڭلار ئەينەكنى يەنە بىر كورەي،
[بەھرام ئەينەكنى پەرھاتقا ئېلىپ بېرىدۇ. ئەمما ھېچ نەرسە كورۇنمەيدۇ]

پەرھات: يوقال كوزۇمدىن ئەي غەۋغايى جاھان! (ئەينەكنى يەرگە ئۇرىدۇ)

خاقان: (مۇلايىملىق بىلەن) ئوغلۇم پەرھات!

مولكىئارا: شاھزادە!

پەرھات: (ئورنىدىن تۇرۇپ چوچۇپ خاقانغا باش ئىگىپ تازىم قىلىپ) كەرەملىك غەمگۇزارىم ئاتا، ھوزۇرىڭىزدا ئەدەپسىزلىك قىلدىم، ئەپۇ قىلىڭ.

خاقان: بېشىڭنى كوتەر! شاھ ئوغلىسەن، جاسارەتلىك بول!

پەرھات: ھازىرقى ئەھۋالىم ئىختىيارىمدا ئەمەس، كەچۇرۇڭ!

خاقان: نە بولدۇڭ ئوغلۇم، سىرىڭنى ماڭا مەلۇم قىل!

پەرھات: ئاتا، سوزلەشكە جۇرئەت قىلالماس بۇ تىل،

خاقان: سوزلە سەۋەبىنى!

پەرھات: جان ئاتا، سىز بىلەن بۇ ئىشنىڭ مۇناسىۋىتى يوق!

خاقان: ئەجەبا! ئەقلىڭدىن ئازما، مەن ئاتاڭ! (ھەيرانلىق بىلەن مولكىئاراغا قارايدۇ)

مولكىئارا: شاھزادە، شاھىم گەپ سوراۋاتىدۇ.

پەرھات: ھىكمەت ئەينەكنى كورگۇچى يالغۇز مەن. بۇنىڭدىكى سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمايمەن ھەم ئاتام ئالدىدا سوزلەشكە جۇرئەت قىلالمايمەن.

خاقان: (غەزىنىچىگە قاراپ) بويرۇغۇم نىمە ئىدى، نىمە دىگەن ئىدىم؟

غەزىنىچى: (باش ئىگىپ) كەچۇرۇڭ. بۇ ئىشتا مەن ئەمەس زامىن.

خاقان: (غەزەپ بىلەن) يوقال گوزۇمدىن بەدگىردار خائىن.

غەزىنىچى: (باش قويۇپ) ئۇزۇن ياشاڭ قۇدرەتلىك شاھىم. (غۇلاملار غەزىنىچىنىڭ تاجىسىنى ئالىدۇ)

پەرھات: (ئولتۇرۇپ) ئاتا، بۇ ئىشتا بوۋايدا گۇنا يوق، مەن ئۇچۇن بوۋايغا قىلماڭ دوق. قىرىنغاندا بىچارىنى ئۇۋال بولمىسۇن، مەن ئۇچۇن ئوزىنى سەرسان قىلمىسۇن. ئاتا ئۇنى كەچۇرۇڭ. (باش قويىدۇ) ئەگەر ھەۋەس ئوز نەيزىسىنى تىكلەپ ئۇستۇن كەلسە، ئەڭ ئاۋال ئەقىلنىڭ كوزىنى قارغۇ قىلىدۇ، ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشى ئەلۇەتتە مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ ھەۋەسكە ئەلۋەتتە مەن ئوزۇم زامىن.

مۇلكىئارا: شاھزادە ئەلۋەتتە دۇرۇس ئېيتتى، شاھ ئالدىدا گادايىنىڭ ياق دېيىشكە ھەققى بارمۇ؟
خاقان: (خىيال قىلىپ ئىككى، ئۈچ قەدەم مېڭىپ) پەلەكنىڭ گەردىشىدىن نىمىلەرنى كۆتمەنكى تاڭ!؟ (غەزنىچىگە قاراپ) يوقالسۇن ئۇ، كەتسۇن بۇندىن يىراق.
غەزنىچى: (تىترەك ئاۋاز بىلەن) مەن كېتىمەن.
ھىندۇ، ئەرمەنۇ، ئىراق (چىقىپ كېتىدۇ. مۇڭلۇق مۇزىكا چېلىنىدۇ)
خاقان: (پەرھاتنىڭ پىشانىسىنى سىلاپ) ئوغلۇم! سەن كوزۇمنىڭ نۇرى ئىدىڭ. گۈل بېغىمدا سايرىغان بۇلبۇلۇم ئىدىڭ. شاھلىق سەلتەنەتىمنىڭ تاجدارى ئىدىڭ. (ئوزئوزىگە) ئەپسۇسكى، سېنى بۇ ھالدا كوردۇم. ھېلىمۇ سەن شاھلىق سەلتەنەتىمنىڭ ۋارىسى.
پەرھات، (باش ئىگىپ) ياقۇت تېشى قانچە ئۇتلۇق بولسىمۇ، قاچان چاقماق تېشىدەك ئۇچقۇن بېرەلىگەن؟ مېنى چاقماق تېشىمۇدىمە، بەلكىم بالا تېغىدىكى غەم-قايغۇلار تېشى دىگىن.
[مۇلكىئارا خاقاننىڭ قۇلىغىغا پىچىرلايدۇ. خاقان سوزنى ئاڭلاپ چىقىپ كېتىدۇ ۋە كەينىگە قايتىپ كېلىپ چوڭقۇر نەپەس ئالىدۇ]
خاقان: ئوغلۇم! ئەقىل تەپەككۇرىڭنى مېڭە ئارام خانىسىغا بەنت قىلىشنى كەسپ قىل. (چىقىپ كېتىدۇ)
بەھرام: (غۇلاملار بىلەن قېلىپ) سەن ئوزەڭنىڭ شاھزادىلىغىنى ئۇنتۇما!
پەرھات: ئەي ۋاپادار ئىنىم بەھرام! بۇ ئىشتا ماڭا ئەمدى شاھلىق سەلتەنەت ياتتۇر.

بۇ يولدا ئوخشاشتۇر شاھ، گاداھ،
ئىشقى ئالدىدا تەڭدۇر سۇلتانۇ - سوپا.
قەيەردە ئۇ نازىنىن يار؟
قەيەردە ئۇ ۋاپادار دىلدار؟

[ئەسەبىلەرچە قولىنى سوزۇپ ھەر تەرەپكە ماڭىدۇ. شاپۇر كىرىدۇ. پەرھات شاپۇرغا تازىم قىلىپ، دولىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ]
ئاھىكىم بۇ دەرتكە چۈشتۇم، قايدا ھەم دەردىم مېنىڭ،
بائىسى تەنە ئولدى ئاھۇ نالەئى سەۋرىم مېنىڭ.
زۇلمىتى ھىجراندا قالدىم، ماڭا بىر يولباشچى يوق،
قايسى بەزمى يار ئېتەر، شەمئى جاھان گەردىم مېنىڭ.
تەلۋىلەردەك سوزلىشەرمەن ئوز - ئوزەم بىرلە مۇدام.
قايدا بىلمەسمەن نىگارىم، نازۇ پەرۋەردىم مېنىڭ.
جان يېقىنلاشتى چىقارغا كورمەيىن مەئۋا سېنى،
كىم يولىن ئېيتقاي ئېرىشكەي دىلدىكى دەردىم مېنىڭ.
شاپۇر: شاھزادە! ئەقىل ئىگىسى ئوز ئەقلىگە ئىشىنىدۇ. خۇددى ئاشىق ئوز مەشۇقىغا ئېتىقات قىلغاندەك، سەن ئاۋال باسىدىغان يولۇڭغا ئەقىدە باغلا! بىشايەتكى يار ۋەسلىگە

يېتىمسەن.

پەرھات: ئاق قەغەزگە جان بېغىشلىغۇچى دانىشمەن! ماڭا يارنىڭ ماكانىنى ئىزھار قىل! مەن تاغ - دەشتلەرنى كېزىپ، ئۇنىڭ دىيارىغا بارىمەن، بالا تېغىنىڭ كوكسىنى يېرىپ، چول ۋادىسىغا سۇ كەلتۇرىمەن. ئۇ سۇنىڭ رەڭگى مەرۋايىتتەك، ياق، قېپ - قىزىل ياقۇتتەك بولسۇن، ئۇنىڭ ھەر بىر ئېرىقلىرى يۇرەك رىشتىسىدىكى تومۇردەك جۇش قۇنلۇق پاك بولسۇن.

شاپۇر: (بەھرامغا قاراپ) ئىشقىغا مۇپتىلا بولغان ئاشىقلاردىن ئىشقىنى قايتۇرۇش ئۇچۇن ھىندى ئەپسۇنچىلىرىمۇ، لوقماننىڭ دورىلىرىمۇ كار قىلالماس. بۇنىڭ بىردىن - بىر داۋاسى يار ۋەسلىگە يېتىش، باشقا چارە ئاۋارىچىلىقتۇر.

پەرھات: (ئەسەبىلىشىپ) يوقال! ئەي دىۋە مەلئۇننىڭ نامايەندىسى! (بېشىدىكى تاجىسىنى يەرگە ئۇرىدۇ. شاپۇرغا قاراپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ) ئەي ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ سۇلتانى، سەن كەنئاندىكى يۇسۇپنى مىسىر شەھرىگە، بىچارە مەجنۇننى لەيلى قەبىلىسىگە باشلا! ئۇنى ئىشقىدىن ياندۇرۇپ كەبىگە تاۋاپ قىلدۇرۇشتىن نىمە ھاجەت! مەندەك مەپتۇن بولغان پەرھاتنى بىستۇن تېغىغا باشلا! ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئەقىل شاھى بولىسەن (قولىنى كوتىرىپ) ئەي، ئىشقى ئەھلىنى ئوز يالقۇنى بىلەن كويدۇرگۇچى يۇلتۇزلار شاھى، مېنى ئوز نۇرۇڭ بىلەن كويدۇر! مەنمۇ خەلىلدەك ئوتنى گۇلزار قىلىشنى خالايمەن. ئەلۋىدا، ئى كەرەملىك خاقانىم! ئەلۋىدا، ئى كەئبەم خانىشىم! ئەلۋىدا، ئى خاقان ئېلى! ئەلۋىدائى قېرىنداشىم بەھرام ئاتامغا مەندىن سالام دەڭلار! مېنى شام ئوتىدا ئورتەنگەن پەرۋانىدەك قاناتسىز بولۇپ چولگە چىقىپ كەتتى، دەڭلار! شام ئوتىدا ئورتەنگەن پەرۋانە چىراق تۇۋىدىن قايەرگە بارالىسۇن! خوش، سالامەت بولۇڭلار.

[غەزىنىدىكىلەرگە تازىم قىلىپ بولۇپ، شاپۇرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چىقىپ كېتىدۇ.
بەھرام، غۇلاملار: "پەرھات، پەرھات" دەپ ۋاقىرىشىپ قالىدۇ]

— پەردە

## ئىككىنچى پەردە

[بىرىنچى پەردىدىن 3 ئاي كېيىن. بىستون تېغى. ئىشچى ۋە مېتىنچىلار قانال قېزىۋاتقان، پەرھات چاچ - ساقاللىرى ئوسۇپ كەتكەن بىر قېرى ئۇستا بىلەن تەرلەپ - پىشىپ بازغان سوقۇۋاتقان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ]

پەرھات: (تەرىنى سۇرتۇپ) ھەي شاپۇرا...

شاپۇر: (بىر توپ ئىشچىلار ئارىسىدىن چىقىپ) پۇتتىمۇ؟

پەرھات: تامام بولدى. (شاپۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ) قارەنىڭ ئېيتقىنىدەك ھاۋا بىلەن سۇغاردىم. مانا مىتىنگە قارا (مىتىننى ئېلىپ يوغان تاشقا ئۇرىدۇ، تاش نەچچە پارچە بولۇپ

كېتىدۇ)

شاپۇر: بارىكاللا شاھزادە!

[ئەتراپتىكى ئىشچىـــلار بىر - بىرىگە قارىشىدۇ]

ئىشچى ئا: شاھزادە؟!

ئىشچى ب: ئۆزى شاھزادە بولسۇنۇ، جاپا تېغىدا نىمە ئىش قىلسۇن؟

ئىشچى ئا: سەن ئۇنىڭ ئىش .. ھەركىتىگە قارا، ئۇنىڭدىن بىر ئۇلۇغوارلىق، شاھلىق سىياقى كورۇنۇپ تۇرىدۇ. توختا! بۇ يىگىتتىن سوراپ باقاي، زادى كىم، ئۇ قايەردىن كەلگەن؟ (پەرھاتقا قاراپ) ھەي جاپانى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان يىگىت! نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەردە ئىشلەيسەن، ياكى بىز بىلەن تونۇشمايسەن. ئۆزەڭ كىم، قايسى باغنىڭ گۇلىسەن، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسەن؟

پەرھات: (مۇلايىملىق بىلەن) ئاكىلار! مەن جاپا چولىدە ئاۋارە، ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان بىچارە. كەسپىم مېنىڭ بۇندا تاغ كېسىش، قاقاس چوللەرگە سۇ كەلتۈرۈپ، يار ۋەسلىگە يېتىش. سىز قاچاندىن بېرى بۇ يەردە ئىشلەيسىز؟ نام - نەسەبىڭىز نىمە، بىلگەيمىز؟

ئىشچى ئا: مەن مۇشۇ يۇرتتىن، مۇشۇ ئەلدىن بولىمەن. ئۈچ يىل بولدى بۇ يەردە تاغ چاپىمەن. بۇ ئىشقا مەلىكىمىز شىرىن باشچى، شىمالدىن جەنۇپقا سۇ چىقارماقچى.

پەرھات: شىرىن؟! (تاقەتسىزلىك بىلەن) كېلەمدۇ بۇ يەرگە ئۇ نازىنىن يار، گۈزەللەر شاھى ئول مەلىكە تاجدار؟

ئىشچى ب: ئەي قەددى - قامىتى چىناردەك يىگىت، خاتىرجەم بول. مەلىكە بۈگۈن يەنە قەدەم تەشرىپ قىلماقچى. بارلىق ئىشچىلارغا ئاپىرىن ئېيتماقچى. شىرىن خەۋەرداردۇر بۇ يەردىكى ئەھۋالدىن.

پەرھات: (ئەس - ھۇشىنى يوقاتقان قىياپەتتە) شىرىن! شىرىن! (ئەتراپقا تەلمۈرىدۇ، شاپۇر ئەھۋالنى بىلىپ ئىشچىلارغا قارايدۇ. ئىشچىلار پەرھاتنىڭ ئۆزگۈرۈۋاتقانلىقىنى كورۇپ ئۆز ئارا پىچىرلىشىدۇ)

پەرھات: ناخشا:

سابا يەتكۈز سالامىنى يېتۈرگىل كوھى دىلدار،
پەرىشان خاتىرەمدىن ئەرزى قىل ئول نازىنىن يارە.
بايان ئەت ئىشقى ياتۇ ۋەسلى قىلغان پىغانىمنى
ئېتەر شايەت كېلىپ بۇ كويگەن ھالىمغا نازەرە،
نىگارىم لەپ ئېچىپ سەندىن ئەگەر ئەسلىم سوئال ئەتسە،
دىگىن چىن شاھىدۇر بۇ سەۋگى سەھراسىدا ئەۋارە.
ئىمىش يۇرتىدا بۇ پەرھات بۇندا تاغ قازغۇچىدۇر،
ماتائى ھوسنى ئالماققا قىلىپتۇ ئۇشبۇ بازارە.
ماڭا جەننەت كورۇنمىشتۇر بۇ سەۋگى بۇ جاپا تاغى،
نىگارىمنىڭ سوزى كەۋسەر سۇسىزمەن تەشنا بىمارە.

AltunOq

[ئىشچىلار توپلىشىدۇ]

ئىشچى ئا: دېمەك مەلۇم بولدىكى، يار ئىشقىغا مۇپتىلا بولغان دەرتمەنكەن.

ئىشچى ب: باغرى كۆيگەن ئاشىقلار سۇلتانى ئىكەن. (پەرھاتنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ) بارلىق ئىشچىلار بولىمىز ساڭا مەدەتكار، چىن قەلبىمىز بىلەن بىز ساڭا ۋاپادار.

پەرھات: رەخمەت ئاكىلار! (ھەممىگە تازىم قىلىدۇ، قولىغا مىتىن ئېلىپ، ئىشلەۋاتقان ئورنىغا بېرىپ تاغ چېپىشقا باشلايدۇ. يوغان - يوغان تاشلار گۇمۇرلۇپ چۈشىدۇ)

ئىشچىلار: بارىكاللا، ساڭا بارىكاللا!

[بىر تاشنى پارچىلاش ئۈچۈن پەرھات شاپۇرغا قەلەم تۇتقۇزۇپ، ئۆزى بازغان بىلەن ئۇرىدۇ. تاش نەچچە پارە بولۇپ كېتىدۇ]

جاكاچى: (يىراقتىن) ھەي، تاشلارنى تالقاندەك توزۇتۇپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگۈچى ئىشچىلار! شاھلارنىڭ شاھى، ھورلەرنىڭ تاجدارى شىرىن قەدەم تەشرىپ قىلغۇسىدۇر!

[ئىشچىلار جانلىنىپ پەرھاتقا قارايدۇ پەرھات يوغان تاش بىلەن جەڭ قىلماقتا.]

شاپۇر: (پەرھاتقا قاراپ) دوستۇم پەرھات! مەجنۇننىڭ لەيلىسى، ئىشق ئەھلىنىڭ تەمەنناسى مەلىكە شىرىن كەلمەكچى، دىدار كۆرۈشكە تەييار بول!

پەرھات: (قەددىنى رۇسلاپ قارايدۇ. تىنىمسىزلىك بىلەن تىترەپ) ئاھ پەلەك! ماڭا كۆرسىتىدىغان يەنە قانداق ئويۇنىڭ بار؟ (كۆڭگە قاراپ) ھەي ئاشىقلارنىڭ شام چىرىغى، قۇدرەتلىك نۇرىڭ بىلەن شىرىننىڭ پەرۋانىسى بولغان پەرھاتنى كۆيدۈرگىن. بىردەممۇ ساقلاپ تۇرۇشقا تاقىتىم يوق!

ئىشچى ئا: تازا دەرتمەن ئىكەن بۇ كىشى.

[يىراقتىن جاراڭلىغان ئاۋاز ۋە مۇزىكا ئاڭلىنىشى بىلەن ئالا - يېشىل تەختى راۋان چۆرىسىدە كېنىزەكلەر كېلىپ ئاستا يېقىنلىشىدۇ. پەرھات تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ. بارلىق ئىشچىلار شىرىن تەرەپكە قاراپ باش ئېگىپ تازىم قىلىشىدۇ. شىرىن چەبدەسلىك بىلەن تەختىراۋاندىن چۈشۈپ، تازىمنى قوبۇل قىلىپ، باش كوتۇرۇشكە ئىما قىلىدۇ. ئىشچىلار ئېھتىرام بىلەن تۇرىشىدۇ]

شىرىن: ھارماڭ قەھرىمان باتۇر ئەرلەر، ئاپىرىن پىداكار قەيسەرلەر! غەيرەت كۈچلىرىڭىز زىيادە بولسۇن! بەختى - تالىيىڭىز ھەمىشە يار بولسۇن!

[بىر كېنىزەك ئىشچىلارنىڭ بېشىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت چاچىدۇ. ئىشچىلار بارىكاللا ئېيتىپ تازىم قىلىشىدۇ]

ئىشچى ئا: ياشاڭ، كوپ ياشاڭ!

ئىشچى ب: ھارمىغايسىز مەلىكەئى دەۋران، بىزگە ئاپىرىن ئېيتماي، بىستۇن تېغىنى مومدەك كەسكەن، بىز ئۈچ ئايدا قىلالمىغان ئىشنى ئۈچ كۈندە قىلىپ بولغان ئەشۇ يىگىتكە ئاپىرىن ئېيتىڭ! (پەرھاتنى كۆرسىتىدۇ)

شىرىن: (پەرھاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تازىم قىلىپ) ھارماڭ قەھرىمان يىگىت، ھارماڭ! ئەسلا ئىككى جاھاندا كەم بولماڭ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە خىزمەت قىلىپسىز. تۈن

ۋە كۈن بۇندا مېھنەت قىلىپسىز. قايسى دىل بىلەن شۈكۈرلەر ئېيتاي؟ قايسى دىل بىلەن تەشەككۈر ئېيتاي؟ خىزمىتىڭىز نىمە، بۇيرىغايسىز، تىلىگىڭىز نىمە، ئەمىر قىلغايسىز!

پەرھات: (ئىلتىجا بىلەن) ئاي يۈزىڭىزنى كۆرۈش ئىدى تىلىگىم، كۆرسىتىڭ يۈزىڭىزنى ئۆرگۈسۈن يۈرىگىم.

[شېرىن ئاستا يۈزىدىكى نىقابىنى ئاچىدۇ. شېرىن بىلەن پەرھاتنىڭ كۆزى ئۇچرىشىشى بىلەن پەرھات "ئاھ" دەپ يىقىلىشىغا ئىشچىلار يۆلىۋالىدۇ. شېرىننى كېنىزەكلەر يۆلىۋالىدۇ ۋە تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزىدۇ.]

شېرىن: ئاڭلىدىم مەن بۇ كىشىنىڭ ماھارىتىنى، باتۇرلۇق بىلەن كۆرسەتكەن جاسارىتىنى. ئاڭلىسام چىن - ماچىندىن بۇ يەرگە كەلگەنمىش، ئىشقى ھىجرىگە مۇپتىلا بولغانمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن تاشلىغان تاجى - تەختىنى. (ئىشچىلارغا) سىلەر ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇڭلار، قالمىسۇن يەردە، تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇڭلار.

[ئىشچىلار، كېنىزەكلەر پەرھاتنى يۆلەپ كېلىپ تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزىدۇ]

شېرىن: (ئىشچىلارغا) رەخمەت سىزلەرگە باتۇر بىلەكلەر! غەيرىتىڭلار بىلەن تاغدىن قانال ئېچىلسا، پەلەك ئاپىرىن ئوقۇيدۇ مەردۇ - مەردانىغا، قىسسە بولار بۇ كەلگۈسى دەۋرانىغا!

كېنىزەكلەر: نىمە دېگەن شىجائەت! نىمە دېگەن ماھارەت؟

[شېرىن قىزلار بىلەن ئايلىنىپ كېلىدۇ ۋە پەرھاتقا قاراپ - قاراپ تۇرۇپ قالىدۇ. پەرھات تەختىراۋاندىن چۈشىدۇ]

شېرىن: خەير! خوش قېلىڭ! (شاپۇرنى ئالدىغا چاقىرىپ بىرنىمىلەرنى دەپ يۈزىنى ياپقان ھالدا مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىقىپ كېتىدۇ. پەرھات شېرىن كەتكەن يولغا تەلمۈرۈپ ناخشا ئېيتىدۇ)

پەرھات: ناخشا:

دەردىغا ئايرىلىپ قالدىم ئول ئاي يۈزلۈك نىگارىمدىن،
مەگەر كورمەك بىلەن ئايرىلدىم ئەقلۇ - ئىختىيارىمدىن.
غېمىم بۇدۇر كوڭۈلدىن كەتتىم ئېيتماي ئەرزۇ ئەھۋالىم،
كى شايەت يارنىڭ كوڭلى يۇمشالۇردى ئاھۇ - زارىمدىن.
كېرەككىم ئول نىگارىمگە بېرىپ ھالىمنى ئەرز ئەيلەي،
غەزەپ بىلەن مەگەر ئولتۇرسە جانىم سەدىقە يارىمدىن.

شاپۇر: دوستۇم پەرھات! شېرىن سېنى ئوردىغا قىلدى تەكلىپ! بۈگۈن قىلماقچى بولدۇڭ قەدەم - تەشرىپ!

پەرھات: قايەرگە كەتتى ئول نازىنىن يار؟ كوزۈمدىن غايىپ بولدى ۋاپادار دىلدار. (ھەر تەرەپكە ماڭىدۇ)

ئىشچى ئا: بۈگۈن ھەقىقى سىرىڭ بىزگە بولدى ئايان. مەلىكە مەرھەمەت قىلدى، سۆرگەيسەن دەۋران.

پەرھات: (تازىم قىلىپ) رەخمەت، دوستلار!

ئىشچى ب: ئەي ئاشىق! مەشۇغىڭ ئىرۇر يىگانە. تىل ئاچالمىغان ئۇنىڭغا شاھۇ - بىگانە.

ھەممە: بارغىن، يار ۋەسلىگە يېتىسەن!

[پەرھات ئىشچىلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ. شاپۇر بىلەن چىقىپ كېتىدۇ]

— پەردە

## ئۈچىنچى پەردە

[ماھىن بانۇنىڭ ئوردىسى. ئۇدۇلدا ھەيۋەتلىك تەخت، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئازادە ئىشلەنگەن پەنجىرە، ئۇنىڭدىن ئاسمان پەلەك قارىغاي، تاغ باغرىدا ئېچىلغان ھەر خىل گۈللەر، ھەيۋەتلىك ئىمارەتنىڭ مۇنارىلىرى، قەلئەلەر كورىنىپ تۇرىدۇ. تەختنىڭ ئالدىغا پەردە تارتىلغان، شىرىننىڭ ئالاھىدە تەختى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا كۈرسىلاردا ئولتۇرغان كاھىنلار، مۇنەججىملەر ۋە ۋەزىرلەر. ئوتتۇرىدا ئۇسۇل ئويناۋاتقان بىر قانچە تەنناز قىزلار. ماھىن بانۇ بىلەن شىرىن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ]

ھۇدەيچى قىز: (تازىم بىلەن) ئىشىك ئاغا كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

ماھىن بانۇ: كىرسۇن! (شىرىن تەختنىڭ ئالدىدىكى پەردىنى تارتىدۇ)

ئىشىك ئاغا: (تازىم قىلىپ) تاغ قازغۇچىلاردىن مېھمان كەلدى. كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

ماھىن بانۇ: (شىرىنغا قاراپ) ئېھتىرام بىلەن كىرگۈزۈڭ!

[ئىشىك ئاغا چىقىپ كېتىدۇ]

شىرىن: (پەردىنى ئېچىپ) قىزلار، شاھزادىغا بىلدۈرگەيسىزلەر ئېھتىرام! ئۇسۇل نەپىس بولسۇن، نەغمە ھەم ئىخچام.

ماھىن بانۇ: سىزلەر چىقىپ پەرھاتنى قىلغايسىزلەر تەكلىپ! بىز ئۈچۈن نەچچە ۋاقتتىن تارتىپتۇ جاپا، بىزمۇ ئۇ كىشىگە ئەلۋەتتە قىلغايمىز ۋاپا.

شىرىن: چېلىڭلار مۇڭلۇق خوتەن سازىنى، ئەسلىسۇن شاھزادە ئۆز دىيارىنى!

[ۋەزىرلەر قاتارىدا ئولتۇرغان ئاقۋاش ئاياللاردىن بىر قانچىسى قالۇن، زىلڭ، پىپا قاتارلىق مۇزىكا ئەسۋاپلىرىنى تەييار قىلىپ تۇرىشىدۇ. قىزلار رەت - رەت بولۇشۇپ چىقىپ كېتىشىدۇ. پەرھات تەكلىپ بىلەن جەسۇرانە قىياپەتتە كىرىپ ماھىن بانۇ ۋە شىرىنلەرگە تازىم قىلىدۇ. شىرىن دەرھال تەختتىن چۈشۈپ پەرھاتنى تەختكە تەكلىپ قىلىدۇ. ھەممە ئورنىدىن تۇرىدۇ.]

پەرھات: (ئەدەپ بىلەن) ئەرمەن تەختى ئەرمەن مەلىكىسىگە خاستۇر، رەخمەت! (تازىم قىلىپ رەتتىكى كۈرسىدا ئولتۇرىدۇ)

ماھىن بانۇ: خوش كېلىپسىز ئەزىز مېھمان! بارلىق ئېھتىرام سىزگە بولسۇن بۇ زامان.

پەرھات: (ئورنىدىن تۇرۇپ) ئۇزۇن ياشاڭ شاھى دەۋران! (ھەممىگە تازىم قىلىدۇ. ۋەزىرلەر ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىدۇ. قىزلار پەرھاتنىڭ ئالدىغا ھەر خىل مېۋىلەر ئېلىپ كېلىدۇ.)

شېرىن: كەلتۈرۈڭلار خوتەن شارابىدىن شاھزادىغا، ئۇسسۇل قىلىڭلار سۇلۇن ھەم سۇۋارىغا!
[مۇزىكا باشلىنىپ قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. بىر قىز ئاجايىپ جام بىلەن شاراپ كەل-
تۈرۈپ قويىدۇ]

پەرھات: (قەدەھنى قولىغا ئېلىپ ماھىن بانۇ ھەم شىرىنگە قاراپ) يۈزۈڭنى كورسە قىلۇر گۈل
ئۆزىنى يۈز پارە، خوتەن دەرياسىدا ئاھۇ كوزۈڭدە ئاۋارە. (شاراپنى ئىچىدۇ)

قىزلار: (ناخشا، ئۇسسۇل)

لالىنى گۈلزاردا كور، غۇنچىسى خار ئىچىدە،
مەشۇقى جانانىنى كور، جەبرۇ - جاپالار ئىچىدە.
لەۋلىرى ياقۇت كەبىدۇر، سوزلىرى شىرىن - شېكەر،
كوزلىرى ئاھۇ كەبىدۇر، مۇلكى ئەرمەك ئىچىدە.
قولىدا ئالتۇن ئۈزۈك، ھەم بەلدە تىللادىن كەمەر،
بوينىدا لەئلۇ بەدەخشان، ئۆزى غەمناك ئىچىدە.
كورمىگەن ئەرمەن— ئەجەمدە سىز كەبى باتۇرنى بىز،
رۇمى، يونان، كوھقاپ شەھسۇۋارلار ئىچىدە.
ئەي يىگىتلەر ئارسلانى قىلىڭىز تەشرىپ قەدەم،
ساھىبى دەۋران بولۇڭ ھورى غىلمان ئىچىدە.
مەس بولۇڭ ئەرمەن قىزى قۇيغان شاراپنى ئىچىپ،
دەۋرى سۈرگەيسىز مادام شەھرىيالار ئىچىدە.

[ئۇسسۇل ئەۋجىگە كوتۈرىلىدۇ. پەرھات بىر نەچچە قەدەھ ئىچىدۇ]

ماھىن بانۇ: قاچان قىلغان ئىدىڭىز بۇ تەرەپلەرگە سەپەر؟ بىز بولغان ئىكەنمىز سەپىرىڭىزدىن
بىخەۋەر. خەۋەر كەلدى بېستۇندىن بۇ يەرگە، دىدى تاغۇ - تاش بوي سۇنارمىش
ئۇ ئەرگە. ھىچ كىشى بىلەن سوزلەشمەيدۇ ھەم تونۇشمايدۇ، ئۈچ ئايلىق ئىشنى بىر
كۈندە ئورۇندايدۇ. سۈرۈشتە قىلدۇق ئەتراپتىن ھالىڭىزنى، شاپۇر ئاتلىق ماھىردىن
نامىڭىزنى.

پەرھات: (تۇرۇپ) رەخمەت، گۈزەل سوزلەر ئۈنچىسىنىڭ ھىكمەت ئىگىسى!

ماھىن بانۇ: ئاڭلىسام بىر شاھزادە ئىمىشسىز، تۇيۇقسىز بۇ ئەلگە قىلىپسىز قەدەم تەشرىپ. دەرھال
خەۋەر تېپىپ ئوردىمىزغا قىلدۇق تەكلىپ. بىزنىڭ بۇ ئەل باتۇرلارغا خۇشتار، قاقاس
چوللىرىمىز سۇغا ئىنتىزار، سۇ بىلەن چول بىر - بىرىگە ئاشىقتۇر، چول سۇغا تەشنا،
ئىلاجىسىز مەشۇقتۇر، مەقسىدىمىز ئاشىق - مەشۇقنى بىر - بىرىگە قوشماقچى، ئەرمەن
ئېلىگە بەخت - سائادەت كەلتۈرمەكچى. بېستۇن تېغىنىڭ بېخىل كوكسىنى يېرىپ،
بالا چولنى مىسلى جەننەت قىلماقچى.

پەرھات: (تازىم قىلىپ) تىزغان سوز ئۈنچىلىرىڭىزدىن خەۋەردار بولدۇم، بارىكاللا! شىجائىتىڭىز-
گە قول قويدۇم. ئۇلۇق ھىممىتىڭىز ئۈچۈن جېنىم پىدا بولسۇن. جېنىمنى پىدا قىلىپ
تاغ باغرىنى تىلىمەن، تەشنا چول - جەزىرىنى سۇ بىلەن گۈلزار قىلىمەن. ئېچىلسا
چولدە گۈللەر، گۈل بەرگىگە قونغۇسى قۇشلار، گۈل شېخىدا خەندان ئۇرسۇن خوشال

بۇلبۇللار.

شىرىن: (پەرھاتنىڭ قىياپىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ) بارىكاللا باتۇر يىگىت، ھىممىتىڭىزگە! جېنىم پىدا بولسۇن ھەر بىر سوزىڭىزگە. (كېنىزەكلەرگە قاراپ) چېچىڭلار شاھزادىغا ئۈنچە - مەرۋايىت، ئوقۇڭلار ئۇنىڭ شەنىگە مەدھىيە - بېيىت.

[مۇزىكا چېلىنىدۇ. قىزلار پەرھاتنىڭ بېشىدىن ئۈنچە - مەرۋايىت چاچىدۇ. بىر شوخ قىز ئۇسۇل بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ. شىرىن پەرھاتقا شاراپ قۇيۇپ ھورمەت بىلەن تۇتىدۇ. پەرھات ھەممىگە تازىم قىلىپ ئىچىدۇ]

ئۇسۇلچىلار: (ناخشا، ئۇسۇل)

ئەي يىگىتلەر ئارسلانى قىلدىڭىز تەشرىپ قەدەم،
ساھىبى دەۋران بولۇڭ ھورى غىلمان ئىچىدە،
مەس بولۇڭ ئەرمەن قىزى قۇيغان شاراپنى ئىچىپ،
دەۋر سۈرگەيسىز مادام شەھرىيارلار ئىچىدە.

پەرھات: (شىرىننىڭ قولىدىن شاراپنى ئېلىپ) بېشتۇن تېغىدىن چىققان سۇ، مەن ئۈچۈن ياقۇت رەڭلىك شاراپ. ئۇ ماڭا قۇۋۋەت ھەم مەدەتكار!

ھۇدەيچى قىز: (تازىم قىلىپ) ئىشىك ئاغا كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ.

[ماھىن بانۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئۇسۇل توختايدۇ]

ماھىن بانۇ: كىرسۇن!

[ھۇدەيچى چىقىپ كېتىپ ئىككى نەپەر سىپاھىنىڭ ھىمايىسى بىلەن خىسراۋنىڭ ئەلچىسى كىرىپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شىرىننىڭ پەردىسى تارتىلىدۇ. ئەلچىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەلچى تازىم بىجا كەلتۈرىدۇ. ماھىن بانۇ خەتنى سەرمۇنشىغا ئۇزىتىدۇ. سەرمۇنشى تازىم قىلىپ خەتنى ئېچىپ ماھىن بانۇغا سۇنىدۇ. بانۇ خەتنى ئوقۇشقا بۇيرۇق قىلىدۇ]

ۋەزىر: (تەنتەنە بىلەن) باشلىنۇر بۇ نامە زەردۇش ئىسمى بىلەن، يەزۋەجۇد شەھرى يارلىقىنى يار قىلەمەن. سانىيەن نامىم ساسانىلار ۋارىسى بىننە نەۋشۇرۋان، تىمۇرۇسنىڭ ئوغلى خىسراۋ شاھى ئىران. قايىتا نامە يازدىم ئەي دەلىكە ئالغايسىز. بەلكى ئىشقى ئەھلىگە داۋا قىلغايسىز، ماڭا لازىم ئىدى بوۋام يولىنى تۇتماق. بۇنداق قىلىش ئەمەس ئىدى ئىختىيارىم، بۇزۇپ تاشلىدى چەرىغى كاج قالمىدى ھېچ ماجالىم. ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم ئاخىر. گەر بولسامۇ شاھلار ئالدىدا زەبۇنوھەقىر. بار ئىمەش يېنىڭىزدا شىرىن نامىلىق مەلەك، (پەرھات ھەيران بولىدۇ، ۋەزىرلەر پىچىرلىشىدۇ) دىمەك پەلەكنىڭ گەردىشى شۇنداق ئىكەن بىزگە ئامال يوق بەلكى بويسۇنماق ئىكەن. قوبۇل كورسىڭىز ئەي شاھى ئەرمەن، بىزنى قىلغايسىز ئوزىڭىزگە پەرزەنت. (پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ) پۈتۈن مادايىن سىزگە ھالال بولسۇن، تەختۇتاجىم سىزگە خارام بولسۇن. ئاۋالقى نامەمنى رەت قىپسىز ئەخىر. قايتىلاپ نامە يازدىم بىزنى كورمەڭ ھەقىر. ئەگەر ئوزرە ئەيتسىڭىز يەنە ئوزىڭىز بىلىڭ باشقىسىنى، خا ياخشىلىق خا يامانلىق

يۇرتىڭىزغا كەلمىشىنى. ئەگەر غەزەپكە كەلسەم قوشۇن تارتىمەن بېشىڭىزغا، ۋەيران قىلىمەن شەھرىڭىزنى. ئۇغا چۈشەر ئېشىڭىزغا. يۇرتىڭىزدا ئاققۇسىدۇر قان دەرياسى. پەلەكنى يارغۇسىدۇر خەلقنىڭ قىيا - چىياسى. ئۈممەت بىلەن نامە يازدىم قارشىلىقتىن قىلىق بەرمىز، مەكتۇپ يازدىم مادايىن شەھرىدىن خىسراۋ پەرۋىز.

شىرىن: (غەزەپ بىلەن) بارىكاللا بۇنداق شىجائەتكە!؟ بارىكاللا بۇنداق خىتابەتكە!؟

[پەرھاتنىڭ كوزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىدۇ. ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ يەنە ئولتۇرىدۇ. رەڭگى ئوڭۇپ كېتىدۇ]

شىرىن: بار ئىكەن چۈشىق ئۇرۇپ بۇلبۇلنى سايراتماق! بار ئىكەن قۇزغۇنلارنى گۈلشەندە يايراتماق؟!

سەرمۇنشى: باشتا سوزلىگەن كەمتەرلىك بىلەن ئەدەپنى، قوشماقچى بولغان كېيىنىك بىلەن سەدەپنى.

مۇنەججىم: (غەزەپ بىلەن) بىزگە مۇناسىپ ئەمەس بۇ خىل يارىشىش! يارىشىش ئەمەس بەلكى ئۇرىشىش.

شىرىن: (پەرھاتقا) ھورمەت قىلىپ بۇ خەتنى كورۇڭ! لايىق جاۋاپقا مەسلىھەت بېرىڭ!

پەرھات: (ئەلچىگە ئاۋازلىق قىلىپ) خىسراۋ ئۇچۇن مۇۋاپىق بۇ خىل خىتاپ! مېنىڭ پىكرىم بۇ ئەردى مەن بېرىمەن شۇنداق جاۋاپ!

ماھىن بانۇ: كوپ ياشاڭ، بەختىڭىز يار بولسۇن!

پەرھات: تۇرسا ئالدىمدا قوشۇن بىلەن سەل! ئۇرىمەن ئۇلارغا چاچىمەن ئەجەل!

شىرىن: (جانلىنىپ) يازىمىز بىزمۇ ئۇرۇشقا قارار، ئېيتىڭ خىسراۋغا: ئۇرۇشقا ئاتلانسۇن! مانا بىز ئەتە ئۈستىگە بارىمىز! كىم بەختلىك بولىدۇ، ئۇنى كورىمىز!

[ئەلچى ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ پەرھاتنىڭ قىياپىتىگە، سوز - ھەركىتىگە قاراپ ھەيران بولىدۇ. سەرمۇنشى خەتنى يېزىپ ماھىن بانۇ ۋە شىرىنلەرگە سۇنىدۇ، ماھىن بانۇ ۋە شىرىنلەر موھۇرلىرىنى بېسىپ سەرمۇنشىغا بېرىدۇ. سەرمۇنشى خەتنى ئېلىپ ئەلچىگە سۇنىدۇ]

شىرىن: (ۋەزىرگە) ئەلچىگە تون ۋە سەرپاي تەقدىم قىلىڭ، ئەلچىدە گۇنا يوق، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىڭ.

[ۋەزىر بىلەن ئەلچى چىقىپ كېتىدۇ]

ماھىن بانۇ: (روھلۇق قىياپەتتە مۇنەججىمگە) ئۇقتۇرۇڭ تۇغ بېگى، باشلىق سىپاھسالارغا! كېڭەش قىلىمىز، بارچە يىغىلسۇن بارىگاھلارغا!

[مۇنەججىم چىقىپ كېتىدۇ]

شىرىن: (تەختتىن چۈشۈپ) بۇيرۇڭ ھامما، بېتسۇندىكى ئىشلار توختىسۇن، شەھەر قەلئەلىرىنى تۈزۈتۈش ئۇقتۇرۇلسۇن. ئېچىلىك غەزىنىنى خەلق ۋە سىپاھلارغا، پۈتۈن يۇرت بارلىق شاھى - گادايلارغا. يەنە ئېيتىڭ پەرھات بىلەن ئومەكلەشسۇن، ئۇرۇش مەسلىھەتى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىلەن كومەكلەشسۇن. تەقدىم قىلسۇن شاھزادىغا ساۋۇت، قالقان ھەمدە ئالتۇن دۇبۇلغا ئوقيا، بازغان. ياۋدىن خەۋەردار بولسۇن شەھەر - قىشلاقتىكى پۇقرا، مەغلۇپ بولسۇن بۇ ئەلدە خىسراۋ ۋە گۇمرا.

[مۇنەججىملەر ئورە تۇرۇپ تازىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ھەر

[تەرەپتىن بۇرغا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شىرىن تەخت ئارقىسىدىكى پەنجىرە پەردىسىنى ئېچىپ سىرتقا قارايدۇ. تاغ گۈللىرى ئارىسىدا ھەر خىل تۇغ - ئەلەملەر كۆرۈنىدۇ، نەيزە، قالقان، دۇمباق، بۇرغا ئاۋازى ئوردىنى زىل - زىلىگە كەلتۈرىدۇ. شىرىن پەنجىرىدىن ئۇرۇۋاتقان مەيىن شامالدا خىيال سۈرۈپ تۇرىدۇ]

شىرىن: (ناخشا)

ئەي سۆيۈملۈك تاغلىرىم كوكسۈڭدە مەن شادمان ئىدىم،
باغلىرىڭدا ئەندەلىپتەك سەن ئۈچۈن خەندان ئىدىم.
ھەرنە قىلسام سەن ئۈچۈن ئەردى توختاۋسىز قوبۇل،
ھەر تىلەك قىلسام يېتەردىم لايىقى ئېھسان ئىدىم.
تاغلىرىڭ جەننەت ئىدى پەرزەنتلىرىڭ ھورى مەلەك،
سەن ئۈچۈن جانلار پىدا سەدىقى قۇربان ئىدىم.
ئا ھىكىم زالىم پەلەك قىلماقچىمۇ سەندىن جۇدا،
ھەۋزى كەۋسەردەك سۆيۈڭدە لايىقى مېھمان ئىدىم.
قان كېچىپ ھەم جان بېرىپ كوكسۈمدە ئاسرايمەن سېنى،
ئاشىقىم پەرھات بىلەن باغرىڭدا مەن جەۋلان ئىدىم.

[پەرھات ھەربى ئەسلىھە كىيگەن، قالقان، ئوقيا، قىلىچ بىلەن قوراللانغان ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. قىزلار پەرھاتنىڭ بېشىدىن زەر چاچىدۇ. شىرىن پەرھاتقا شاراپ تۇتىدۇ]

پەرھات: (جامنى ئېلىپ) ئەرمەن شارابىنى ئىچىپ، ئەرمەن ئېلى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرىمەن.

ۋەزىر قىزلار: ئاپىرىن ھىممىتىڭىزگە، تەشەككۇر شىجائىتىڭىزگە!

[پەرھات شاراپنى ئىچىپ تازىم قىلىدۇ. سىرتتا كىشىلەر توپلانغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ، تۇۋلىباز، بۇرغا چېلىنىپ ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلىنىدۇ. شىرىن پەرھاتنى پەنجىرە يېنىغا ئېلىپ كېلىدۇ]

شىرىن: باتۇر ئەزىمەتلەر! مۇقەددەس زېمىنىمىزگە قەدەم باسقان ياۋنى يوقۇتۇڭلار!

[سىرتتىن "ئۇلۇق زېمىنىمىزنى قوغداشقا جېنىمىز پىدا" دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ]

پەرھات: ئېزىز ۋەتىنىڭلارنى جان بىلەن قوغداڭلار!

[سىرتتىن "جېنىمىز پىدا، ئۇررا، ئۇررا، ئۇررا!" دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ئوردا ئەتىراپى جانلىنىپ دۇمباق ساداسى ياڭرايدۇ]

ماھىن بانۇ: (ئورنىدىن تۇرۇپ) شانلىق شاھزادە ئامان بولغاي، بەخت - دۆلىتىڭىز ھەمىشە يار بولغاي، سىزنى ئوردا كېڭىشىگە تەكلىپ قىلىمىز، ئىنتىزاردۇر بارلىق سىپاھ، قىلغايسىز قەدەم تەشرىپ!

پەرھات: (ئېگىلىپ تازىم قىلىپ) ئېلىڭىز ئۈچۈن پىدا بولسۇن جېنىم، دەريا بولۇپ ئاقسىمۇ مەيلى ئىسسىق قېنىم. بۇيرۇڭ، ئەمىر قىلىڭ كېڭەشكە بارىمەن، لەشكەرلىرىڭىز بىلەن ياۋ كوكسىنى يارىمەن. (جەڭ دۇمبىقى ساداسى ئىچىدە ھەممە چىقىپ كېتىدۇ)

— پەردە

# تۆتىنچى پەردە

[كەڭرى مەيدان. يىراقتا ئەرمەن شەھرىنىڭ سىپىلى. بىر تەرەپتە قارىغايلىق تاغ. تاغ ئېتىگىدە خىسراۋنىڭ چىدىرى. ۋەزىر، غۇلاملار خىسراۋغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. يىراقتا چىدىر ـ بارگاھلار، تۇغ ـ ئەلەملەر كۆرۈنىدۇ. جەڭ ساداسى بىلەن پەردە ئېچىلىدۇ]

خىسراۋ: (ياسمەنگە) بۇ غەلىتە ھال، بار ئىمىش پەرھات ئاتلىق بىر گاداي، ھىملە بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ بەرمەكچىمىز جازا. ئۇنى قولغا چۈشۈرسەك بېشىغىدىن زەر چاچىمەن. كەسرى غەزىنىسىنى يۈزۈڭگە ئاچىمەن.

[ھاسا تۇتقان، چاچلىرى ئاقارغان، مۈكچۈيۈپ قالغان كورۇمسىز ئايال — ياسمەن خىسراۋغا تازىم قىلىدۇ]

ياسمەن: بارىكاللا شاھىم، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن بۇئان، مېنىڭ ھىلىلىرىمدىن ھەتتا پانا تىلەر شەيتان. جادىگەر، ئەپسۇنچى ماڭا شاگىرت بولالماس. رۇستەمدەك پەھلىۋان مەن بىلەن تەڭ تۇرالماس. زەردۇشتىن مەدەت سوراپ سېنى ياد قىلىمەن. پەرھاتنى تۇتۇپ كېلىپ كۆڭلۈڭنى شات قىلىمەن. (تەنتەكلەرچە مېڭىپ بويىنىدىكى بۇتنى سۆيىدۇ)

خىسراۋ: (بۈزرۈك ئۈمۈتقا قاراپ) تۇتۇش قىلىڭلار، ۋاقىت ئۆتمىسۇن! پەرھات نادامىق مەجنۇن ھاياتىمىن ئۈمۈت كۈتمىسۇن.

[بۈزرۈك ئۈمىت بىلەن ياسمەن تازىم قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ]

خىسراۋ: (خاتىرجەم بولۇپ) كەلتۈرۈڭلار جام جەمشەددىن شاراپ! بىر مەجنۇن ئۈچۈن ۋۇجۇدۇم بولمىسۇن خاراپ. شاراپ ئىچسەم شىرىنىڭ لەئلۇ ـ لېۋىدىن، قىساس ئالغايمەن بادۇ ئېلىدىن.

[بىر غۇلام ئاجايىپ جام بىلەن شاراپ كەلتۈرىدۇ]

خىسراۋ: تەشنالىق بىلەن ئىچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ مەسلىك ۋە غالجىرلىق بىلەن دەيدۇ) زەردۇش نامىدىن قەسەم قىلىمەن، مۇشۇ شەمشىرىم بىلەن پەرھاتنى قەتىل قىلىمەن. ھا، ھا... (يېنىدىن قىلىچىنى سۇغۇرۇپ چىدىرنىڭ تۈۋرۈكىگە ئۇرىدۇ. باشقىلار تىترەپ كېتىشىدۇ)

ھۆدەيچى: (تازىم بىلەن) جەڭ مەيدانى تۇغ بېگى شاھزادىدىن خەۋەر! (خەتنى سۇنىدۇ)

خىسراۋ: (بۈزرۈك ئۈمۈتقا قاراپ) ئوقۇلسۇن!

بۈزرۈك ئۈمۈت: (خەتنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ) ئۇلۇق شاھىمىز ئامان بولغاي، بۈگۈن جەڭ يەنە قىزىماقتا. تاغ ـ دەريالار قانغا بويالماقتا. سالاسىل قورغىنى قولغا ئېلىندى، ياۋلە شكىرىنىڭ باغرى تىلىندى.

خىسراۋ: ھا ... ھا ... ئوقۇ!

بۈزرۈك ئۈمۈت: لېكىن نۇرغۇن باشلار چۈشتى تۇپراققا، تاغ ۋادىسى توشتى جەسەت بىلەن قالپاققا. ئاڭلىساق بانۇ تەرەپتىكى ھېلىقى يىگانە، ئەقىل ھۇشسىز كورۇنىشى دىۋانە، ھۇجۇم قىلماقتا بىزگە تاغدىن، گايى چولدىن، گايى باغدىن.

[خىسراۋ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ]

بۈزرۈك ئۈمۈت: نۇرغۇن باشنى ئايرىدى تاجىدىن. يەنە ئايرىدى نۇرغۇن باشنى تەنىدىن. زادى

ئۇ دىۋىنىۇ، ئادەممۇ ئۇقالمىدۇق، تاقابىل كېلەلمىدۇق ئۇنىڭ بىلەن قىلىپ جەڭ. ئامال بولسا قىلساق ھىلە بىلەن نەيرەڭ. مەشرۇت قىلغايمىز، مەدەتكارىمىز بولغاي زەردۇش. نامە يازدىم ئوغلىڭىز شىرۋىياۋىنىنى تېپىڭىز.

خىسراۋ: (ۋاقىراپ) بەس! بىر ئەر ئۈچۈن قىلدۇق نۇرغۇن قوشۇن تەييار، يەنە ئېھتىياتلىق ھە-لىگەر ئەپسۇنچى ئەييار.

بۇزرۇك ئۈمۈت: (تازىم بىلەن) ياسىمەن ھىلىسىدىن ھەر قانداق ئىش بولىدۇ ئاسان. مىڭ باشنى تاجىدىن، تەننى باشتىن قىلۇر سەرسان. ياسىمەن بەلكى پەيت كۈتۈپ تۇرغاندۇر، ئۇ ماداينىدا نامدار دەللالە. شەيتاندىن ساۋاق ئالغان ھىلىگەر مەككارە.

ھۇدەيچى: (ئالدىراپ كىرىپ) ئۇرۇش مەيدانىدىن يەنە كەلدى خەۋەر! ئارقىدىن چېپىپ كەلدى شاتۇر بىلەن نەۋكەر.

خىسراۋ: (ئەندىكىپ) يەنە نىمە ئەھۋال؟ كىرسۇن! (ئەرمەن قىزلىرىدەك ياسانغان ياسىمەن توت ئەسكەر بىلەن پالازغا ئورالغان پەرھاتنى تەختنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. خىسراۋ ھەيرانلىق بىلەن ياسىمەنگە قارايدۇ.]

ياسىمەن: (تازىم بىلەن) مەن، ھەييارىڭىز ياسىمەن (يۈزىدىكى گىرىم، نىقابلىرىنى ئېلىۋېتىپ يەنە تازىم قىلىدۇ) بۇ پەرھات! مەن تۇتۇپ كەلدىم.

[خىسراۋ باشلىق ھەممە ھەيران قېلىشىپ ئورۇن - تورۇن بولۇپ كېتىشىدۇ]

خىسراۋ: (خوشاللىق بىلەن) تەھسىن ساڭا! جەڭ بىلەن بۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن ئىدۇق. نەيرەڭ بىلەن تېزلا قولغا چۈشۈردۇق. (پەرھاتنىڭ باش - ئايىغىغا نەزەر سېلىپ) قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈردۈڭ؟

ياسىمەن: ئاشىققا مەشۇق ئەلچىسى بولۇپ، شىرىن نامىدىن ئۇنىڭغا گۈل كەلتۈرگەن بولۇپ.

خىسراۋ: ھە!... ئۆلۈكمۇ بۇ؟

ياسىمەن: تىرىك. پەقەت ھوشسىز.

خىسراۋ: ھوشىغا كەلتۈر ئۇنى كورەي، سوز سوراپ ئۇنىڭ كىملىگىنى بىلەي.

ياسىمەن: شاھ، بۇنىڭ پۇت - قولىغا ئاۋال تاقاق سېلىڭ! ئاندىن بۇنىڭ ھالىنى بىلىڭ.

خىسراۋ: پۇت - قولىغا تاقاق سېلىڭلار، دورا بىلەن ئاندىن ھوشىغا كەلتۈرۈڭلار.

[بۇزرۇك بىلەن باشقىلار تاقاق كىشەن سالىدۇ. ياسىمەن يەڭ ئىچىدىن دورا چىقىرىپ بۇرنىغا پۈركىدۇ. پەرھات ھوشىغا كېلىپ توت ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ خىسراۋغا قارايدۇ]

پەرھات: كىم كەلتۈردى مېنى بۇ يەرگە؟

ياسىمەن: مەن!

پەرھات، (ياسىمەنگە قاراپ) ئىبلىس، لەنەت ساڭا!

ياسىمەن: تارت تىلىڭنى، (خىسراۋنى كورسىتىپ) شاھىم بار!

پەرھات: (خىسراۋغا قاراپ) شاھ ئەمەس مەلئۇن چەررەندە!

خىسراۋ: (غەزەپ بىلەن) قەيەردە تۇرىسەن ئى مەجنۇن!

پەرھات: مەجنۇنلار قەيەردە ۋەتەن تۇتسۇن.

خسراۋ: نىمىدۇر ساڭا ئالەم ئىچىدە ھۈنەر؟

پەرھات: ئىشقى ئوتىدا دائىم كويمەك جىگەر.

خسراۋ: ئىشقى ئوتىدىن سۆزلىگىن ئەپسانە؟

پەرھات: كىشى كويمەي تۇرۇپ ئۇندىن تاپماس نىشانە.

خسراۋ: ئىشقى بىلەن كويۇشنى بىزگە قىل مەلۇم؟

پەرھات: ئىشقى ئوتىدا كويۇشتىن تاج ئىگىلىرى مەھرۇم.

خسراۋ: قاچاندىن بېرى ئىشقى ئارا يۈرسەن؟

پەرھات: تېپىشقاندىن بېرى جان بىلەن تەن.

خسراۋ: ئەمدى سەن ئىشقى يولىنى قىل ئىنكار!

پەرھات: سەن ھەم قىل بۇ سۆزۈڭگە ئىستىغپار.

خسراۋ: ئاشىققا ئەڭ ئېغىر نەرسە نىمەدۇر؟

پەرھات: جۇدالىق كۈنلىرى بالادەك قىيىنغۇچىدۇر.

خسراۋ: ئىشقى ئەھلىنىڭ تىرىكلىكى نىمەدۇر؟

پەرھات: يارنىڭ شەپقىتى بىلەن ۋەسلىدۇر.

خسراۋ: سويگۈڭنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىزھار قىل!

پەرھات: ئىسمىنى ئاتاشقا ئاجىز كېلەر تىل.

خسراۋ: ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى قىلامسەن ئارزۇ؟

پەرھات: ئۇنىڭ خىيالى بىلەن كوكسۇم يارىغۇ.

خسراۋ: ئۇنىڭ ھەسەل لېۋىدىن باشقىلار بەھرى ئالسا نىمە دەيسەن؟

پەرھات: ئۇ ھەسەلدىن باشقىلارنىڭ نېسىۋىسى زەھەر بولىدۇ دەيمەن.

خسراۋ: ياقۇت لەۋلىرى جېنىڭنى ئالسا نىمە دەيسەن؟

پەرھات: مەن دائىم شۇنداق تىلەك قىلىمەن.

خسراۋ: ئەگەر كوكسۇڭنى يارا قىلسا نىمە قىلىسەن؟

پەرھات: قەلبىمنىمۇ پارە قىل دەپ تۇتىمەن.

خسراۋ: سېنىڭ ئىشقىنى ئۇنۇتقىنىڭ ياخشى.

پەرھات: سېنىڭ بۇ سوزنى قىلمىغىنىڭ ياخشى.

خسراۋ: ئىشقىڭنى تاشلا، ساڭا دۇنيا بېرىمەن.

پەرھات: نىمە ئۈچۈن كىمىيانى يەرگە ئۇرىمەن.

خسراۋ: شاھقا شېرىك بولىمەن دەپ قىلما داۋا.

پەرھات: ئىشقى ئەھلىگە ئوخشاشتۇر شاھ، گادا.

خسراۋ: بۇ ئىشتىن جېنىڭغا يەتكۈسىدۇر ئىلەم.

پەرھات: ئىشق ئەھلى ئوز جېنىدىن چەكمەس غەم.

خسراۋ: مەنىمەپ بېرەي بۇ ھەۋەسنى ئۇنۇت.

پەرھات: سەن ھەم بۇ تىلەكتىن ئوزەڭنى سوۋۇت.

AltunOq

خىسراۋ: ئىشقىڭ ئۈچۈن سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن.

پەرھات: مەنمۇ شۇ يول بىلەن ئارزۇ ـ تىلەككە يېتىمەن.

خىسراۋ: بۇ ئىشتا سەندىن ئۆلۈم ئەمەس يىراق!

پەرھات: بۇ سۆزۈڭدىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراق.

خىسراۋ: (غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ) مەندەك بىر شاھقا بۇنداق بىر مەجنۇن، پۇت ـ قولى باغلاقلىق بولۇپ تۇتقۇن، ھاياتىنىڭ كۈچىدىن شاخلىرى سۇنغانىدا، تەرسالىق بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ ئالدىمدا. بۇنىڭغا لايىق سىياسەت بىلەن جازا، قىلمىسۇن بۇنداق ئىشنى ئۆزگە گاداھ. تىكىڭ پەلەككە تاقاشقىدەك ئېگىز دار، تاكى ئەرمەن ئېلى بۇنى كورسۇن، ئىبرەت ئالسۇن بۇنىڭ ھالىدىن قايتسۇن قارشىلىق خىيالىدىن. زەنجىر بىلەن باغلاپ دارغا ئېسىلسۇن! توت ئەتراپىدىن ئوققا تۇتۇلسۇن. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كاتتا ئوت يېقىڭ، كويدۇرۇڭ ئۆلۈكىنى، شۇنداق كۆل قىلىڭ.

پەرھات: (چوڭ قەدەم بىلەن مەردانە مېڭىپ) ھا... ھا!... بۇنداق بولىدىكەن شاھ، شاھ ئەمەس بەلكى بىر گۇرۇھ ئەبلەخلەر بىر تۇتقۇنغا قىلىپ سىياسەت. ھوكۇم ئۈچۈن بۇ يەڭلىغ جاسارەت. مەن قىلدىم دۈشمەنلەرنى زەبۇن، دۈشمەن قىلدى مېنى تۇتۇشقا مىكرى پۇسۇن. بىر ئەسىرنىڭ پۇت ـ قولى باغلاقلىق، پۇت ـ قولى ئەمەس تىلى ھەم باغلاقلىق. شاھ بېرىپتۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان، تىلىگىم شۇ ئىدى، مەندە قالمىدى ئارمان. ئەگەر پەلەك قىلسا ماڭا مىڭ خىل زۇلۇم خىيانەت، قىلماس ئىدىم پەلەك ئۈستىدىن شىكايەت. مەن ئۆلۈمنى جۇدالىقتىن كورسەممۇ ئارتۇق. (خىسراۋنىڭ ئالدىغا جەسۇرانە كېلىپ) ئەگەر چىنغا شاماللار يۈرۈپ بۇ ھادىسىدىن خەۋەر يەتسە، خاقان ئاڭلاپ ھوش دىماغىدىن ئۇچۇپ كەتسە، قانداق غۇربەت ئىچىدە قېلىپ ئۆلگۈنۈمنى، پەرۋىز قولىدا خورلۇنۇپ يۈرگىنىمنى، دەرھال ئۇنىڭ كوزىگە دۇنيا تار كېلىپ، ئەگەر كەلسە سىپاھى لەشكەرنى ئارقىغا سېلىپ، ئۇچاغدا سېنىڭ جېنىڭ قۇتۇلۇپ قالالماس، ھىلە ـ نەيرەڭلىرىڭ كارغا يارىماس.

ياسمەن: بۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ بەرى يالغان! قەيەردە ئۇ باتۇر، قەيەردە خاقان؟ بۇنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭ. بۇيرۇقنى ئورۇنداڭ زادى كېچىكمەڭ.

[خىسراۋ پەرھاتنى ئېلىپ چىقىشقا ئىشارەت قىلىدۇ. سىپاھلار پەرھاتنىڭ قېشىغا كېلىشىگە پەرھات جاسارەت بىلەن قەدەم تاشلايدۇ]

خىسراۋ: (روھسىز ھالدا) يا زەردۇش! بۇنىڭ سۆزلىرى نىمە دىگەن دەھشەت!

بۇزرۇك ئۈمۈت: ئەي شاھى ۋالاج! بىر مەجنۇننى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئەمەستۇر لايىق، غەۋغا چىقىپ قالمىسۇن ئاڭلىسا خالايىق. ھازىرچە تۇتقۇن بولۇپ تۇرسۇن تاغ ئىچىدە، غەۋغا بېسىلغاندا ئۆلتۈرىمىز تاغ ئىچىدە.

خىسراۋ: (خىيال بىلەن) نىمە ئۈچۈن؟

بۇزرۇك: بىر مەجنۇن تۇرۇپ خاقاندىن سۆزلەيدۇ. ئېھتىمال ئۇ، چوڭ بىر غەۋغا چىقىشنى كۆزلەيدۇ. بىر قانچە كۈن ئەتراپتىن خەۋەر ئالايلى، ئەل ئىچىدە تارالغان گەپكە قارايلى.

خىسراۋ: (ئەندىشىلىك بىلەن) ئۇنداق بولسا سېنىڭچە بولسۇن.

[بۈزرۈك ئۈمۈت چىقىپ كېتىدۇ]

خىسراۋ: دانىشمەن موماىغا تەقدىم قىلىڭلار ئالتۇن تاج، ئوردىدا بولسۇن كىيىپ خانىشلىق دەۋراج. چېلىنسۇن موماي شەنىگە دۇمباق تىۋىلىباز! (داپ - دۇمباق چېلىنىدۇ)

— پەردە

## بەشىنچى پەردە

[ھەيۋەتلىك سالاسىل دۆۋىنىڭ قورغىنى. ئەتراپ سىپىل، پوتەيلەر بىلەن ئورالغان. ئېگىز تاغلار، قىيا تاشلار، قورقۇنۇچلۇق ئوڭكۈرلەر. قەلئەدە قاراۋۇللار. پەرھاتنىڭ چاچ - ساقاللىرى ئوسكەن. ئۇ يېرىم يالىڭاچ، پۇت - قولىدا كويزا - كىشەن. تاش ئۈستىدە ناخشا ئېيتىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ]

پەرھات: (ناخشا)

مېنى ھەر زامان ئېزىپ، ئې پەلەك بۇ جاپا بىلەن زۇلۇمىڭ نەدۇر.
كويىدۇ پىراق ئوتىدا يۈرەك يەنە بۇ غەمۇ - ئەلەمىڭ نەدۇر.

قاراۋۇل ئا: ھەي يىگىت، كوكنى ئايلانغۇچى ئەنقا قۇشى خالىغان يېرىگە بارالايدۇ، خالىغان جايىدا تۇرالايدۇ. سېنىڭ يۈزۈڭدىن ئاشىقلىق نۇرى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر ناخشاڭدىن سۇنۇق دىلىمىز يورۇيدۇ.

قاراۋۇل ب: پىدا بولسۇن ساڭا بىزنىڭ جېنىمىز. يولۇڭدا توكۇلسۇن ئىسسىق قېنىمىز. ئەمدى كوڭلۇڭ قەيەرنى خالىسا كېتىۋەرگىن، يوق كارىمىز سەن بىلەن، ئىستىگىڭگە يېتىۋەرگىن.

پەرھات: ئەي، مەن پەلەكنىڭ گەردىشىدىن قىينالغان بىچارە، بۇ يەردىن كېتىشكە مەندە يوق چارە. مەن كېتىپ سىلەرنى خىسراۋ ئازاۋىغا سالمايمەن. سىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن، ھېچ يەرگە بارمايمەن.

قاراۋۇل س: ئۇنداق بولسا مانا كىشەن ئاچقۇچى، قۇتۇلساڭ كىشەندىن، كوڭلىمىز ئارام تاپقۇسى. (يېنىدىن بىر قانچە ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئالدىغا تاشلايدۇ)

قاراۋۇل ئا: بۇگۇندىن باشلاپ سېنىڭ بىلەن كارىم يوق. ئازات بولدۇڭ، ئىختىيار ئوزەڭدە، كوڭلۇڭ بولسۇن توق.

پەرھات: رەخمەت قەدىردان دوستلار! قوبۇل كورسەڭلار بۇ جاپا تېغىدا بىللە ئوتەيلى. ئەگەر رەھىمە قىلسا پەلەك بىزنىڭ ئەلگە بىللە كېتەيلى.

قاراۋۇللار: دۇرۇس، دۇرۇس ئېيتتىڭ. (پەرھاتنىڭ كىشەنلىرىنى چېقىپ تاشلايدۇ. پەرھات ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇت - قولىنى ھەركەتكە كەلتۇرۇپ، چوڭ نەپەس ئالىدۇ ۋە كىشەننى قولىغا ئېلىپ دەيدۇ)

پەرھات: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن بىلەن بىرگە ئىدىڭ، ئەپۇ قىل، ئاشىق بولسا شۇنداق ئىكەن، مېنى قىلما خىجىل. (كىشەن - كويزىلارنى يىراققا تاشلايدۇ)

[شاپۇر ئالدىراش كىرىدۇ]

شاپۇر: سالام، قەدىرلىك سۇلتانىم پەرھات!

[پەرھات شاپۇرنىڭ ئۇچىسىدىكى جەڭ كىيىملىرىنى كورۇپ ھەيران قالىدۇ ۋە قۇچاقـ لىشىپ كورۇشىدۇ]

شاپۇر: قانچە كۈن بولدى جەڭ بىلەن كىپلەلمىدىم.

پەرھات: مەرھابا دوستۇم.

شاپۇر: ئەرمەن ئېلى خىسراۋ قىلىچى بىلەن بولدى خاراپ، شەھەر ئىچى دۈشمەندىن تارتـ ماقتا ئازاپ. ئاخىرى ئۇرۇش ئۈستىدە شىرىن مېنى چاقىردى، ئۇز مەقسىدىنى ماڭا بىلدۈردى. خەت يازدى كوز يېشىنى قىلىپ سىيا، كىرپىگىنى قەلەم، راھەت دەيدۇ سەن ئۈچۈن تارتسام ئەلەم. (يېنىدىن خەتنى چىقىرىپ پەرھاتقا سۇنىدۇ. پەرھات تاـ قەتسىزلىك بىلەن خەتنى ئوقۇيدۇ)

پەرھات: ئەسسالام سىزگە جانۇ ـ جانىم! ۋەسلىم سىزگە مۈلكى خاقانىم، ئەي كوزۇمنىڭ بىباھا گەۋھىرى، يۈرەك باغرىمنىڭ تارىسى ھەم رىشتىسى، مېنى دەپ جاپا تېغىدا نىملەرنى كورگەنسەن؟ ئېغىر ئازاپ بىلەن قانداقمۇ ھايات كەچۈرگەنسەن؟ بىلمەن مەرتلەرنىڭ ئارسىلانى ئىدىڭ، ھەمدە ئاجىز تېنىمنىڭ مادارى ئىدىڭ. كاشكى تاغ ئىچىدە بىرـ گە بولسام ئىدىم، ئاھلىرىڭغا مەنمۇ قوشۇلسام ئىدىم. تەشنا بولغان چېغىڭدا لەۋلىرىڭـ نى جام قىلسام، ئىشقى ئەھلىگە لايىق ۋاقتىڭنى خىرام قىلسام. ئەپسۇسكى سېنى مەنـ دىن ئايرىدى بۇ چەرغى كاجەرەپتار. ئىشقى ئەھلىنىڭ قاتىلى خىسراۋ بەرگىردار. ئىككىمىزنىڭ ۋەدىسى چولگە سۇ كەلتۈرۈش ئىدى، بۇلبۇل ئاشىققا گۈل مەشۇقىنى يەتكۈزۈش ئىدى. ھىلىگەر خىسراۋ چۈشتى ئارىغا، قىلىچ بىلەن يەتمەكچى ئۇ مىرادىـ غا. مەن ئۇنىڭ تەقدىرىگە قارشى چىقماقچى، سەن بىلەن چىن ئېلى خوتەنگە كەتـ مەكچى. يەنە سېنىڭ ئارزۇيىڭ بويىچە ئىش قىلىمەن، سەن بىلەن چىن زىمىنىنى ماكان قىلىمەن. خۇش سائەتتە خېتىمنى قوبۇل قىلدىڭ، قورشاۋ ئىچىدە قالغان ۋاپاـ دارىڭىز شىرىن.

پەرھات: (روھلۇق ۋە جاسارەت بىلەن) ئاپىرىن قەھرىمان شىرىنگە. لايىقتۇر ئاپىرىن ۋە تەھـ سىنگە. (شاپۇرغا ئېسىلىپ) مەن ئۈچۈن جاپانى كەسىپ قىلغان ئۇلۇق ئالىم، بەختىسىز پەرھات ئۈچۈن كوپ جاپا چەكتىڭ. دەھشەت ـــ چوللەرنى مەن ئۈچۈن ماكان ئەتـ تىڭ. ۋاپادارلىقىنىڭ قائىدىسى شۇنداق بولىدۇ. مەردۇ ـ سادىقتىن شۇنداق ۋاپا كېلىـ دۇ. كەلتۈرگەيسىز ماڭا قەغەز ـ قەلەم، خەت يازاي ئۇل زىباغا، چەكمىسۇن ئەلەم.

شاپۇر: تەييار، مەندە سىيا ۋە قەلەم. (يېنىدىن چىقىرىپ بېرىدۇ)

پەرھات: ئەي بالالارنىڭ تۇتقۇنى پەرھات! مەشۇقىڭ يوقلىمىشتۇر بولغىن سەن شات، مەرھەـ مەت ئەيلىمىشتۇر ساڭا دىلدار. لەۋھە ئىشقىغا قىل بۇ خەتنى تۇمار (خەتنى كوكـ سىگە باسىدۇ)

پەرھات: (ناخشا)

نامە كەلدى يارىمدىن بارماق خىيال ئىستەر ئىدىم.
بۇ سۆيۈنچە كۆڭلگە يەتمەك ئېھتىمال ئەيلەر ئىدىم.
شۈكرى كىم يەتتىم تىلەككە ھەر ۋىسال ئەيلەر ئىدىم.
بۇ خەۋەرلەر چارىسىز دەردىمگە دەرمان ئەيلىدى.
ھەم بۇزۇلغان بۇ كوڭۈلنى گويا گۈلۈستان ئەيلىدى.
گەرچە باغرىمنى مۇرۇۋۋەتسىز پەلەك قان ئەيلىدى.
ماڭا بۈگۈن ئول نىگارىم لۇتپى ئېھسان ئەيلىدى.
توغرا كەلدى بەختىم ھەر نەرسە پال ئەيلەر ئىدىم.

قاراۋۇل ئا: بىزدىن ئايرىلىپ خەيرلىك بولسۇن يولۇڭلار! كورۇشەلمىسەك ھەر جايدا ئامان بولۇڭلار!

قاراۋۇل ب: بىز بۈگۈندىن باشلاپ بۇ جايدىن كېتىمىز، بېرىپ تاغ - دەشتلەرنى ماكان قىلىمىز!

پەرھات: خەير، مەن ئۈچۈن كوپ چەكتىڭلار جاپا، ھەممە قىلدىڭلار ۋەدەڭلەرگە ۋاپا.

[قاراۋۇللار كوز يېشى قىلىشىپ پەرھات، شاپۇرلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىدۇ]

شاپۇر: (پەرھاتنىڭ خېتىنى قوينىغا سېلىپ) خېتىڭنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن شىرىنغا. ئېلىپ كېلىپ شىرىننى يولغا سالىمەن دىيارىڭغا! (پەرھات بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇ. پەرھات شاپۇرنىڭ ئارقىسىدىن زوق بىلەن قارايدۇ. شۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن ئاياللىنىڭ يىغلىغان مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ)

ياسمەن: (سىرتتىن) ھەي مەلىكەزاھان شىرىن، قىلدىڭ ئەپسۇس تەركى جاھان شىرىن. كەتتىڭ ئالەمدىن ئى گۈزەل شىرىن، ساڭا رەھىم قىلمىدى ئەجەل شىرىن، شىرىن - شىرىن، گۈزەل مەلەك شىرىن! شىرىن - شىرىن! جېنىمغا كومەك شىرىن! (موماي قىياپىتىدە ياسانغان ياسمەن قولىدا ھاسا، ئوشنىسىدە تۇلۇم، كىيىملىرى جۇل - جۇل بىر ۋەيرانە قىياپەتتە يىراقتىن پەيدا بولىدۇ. پەرھاتنى كورۇپ روملى بىلەن يۈزىنى يېپىپ يانداپ ئوتمەكچى بولىدۇ)

پەرھات: ئەي جاپا چولىدە ئاۋارە! دەرت بىلەن باغرى داغلانغان بىچارە! ئېيتقىن بۇ نىمە ئىش، نىمە ھال؟ يىغان قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى قىل ئىزھار.

ياسمەن: سىز ماڭا نامەرەم يىراق تۇرۇڭ، ئولەر ۋاقتىمدا ئۆز يولۇمغا قويۇڭ.

پەرھات: شەھەر ئىچىدە نىمە خەۋەر، ئېيتقىنا؟

ياسمەن: ئەي ئىشقى ئەھلىنىڭ پادىشاھى، سەن مېنى قويما ئۆز يولۇمدىن، خىسراۋ قوشۇنى قۇتۇلالمىغان سېنىڭ قولۇڭدىن. ئاۋال تەڭرىنىڭ خاھىشى كېيىن ئايلانغۇچى پەلەك! تۇتقۇن بولدى خىسراۋغا مەشۇقىڭ مەلەك. ياۋ باستۇرۇپ كىردى شىرىن ئوردىسىغا، گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى ئوردا ھەم بىنالار، شەھەرنى قاپلاپ كەتتى قىيا - چىيالار. ئوردا ئىچىدە بىر كېچە - كۈندۈز قىرغىن باشلاندى. بانۇ ۋەزىرلىرى بىلەن كۈل قىلىپ تاشلاندى. شىرىن ئولتۇرۇلدى خىسراۋ قولىدا. مەن باياۋاننى ماكان قىلماق-

چى ئۆتنىڭ يولىدا. جان ئۈزەر ۋاقتىدا تىلىغا ئالدى نامىڭنى، «پەرھات، پەرھات» دەپ ئىسمى زاتىڭنى. سەن خەۋەرسىز بۇ جايدا يۈرۈيسەن، بەلكى باشقا مەشۇق ئىزدەشنىڭ كويىدا سەن. مەشۇق ئۈچۈن ئاشىقنىڭ يولى شۇمىدى؟ ئەرلەر تائىپەسىنىڭ كۆڭلى شۇمىدى؟ خەير، ئىشرەت قىل تاغ ۋادىسىدا يولۇڭ بولسۇن! سېنى دىگەن ھور قىز بىلەن تويۇڭ بولسۇن!

پەرھات: نىمە؟! شىرىن ئۆلدى؟ شىرىن! ئاھ شىرىن! (ئاستا ـ ئاستا تاشقا يۆلىنىپ قالىدۇ. جۈرئەت قىلىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ ياسەمەننى تونۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ مېڭىشىغا ياسەمەن تاش بىلەن پەرھاتنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. پەرھاتنىڭ باش ـ كۆزى يېرىلىپ قان ئاقىدۇ. ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ)

ياسەمەن: (پەرھاتنىڭ بېشىغا كېلىپ) سەنمىدىڭ خىسراۋ بىلەن ئۇرۇش قىلغان؟ مېنىڭ مىكىرىمگە كىم چىدار بۇ زامان؟ ھىلە ـ مىكرىمدىن پانا تىلەر شەيتان. ھا! ھا! ھا!...

پەرھات: (غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن تۇرالمايدۇ. ياسەمەنگە قول سۇنۇپ) ھەي رەھىمسىز مەلئۇن! مەن ئىدىم ئۆز ئىشىم بىلەن بىچارە. ھىلە بىلەن باغرىمنى قىلدىڭ پارە ـ پارە، تىلىگىڭ شۇمىدى ئىچ قېنىمنى توي! لېكىن باشقىلارغا ھىلە ـ مىكرىڭنى قوي! (ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇپ قولىنى سوزىدۇ) شىرىن! شىرىن! ئاھ شىرىن!

[پەرھات يىقىلىشىغا ياسەمەن يەنە بىر يوغان تاشنى ئېلىپ پەرھاتنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. پەرھات جان ئۈزىدۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقىدۇ. ياسەمەن ئۆز ـ ئۆزىدىن قورقۇپ تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ قاراپ ئالدىراشلىق بىلەن كەلگەن تەرەپكە قاچىدۇ. ئىككىنچى تەرەپتىن شاپۇر شىرىننىڭ ھەربى ئەسلىھە كىيگەن ئىككى كىنىزىگى بىلەن روھلۇق ھالدا چىقىپ كېلىدۇ]

شاپۇر: (ئەتراپقا قاراپ) پەرھات! پەرھات! (يۈگرۈپ بېرىپ پەرھاتنىڭ جەسىدىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ)

ئىككى كېنىزەك: ئاھ!... ۋاي دات!... (قاتتىق ۋاقىراپ شىرىن تەرەپكە يۈگرۈپ چىقىپ كېتىدۇ)

شاپۇر: دوستۇم كىم سېنى بۇ ھالغا دۇچار قىلدى؟ (تۆت ئەتراپقا قاراپ يىراقتا تاغ ئۈستىدە كېتىۋاتقان ياسەمەننى كورۇپ) توختا!... ھەي دەللە توختا! (قىلىچىنى چىقىرىپ قوغلاپ چىقىپ كېتىدۇ)

[شىرىن دەرھال قىزلارنىڭ ھىمايىسىدا پەرھاتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئۆزىنى پەرھاتنىڭ ئۈستىگە ئاتىدۇ]

شىرىن: پەرھات! پەرھات!... (يىقىلىپ ھۇشسىزلىنىدۇ)

[قىزلار شىرىننىڭ كوكسىگە سۇ سېپىپ ھۇشىغا كەلتۈرۈپ يۆلەيدۇ. شىرىننىڭ يۈز ـ كوزلىرى قانغا بويالغان ھالدا پەرھاتقا يەنە ئۆزىنى ئاتىدۇ]

شىرىن: ئەي تىرىكلىگىمنىڭ يۆلەنچۈكى پەرھات! جاھاندا يالغۇز بولغان جۈپتۈم ئىدىڭ، مەن ئۈچۈن تەگرىم ئېۋەتكەن شاتلىقىم ئىدىڭ. كوڭلۇم سەن بىلەن ئوزۇقلىناتتى، قانداق قىلىپ دۇنيادىن تاق كەتكىنىڭ كەلدى؟ قاتىللىق ئەجەل شارابىنى كىم بەردى؟ سې-

AltunOq

نىڭ جۇدالىغىڭ بىلەن مەندە جان بارمۇ بىلمەيمەن، جۇدالىق قايغۇسىدا گويا سۇ-
سىز بېلىقمەن. سۇدىن ئايرىلغان بېلىقنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە سۇسىزلىق-
تا تەلپۈنۈپ ئۆلىدۇ. مېنىڭ ئىستىگىم جۇدالىق يولىدا قان يىغلىماقتۇر، تەلپۈنۈش،
يەنە تەلپۈنۈش، ئۆلۈش دىمەكتۇر. يوقلۇق دۇنياسىغا سەن بۇرۇن كېتىپ قالدىڭ،
تەلمۈرۈپ سېنىڭ يولۇڭغا مەن كېيىن قالدىم. ئاھ پەرھات! كېچىكىپ قالدىم قانداق
قىلاي؟ تۇت قولۇمنى، يېنىڭدىن ئورۇن ئالاي!

[ياسىمەن قېچىپ سەھنىگە كىرىدۇ. ئارقىسىدىن قوغلاپ كىرىۋاتقان ئىككى قىزنى كۆ-
رۈپ دەرھال كىيىملىرىنى سېلىپ، گىرىم - پەدەزلىرىنى سۈرتۈپ ئەسلى قىياپىتىگە
كېلىپ ھاسىنى ئىككى پارچە قىلىپ ئىچىدىن قىلىچ چىقىرىپ كېنىزەكلەر بىلەن
ئۇرۇشىدۇ]

شىرىن: (بۇنىڭ ياسىمەنلىگىنى بىلگەندىن كېيىن) توختا، ئەبلەخ! ھە! سەنمىدىڭ پەرھاتنىڭ
جېنىغا زامىن بولغان؟ سەنمىدىڭ ئەرمەن ئېلىگە خائىن بولغان؟ (قىزلارغا) ماڭا
قويۇپ بېرىڭلار بۇ كاساپەتنى، كورسۇن قاتىللىقتىن كەلگەن ھالاۋەتنى. (شىرىن ياسى-
مەنگە نەيزە ئۇرىدۇ. ياسىمەن چاققانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپ شىرىنگە قىلىچ ئۇرى-
دۇ. شىرىنمۇ قىلىچ ئۇرىدۇ. ياسىمەن يارىدار بولۇپ ۋاقىراپ قاچىدۇ. شىرىن قوغلاپ
بېرىپ چېچىدىن سۆرەپ پەرھاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ يەرگە ئاتىدۇ. يا-
سىمەن ئومۇلەپ قاچىدۇ. دوڭنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەن شىرىن ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ.
ياسىمەن تولغۇنۇپ "يا ئۇزرا يا ئۇزرا" دەپ ۋاقىراپ ئۆزىنى شىرىنغا ئاتىدۇ. شىرىن
غەزەپ بىلەن قىلىچ تارتىپ ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرىدۇ. ياسىمەن تاغ - تاشلارغا ئۇرۇلۇپ
ۋاقىراپ ئۆلىدۇ. شىرىن پەرھاتنىڭ جەسىدىگە ئۆزىنى ئېتىپ يىغلايدۇ)

شىرىن: (ناخشا)

ئاھ كىم قىلدى جۇدا، بۇ چەرخى ناشادنى كورۇڭ.
كەھرىۋادەك ساغىرىبان نازىنىنلارنى كورۇڭ.
يۇرتى ۋەيران ھورقىزلار دەشتى - سەھرا ئىچىدە،
ساھىپى ھورلەر ماكانى بانۇ ئوردىسىنى كورۇڭ!
مەشۇقى ۋەسلىنى دەپ تاغدەك جاپالارنى چېكىپ،
جادىگەر مەككار قولىدا شاھى پەرھاتنى كورۇڭ؟
ۋادەرىغا كەتتى بىزدىن مەرت يىگىتلەر ساھىبى،
ھىلىگەر جاللات قولىدا دەۋرى خاقاننى كورۇڭ!
ئەلۋىدا شاھزادە خاقان، كەتتىڭىز مەندىن بۇرۇن،
ناتىۋان شىرىن يولىدا باغرى قانلارنى كورۇڭ.
شۇم رەقىپ پەرۋىز قولىدا ئېلىمىز بولدى خاراپ،
بىگۇنا مەسۇم ئوغۇل - قىز نالە ئەپغاننى كورۇڭ!

(قىزلارغا) ئەلۋىدا، ئى گۈل غۇنچىسىدەك پاك قىزلار! ئەلۋىدا، ئى سەۋرى گۈلىدەك گۇناسىز-

لار! (تاغ تەرەپكە قولىنى سوزۇپ) ئەلۋىدا، ئى ۋاپادارىم شاپۇر! ئەلۋىدا، ئى پاك يۈرەك قەيسەر باتۇر! ھەيھات، ئەي پەلەك ھەيھات! مەھكەم تۇت قولۇمنى ئاشىقىم پەرھات! (ئۆزىگە خەنجەر ئۇرىدۇ. قانغا بويالغان شىرىن پەرھاتنىڭ كۆكسىگە يىقىلىدۇ. ھاۋا گۈلدۈرلەيدۇ، چاقماق چاقىدۇ.) [شاپۇر تاغ ئارىسىدىن ياسىمەننى كۆزىتىپ كەلگەن خىسراۋ چېرىكلىرىنى سۈرۈپ قوغلاپ سەھنىگە كىرىدۇ. چېرىكلەر بىلەن شاپۇر، كېنىزەكلەر ئېلىشىدۇ. چېرىكلەر تاغ ئارىسىغا قاچىدۇ، شاپۇر قوغلاپ يەنە سەھنىگە ئېلىپ كىرىپ جەڭ قىلىشىدۇ. چېرىكلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. شاپۇر قىزلارنىڭ ياردىمى بىلەن شىرىن چۈشۈپ كەلگەن تاختىراۋاننى ئېلىپ كېلىپ پەرھات بىلەن شىرىننىڭ جەسىدىنى سالىدۇ. زىننەتلىك يوپۇقلار يېپىلغان تاختىراۋان ماتەم ۋە قايغۇ ئىچىدە ئاستا كۆتىرىلىدۇ]

— پەردە

# ئالتىنچى پەردە

[يېرىم كېچە. ئاسماندا يۇلتۇزلار پاقىراپ تۇرىدۇ. چېدىردا دۇت ـ ئىسرىقلار سېلىنغان. چېدىرلارنىڭ چىراقلىرى خىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 4 ـ 5 كۆزەتچى دۇمباق بىلەن مېڭىپ گۈزەت قىلىۋاتقاندا پەردە ئېچىلىدۇ]

خىسراۋ: (تەخت ئۈستىدە يولۋاس تېرىسىگە ئولتۇرغان ھالدا ئولتۇرۇپ) خەۋەر بېرىڭلار پەرھاتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئېنىقمۇ؟

بۇزرۇك ئۇمىت: ئىشەنچلىك خەۋەر شاھىم، ئەمما سالاسىل قورغىنىدا يەنە جەڭ قىزىماقتا.

خىسراۋ: قوشۇنغا ئۇقتۇرۇڭلار، .پەرھاتنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تاپسۇن! تاڭ بىلەن تەڭ ئەرمەن ئوردىسىغا ئاتلانسۇن. غەلىبە ئۈچۈن سپاھلارغا زەر چاچىمەن. شىرىن ۋىسالىدىن ئەمدى مەي ئىچىمەن. ھا، ھا، ھا!... (كۈلىدۇ)

[شىرۋىيا ئەتراپقا قاراپ قالىدۇ]

خىسراۋ: ئوغلۇم شىرۋىيا!

شىرۋىيا: لەببەي شاھىم!

خىسراۋ چارچىدىم، ئوردىغا بېرىپ ئارام ئالىمەن، مېنىڭ ئورنۇمغا قوشۇنغا سەردار بولىسەن. ھازىردىن باشلاپ قەلئەنى ئېلىشقا تەييار بول! (ئورنىدىن تۇرىدۇ)

ھۆدەيچى: ئۇلۇق ھۆكۈمدارىمىز شاھىن ـ شاھىمىزغا نەۋبە... (ئەتراپتىن «ياشاڭ! ياشاڭ! مىڭ ياشاڭ!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. تەۋىلباز ئۇرۇلىدۇ. تاغدىن ئەكس سادا ئاڭلىنىدۇ. خىسراۋ چىقىپ كېتىدۇ. ئىككى نەپەر ياساۋۇل بىلەن شىرۋىيا قالىدۇ)

شىرۋىيا: تەئەججۈپ قىلىمەنكى ئاتام ياكى قانغا تويمايدۇ ياكى خانغا. ئوردىدا تۇرۇۋېتىپتۇ شۇنچە تەننازلار، يەنە گۈزەل ئىزلەيدۇ نۇرغۇن چاۋەندازلار. (يېنىدىن شىرىننىڭ سۈرىتىنى چىقىرىپ) شىرىندەك ھور قىزلار ئەلۋەتتە بىزگە لايىق. گۈزەل شىرىن مەھبۇپ بولغۇ-

سىدۇر شىرۋىياغا. (سۈرەتكە قاراپ) ئەي فىردەۋسىنىڭ ھورلىرىدىن ئارتۇق بولغان مە-لىكە، سەن پەقەت مەن **ئۈچۈن**، مەنمۇ سەن **ئۈچۈن** يارىتىلغان. سېنىڭ گۈزەل ھۆس-نىڭ، ئەۋرىشىمدەك بويلىرىڭ قېرى ئاتامغا زايا. ئۇ قېرى مۇھەببەتنى نېمە بىلسۇن؟ ئاشىق - مەشۇقلىقنىڭ يوسۇنىنى بىزدەك ئىشقى ئەھلى بىلىدۇ. شۇنىڭ **ئۈچۈن** ئىشقى - مۇھەببەت يولىدا ئاتامنىمۇ ئۆلتۈرۈش قولۇمدىن كېلىدۇ. (سۈرەتنى كوكسىگە بېسىپ) شىرىن خاتىرجەم بول، مەن سېنى خىسراۋ ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرىمەن. سەن ماڭا ئانىلىققا ئەمەس مەھبۇبىلىققا لايىق. ئۇ ۋاقتىدا پۈتۈن ئىران كەسرىسى، پۈتۈن ئىران يېرى مېنىڭ بولىدۇ. يازەردوش! ماڭا مەدەت قىل! (كويىۋاتقان ئوتقا چوقۇنىدۇ. سىپاھلارغا قاراپ) شىرىننىڭ ئىشقى ئوتىدىن دىلىمغا يالقۇن چۈشتى. شىرىننىڭ قولغا كېلىشى ئاتامنىڭ ئۆلۈمىگە باغلىق. ئەگەر ئاتامنى ئۆلتۈرسەم ئالەمنى بېزىگەن قۇياش مېنىڭ بولىدۇ. مۇددىئايىم پادىشالىقنىڭ ئۆزى ئەمەس، گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا يېتىش.

سىپاھى ئا: شاھزادە، چېرىكلەر ئۇرۇشتىن بولدى بىزار، يېزىلار ۋەيران، شەھەرلەر خارابۇ - زار.

شىرۋىيا: شۇنداق. ئاتام بەكمۇ ھەددىدىن ئاشتى، مادايىن ئېلىدە قىيانىنىڭ سېلى تاشتى. ئۇرۇش توختىدى دەپ جارچىغا خەۋەر قىلىڭ، چېرىكلەرنى بالا - چاقىلىرى **بىلەن** كورۇشتۇرۇڭ!

سىپاھى ئا: ئەمرىڭىزگە تەييارمەن. (چىقىپ كېتىدۇ)

شىرۋىيا: شاپۇردىن خەۋەر بارمۇ؟

سىپاھى ب: شاپۇرنى ئىزلەپ تاغ ئارا تېپىپ، بەردىم سىزنىڭ مۇبارەك خېتىڭىزنى، ئېيتتىم ئۇنىڭغا ئارىدىكى سىرىمىزنى. دەرھال يوشۇرۇندى چىدىر ئىچىگە، ئەمىر كۈتۈپ تۇ-رۇپتۇ نىقاپ تارتىپ يۈزىگە.

شىرۋىيا: تەھسىن ساڭا!

ھۆدەيچى: (ئالدىغا كىرىپ) شاھ كەلدى.

[شىرۋىيا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ چىقىپ كېتىدۇ]

ھۆدەيچى: (سىرتقا قاراپ) ئۇلۇق شاھىمىزغا نەۋبە!

سىرتتىن: ياشاڭ! ياشاڭ! مىڭ ياشاڭ!

[خىسراۋ ئالاھىدە كىيىنگەن، مەس ھالدا كىرىپ تەختكە چىقىدۇ]

خىسراۋ: جاكا قىلىڭلار چېرىكلەرگە ئاتلانسۇن، ماھىن بانۇ ئوردىسى ئوت يېقىپ كويدۇرۇلسۇن. ئاۋال ھىلە **بىلەن** شىرىننى قولغا چۈشۈرۈڭلار، ئاندىن ئەرمەن قوشۇنىنى جاھاندىن سۈپۈرۈڭلار. ئوغلۇم شىرۋىيا!

شىرۋىيا: لەببەي شاھىم! (كىرىپ تازىم قىلىدۇ)

خىسراۋ: (مەس ھالدا) ... بېرى كەل ئوغلۇم، (باشقىلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىدۇ) ئوغل...ۇ...م سە...ن مېنىڭ باھادىرىم. باتۇر يىگىتسەن. ئەمما...سە...ن پەر...ھات...نى قولغا چۈشۈرەلمىدىڭ، مېنىڭ ھىلەم **بىلەن** ھەييارىم ياسىمەن قولغا چۈشۈردى، ياسىمەن ...

(ئاستا ئۇخلاپ قالىدۇ. شىرۋىيا يۈزىنى يېپىپ قويۇپ ئاستا چىقىپ كېتىدۇ. سەھنە قاراڭغۇلىشىدۇ. دەھشەتلىك گۈلدۈرماما بىلەن چاقماق چاقىدۇ-دە، قورقۇنۇچلۇق ئاۋاز بىلەن خىسراۋ چوچۇپ ئويغۇنۇپ تۇرۇشىغا پەرھاتنىڭ سايىسى كورىنىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا ئاي پالتا، ھەربىچە كىيىنگەن)

پەرھات: خىسراۋ، پەلەك زۇلۇم قىلغاندا ئەپچىل بولغاندەك، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى بېرىشمۇ ئەپچىلدۇر. ئوچ ئېلىشتا ئايلانغۇچى دۇنيالا ئەمەس بەلكى توققۇز ئاسمانمۇ ئوخشاشتۇر. (پەرھاتنىڭ سوزى ھاۋادا ئەكس سادا بېرىدۇ. پەرھات پالتىسىنى خىسراۋنىڭ بېشىدىن ئايلاندۇرىدۇ)

خىسراۋ: ۋاي دات... (تەختتىن دۇمۇلاپ چۈشىدۇ. بېشىدىكى تاجى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ، قولىنى كوتىرىپ چەكچەيگەن ھالدا تىترەيدۇ. پەرھاتنىڭ كولەڭگۈسى غايىپ بولۇپ سەھنە يورۇيدۇ. ئەتراپتىن غايىپ ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ)

ئاۋازلار: ئەي خىسراۋ! ... سەن كىشىگە زۇلۇمنىڭ ئوتكۇر قىلىچىنى ئۇرغان ئىدىڭ، قان توككۇچى پەلەكمۇ ساڭا زۇلۇم قىلىچىنى ئۇردى. مانا پەرھاتنىڭ قىلىچى، مانا شىرىننىڭ خەنجىرى!

[خىسراۋ ئەسەبىلەرچە پىقىراپ كېتىدۇ]

خىسراۋ: يازەردۇش...يا... يازەردۇش (چوقۇنىدۇ) قېنى سەن بۇزرۇك ئۇمىت! ھەي ئوغلۇم شىرۋىيا!... (بىر ئاز ئېسىگە كېلىپ ئەتراپىغا قاراپ) مېنى...مېنى قارا باستى، ياق، مېنى قان، قان باستى)

[شاپۇر نىقاپ بىلەن كىرىدۇ، ئىككى سىپاھى بىلەن شىرۋىيامۇ كىرىدۇ]

شىرۋىيا: ئاتا! ئويغۇنۇڭ نىمە بولدى؟

خىسراۋ: پەرھات مېنى ئولتۇرمەكچى. (ئەسەبىلەرچە) جاللات!... جاللات!

[شاپۇر نىقاپ بىلەن ئالدىغا چىقىدۇ]

خىسراۋ: لەشكەر گاھقا خەۋەر قىل! ئەرمەن ئوردىسى كۈل قىلىپ تاشلانسۇن!

شىرۋىيا: (ئالدىغا كېلىپ) سىزنىڭ ئەمرىڭىز بىلەن لەشكەر گاھنىڭ ھوكۇمدارى مەن. ھەر قانداق ھوكۇم قىلىش مېنىڭ ئىلكىمدە، (شاپۇرغا قاراپ) بۇيرۇق ئىجرا قىلىنسۇن!

[شاپۇر يۈزىدىن نىقاپنى ئېلىپ قىلىچ تەڭلەپ خىسراۋنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە خىسراۋ چوچۇپ كېتىدۇ]

خىسراۋ: ھە!... ھە؟... شاپۇر؟... شاپۇر؟ (ئارقىسىغا داجىيىدۇ) جاللات!... جاللات! (ئەتراپىغا قارايدۇ)

شاپۇر: ئەي خىسراۋ! زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى شۇنداق بولىدىغان بولسا، زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانىش، ۋاپا - ئادالەت ئۇرۇغىنى چېچىش كېرەك.

خىسراۋ: دات!... (قاتتىق ۋاقىرايدۇ)

شىرۋىيا: (شاپۇرغا قاراپ) ھوكۇم ئىجرا قىلىنسۇن.

[شاپۇر خىسراۋغا قىلىچىنى تەڭلەپ قىستاپ كېلىدۇ. خىسراۋ ئارقىسىغا چېكىنىپ تەختـ

كە يولۇنۇپ قالىدۇ. تىترەپ كېتىدۇ]

شاپۇر: سەن زېمىنغا نېمىنىڭ ئۇرۇغىنى چاچقان بولساڭ شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن، مانا ساڭا جاۋاپ. (خىسراۋنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. شىرۋىيا ئارقىسىنى قىلىپ قاراپ تۇرىدۇ. شاپۇر خىسراۋنىڭ كاللىسىنى لىگەنگە سېلىپ شىرۋىياغا كۆرسىتىدۇ)

شىرۋىيا: بۇ ئىشىم دۇنيا پۈتكىچە داستان بولۇپ قالسۇن. (سىپاھلارغا قاراپ) پۈتۈن ئەلگە جاكا قىلىنسۇن. نۇشىرۋان ئەۋلادى خىسراۋ پەرۋىز، سەيخۇن - جەيخۇن دەرياسىنى قانغا بويىغان جىنايىتى ئۈچۈن يوقلۇق دۇنياسىغا كەتتى. مېنىڭ نامىمدىن تىۋىسلباز ئۇرۇلسۇن!

ھۆدەيچى: (ئالدىراپ كىرىپ) شاھ! شاھ!

شىرۋىيا: سۆزلە، نېمە ھال؟!

ھۆدەيچى: بېسىتۇن ئەتراپىغا سانسىز لەشكەر چۈشۈپتۇ، لەشكەر ئەمەس سانسىز يۇلتۇز چۈشۈپتۇ. لەشكەر ئىستىقبالىغا ئەرمەن ئېلى چىقىپتۇ. پەرھات - شىرىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شىرۋىيا: (چۆچۈپ) شىرىننىڭ ئۆلگەنلىكىنى؟...

ھۆدەيچى: شۇنداق. پەرھات ئۈچۈن شىرىن ئۆلگەن.

شىرۋىيا: (قاتتىق چۆچۈپ) ھە؟!... نېمە دېدىڭ؟... شىرىن ئۆلگەن؟!

ھۆدەيچى: شۇنداق.

شىرۋىيا: يازەردۇش! يازەردۇش!... (ئەسەبىلەرچە) قېنى مېنىڭ شىرىنىم، (قولىنى سوزۇپ!) شىرىن؟!...

شاپۇر: ئاگاھ بولۇڭكى شاھزادە، پەرھات شىرىن بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئۈپۈق يېرىپ نېرىقى دۇنياغا كەتتى.

شىرۋىيا: بۇ... بۇ قوشۇن كىمنىڭ ھە؟!...

شاپۇر: بۇ قوشۇن دىجلى پىرات دەرياسىنى قانغا بويىغان خىسراۋدىن پەرھاتنىڭ قىساسىنى ئالغىلى كەلگەن ئۇلۇق خاقان قوشۇنى. بۇلارنىڭ بوۋىلىرى رۇستەمى زال بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئۇلۇق ئاپراسىياپنىڭ ئەۋلادىدۇر. قوشۇن سەردارى شاھزادە بەھرەم پەرھاتنىڭ ئىمىلداش تۇققىنىدۇر.

شىرۋىيا: ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى مەن ئۈچۈن دىشۋارچىلىق!... (ئېچىنىش بىلەن خىسراۋنىڭ كاللىسىغا قاراپ) ئېھ ئاتا، مەن زەردۇش نامىدىن قەسەم قىلىمەنكى، مەن خاتا قىلدىم، مېنى كەچۈر! مېنى ئەپۇ قىل. (خىسراۋنىڭ كاللىسىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سويۇپ تاۋاپ قىلىدۇ) قېنى مېنىڭ ئاتام؟ قېنى مېنىڭ شانۇ - شەۋكىتىم؟ قېنى مېنىڭ شىرىنىم؟ ساسانىلار ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدىمۇ؟ كەسرى ئوردا ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتتىمۇ؟! (شاپۇرغا قاراپ) بەھرامغا، ياق، ياق، تۇران زېمىنىنىڭ سەركەردىسى شاھزادە بەھرامغا مېنىڭ گۇناسىزلىقىمنى ئېيت! ئاتامنى گۇناھى ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكىمنى ئېيت! مەن گۇناسىز، مەن ئاتامنىڭ قاتىلى ئەمەس، ئۇنىڭ قاتىلى

Altun0q

ئىشقى ـ مۇھەببەت!

[يىراقتىن داپ ـ دۇمباق، ناغرا ـ كاناي ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. شىرۋىيا ۋە سىپاھلارنى قورقۇنچ باسىدۇ. جەڭ سادانى سەھنىنى بىر ئالىدۇ]

— پەردە

## خاتىمە

چۆل يىراق مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا سەھنە سىرتىدىن بىر كىشى سۆزلەيدۇ.
ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن دۇنيا مىليونلىغان پەرھات ـ شىرىنلارنى ئىنسانىيەتكە بەخش قىلدى. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنى، سۇسىز قاغجىراپ ياتقان چۆللەرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىپ، بىستۇندەك ئېگىز تاغلارنىڭ كۆكسىنى يېرىپ قانال ئېچىپ، سۇ كەلتۈرۈپ باغ ـ بوستانغا ئايلاندۇردى. ئاشىقلارنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.
[سەھنە ئېچىلىشى بىلەن ئېدىر بويلاپ سوزۇلغان تۆۋەندىكى مەنزىرىلەر كۆرۈنىدۇ: تاغدىن مەرۋايىتتەك سۇلار شاقىراپ چۈشمەكتە. تاغ باغرى گۈل ـ گۈلىستان چىمەنزارلىققا ئايلانغان. گۈللەر ئارا بۇلبۇللار سايرىماقتا. تاغ ئارقىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش قىزغۇچ نۇرىنى چىمەنلىككە سەپمەكتە. تاغ باغرىدىكى بۇلۇت ئاستا ـ ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكتە. ئالاھىدە يېقىملىق كىيىنگەن بىر توپ تەنناز قىزلار لەرزان ئېيتىلىۋاتقان ئىراق خورىغا ئەگىشىپ بۇلۇت ئارىسىدىن ئۇچۇپ سەھنىگە چۈشىدۇ. ئۇلار ناز ۋە تەبەسسۇم بىلەن گۈللەر ئارا سەيلە قىلىشقا باشلايدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شاھانە كىيىنگەن پەرھات بىلەن ھورى سۈپەت شىرىن ئۇچۇپ چۈشىدۇ. پەرھات بىلەن شىرىن بىر ـ بىرگە تەبەسسۇم بىلەن بېقىشىپ گۈل تاماشاسى قىلىشىدۇ. پەرھات شىرىننىڭ چېكىسىگە گۈل قىسىپ قويماقچى بولغاندا، شىرىن بىر دەستە گۈلنىڭ ئارىسىدىن جام بىلەن شاراپ ئېلىپ پەرھاتقا تۇتىدۇ. قىزلارنىڭ گۈل ئارا ئويناۋاتقان نەپىس ئۇسۇللىرى ئەۋج ئالىدۇ. پەرھات بىلەن شىرىن ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت ھېسسى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىگە تويماي قارىشىدۇ.]

— پەردە



## ئاپتوردىن

«پەرھات ـ شىرىن» ھەققىدىكى بۇ ھىكايە ئەسىرلەر بويى شەرق ئەللىرى ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن چىن ۋە ھەققىي مۇھەببەتنى تەسۋىرلەيدىغان گۈزەل داستاندۇر.

بۇ داستان ئەسلىدە تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ تۇنجى قېتىم خىسراۋ ــ شىرىن نامى بىلەن شوھرەت تاپقان. تارىخىي پاكىتلاردا ئېيتىلىشىچە خىسراۋ VII ئەسىردە ئۆتكەن ئىران شاھى نوشىرۋاننىڭ نەۋرىسى ئىكەن. بۇ پاكىتقا قارىغاندا خەلق ئاغزىدىكى بۇ رىۋايەت VII ئەسىردىمۇ بار بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن رىسالە، داستان يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ داستاننى ئەڭ ئاۋال يازغان كىشى X ئەسىردە ياشىغان ئىرانلىق ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە پەرھات ھەققىدە گەپ يوق. پىردەۋسىتىن ئىككى ئەسىر كېيىن يەنى XII ئەسىردە نىزامىي گەنجەۋى «خىسراۋ ــ شىرىن» ھەققىدە ھىكايە يازدى. ئۇنىڭ بۇ داستانىدا پەرھات دىگەن بۇ ئوبراز بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ داستاندا ئىككىنچى شەخس سۈپىتىدە يېزىلغان ئىدى. نىزامىدىن كېيىن يەنى XIV ئەسىردە بۇ ھەقتە داستان يازغان كىشى خىسراۋ دېھلەۋى بولۇپ ئۇ داستاننى پارس تىلىدا يازغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خىسراۋ ــ شىرىن، پەرھات ھەققىدىكى بۇ ھىكايە شەرقتىكى نۇرغۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت كۈچلىرىنى ئويغاتتى. بۇ گۈزەل مەزمۇنغا جان كىرگۈزۈپ، پىردەۋسىتىن بەش ئەسىر، نىزامىدىن ئۈچ ئەسىر خىسراۋ دېھلەۋىدىن بىر ئەسىر كېيىن ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋايى پەرھات ـ شىرىن نامى بىلەن پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر ئەسەر يېزىپ قالدۇردى.

بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىدىن ئابدىرېھىم نىزارى قاتارلىق مۇنەۋۋەر شائىرلار ناۋايىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ «پەرھات ـ شىرىن» داستانىنى يېزىپ بۇ گۈزەل داستاننى خەلق ئىچىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزدى. شۇڭا بۇ داستان خەلقنىڭ ھەر خىل ئاممىۋى سورۇنلىرىدا مەسىلەن: نورۇز بايرىمى، تۈنەك، ئايەم كېچىلىرىدە داۋاملىق ئېيتىلىپ كەلدى. بۇ گۈزەل داستانغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ نامىنى ئىپتىخارلىق بىلەن «پەرھات ـ شىرىن» قويۇپ، مىڭلىغان ـ يۈز مىڭلىغان «پەرھات ـ شىرىن» لەر مەيدانغا كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا «پەرھات ـ شىرىن» نامى بىلەن نۇرغۇنلىغان داستانلار يېزىلغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بىزگە بىر قەدەر تونۇش بولغىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پېشقەدەم شائىرى مەرھۇم نىم شېھىتنىڭ 1947 ـ يىلى يازغان «پەرھات ـ شىرىن» داستانىدۇر. يىللارنىڭ ئۆتىشى بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بۇ داستانغا يېڭى مەزمۇن، يېڭى كۈچ كىرگۈزۈپ بۇ داستان ھەققىدە ئاجايىپ سەھنە ئەسەرلىرى ــ دىراما، تىراگېدىيە، ئوپېرا، جىڭجۈيلەرمۇ مەيدانغا كەلدى، مەن بىر سەھنە ھەۋەسكارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئاتاغلىق دىراماتورگ خۇرشىد شىرىپنىڭ «پەرھات ـ شىرىن» ناملىق كىتاۋىنى ئاساس قىلىپ 60 ــ 61 ـ يىللىرى «پەرھات ـ شىرىن» ناملىق بىر مۇزىكىلىق دىراما يېزىپ چىققان ئىدىم. لېكىن بۇ دىرامانىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى لىن بياۋ "توت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن مۇسادىر قىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلاندى. ھازىر ئىلىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەلىۋى ۋە پارتىيىمىزنىڭ "ئېچىلىش، سايراش" يونۇلىشىگە ئەگىشىپ بۇ ئەسەرنى قايتا رەتلەپ يېزىپ چىقتىم. سەۋىيەم چەكلىك، قەلىمىم ئاجىز بولغانلىقتىن، بىر مۇنچە كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىي. قەلەمكەش يولداشلارنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




# شائىر ل. مۇتەللىپ تۇغۇلـ غانلىقىنىڭ 60 يىللىقىغا بېغىشلايمەن

ئەيسا يۈسۈپ

سوۋېتلىك شائىر ل. مۇتەللىپ تۇغۇلـغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىدىن ئىبارەت مۇباـرەك كۈنلەر يېتىپ كەلدى. ئۇ 1922 - يىلى نويابىر ئېيىدا دۇنياغا كەلگەن ئىدى. ل. مۇتەللىپ هازىرغىچە ياشاپ كېلەلمىدى. لېكىن، جەڭگىۋار قەلەمكەش ئۆزىنىڭ قىسقا ئۆمرىدە ئۆزۈن ئۆمۈرگە تەڭ كېلىـدىغان، ئۇزاق يىللار كىشىلەر قەلبىدە ساقلىنىپ قالىدىغان قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنى قالدۇـرۇپ كەتتى، ئۇ كوپ يىللار ياشاپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى بېرىشكە مۇناسىپ كىشى ئىدى. ئىنقىلاپ دۈشمەنلىرى كەچۈرگۈسىز جىنايەتكە قول سېلىپ، شائىرنى ئەمدىلەتىن پورەكلەۋاتقان گۈلگە ئوخـشاش نەۋقىران ۋاقتىدا غازاڭ قىلىپ تاشلىدى. خەلق بۇ سوۋېتلىك پەرزەنتىدىن، ئۇ 23 ياشقا قەدەم قويىۋاتقان چېغىدا بىمەزگىل ئايرىلىپ قالدى.

مەن، ل. مۇتەللىپ بىلەن 1939 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى ئولكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتەـۋىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا تونۇشتۇم. بۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىمنىڭ 2 - يىلى بولۇپ، يەنە بىر ئوقۇش يىلىدىن كېيىن بۇ يەردىن خۇشالىشىم كېرەك ئىدى. بەختكە يارىشا ئوقۇش تۈگەتكىنىمدىن كېيىن يەنە شۇ مەكتەپتە خىزمەتتە قالدۇرۇلغانلىقىم يېڭى ساۋاقدىشىم ل. مۇتەللىپ بىلەن ئۇزاقراق ۋاقىت بىر ئورۇندا بولۇشۇمغا ئىمكان بەردى.

ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدا چېچەنلىك، سەزگۈرلۈك، ئىنتىلىشچانلىق ۋە يىراق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاشنىڭ روشەن بەلگىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شائىر ئاق يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي، ئەمما سىمىزرەك بولغانلىقى بىلەن دوغلاغراق قىياپەتكە مايىل ياش سۆپەتىدە كىشىگە ئىنتايىن يېقىملىق كۆرۈنەتتى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشنى بىلەلىگەنلىكى، خۇش پېئىللىكلىكى سەمىمىلىكى بەلكى ھەممىدىن مۇھىمراقى، شېئىرىيەتتىكى ئاجايىپ تالانتى بىلەن بۇ سىما ئۇنىڭدا تېخىمۇ تولۇقلىنىپ تۇراتتى.

ل. مۇتەللىپنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، كوپ ۋاقتىنى ئوقۇش - ئۆگىنىش ياكى ئىجادىيەت مەشغۇلاتلىرىغا بېرىپ، كەمدىن - كەم دەم ئېلىشقا ئادەتلەنگەنلىكىدە ئىپادىلىنەتتى. ئۇ

نىڭ بىھۇدە ۋە مەنىسىز ئۆتكۈزگەن ۋاقتى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئەل يــاتقۇ مەزگىلىنى تالـىمۇپ، تېنىچ، ۋاڭ - چۇڭسىز كېچىلەردە، سىنىپنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان، تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ياكى ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتاتتۇق.

ل. مۇتەللىپ ئوقۇۋاتقان مەزگىل دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىنى جـۇشقۇنلۇق ئىگەللىگەن، ھازىرقىغىلا ئەمەس، يىراق كەلگۈسىگىمۇ نەزەر تاشلاش روھى - كەيپىياتى قاپلىغان. شېئرىيەت ھەـ ۋەسكارلىرى كوپەيگەن. ھازىرقى بىزگە تونۇش بولغان ئەلقەم ئەختەم، تۇرغۇن ئالماس، قۇربان ئىمىن قاتارلىق يولداشلار ئوسۇپ يېتىلىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

ل. مۇتەللىپ ئەلاچى ئوقۇغۇچى، يېتىلگەن شائىر بولۇپلا قالماي، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇستا رەسسام ئىدى. ئۇ مەكتەپ تام گېزىتىـگە ئاجـايىپ قىزىقارلىق رەسىملەرنى سىزىش بىلەنمۇ داڭ چىقارغان ئىدى. ئۇ ئۆلگىلىك ئوقۇغۇچىلارنى بىر قاراش بىلەنلا ئوزىگە ئوخشىتىپ سىزىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى تام گېزىتىدە تونۇشتۇراتتى. ئۇ بۇ گېزىتلەرنى مەنىلىك سىزمىلار بىلەن بېزەپ كورـ كەم ھالەتكە كەلتۈرەتتى.

شائىرنىڭ ئۇرۇمچى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرىپ، بۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا قوللىنىپ كەلگەن نامى لۇتپۇللا ئەزىم ئىدى. ئۇنىڭ ئوز ئىسمى لـۇتپۇللا، ئاتىسى ھېزىم ئاكا بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ ئىسىم فامىلە بىلەن ئاتىلاتتى، مـەتبۇئاتلاردا باستۇرغان دەسلەپكى شېئىرلىرىدا ئەنە شۇ نامنى ئىشلەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇ ئوز ئەسـەرلىرىنى «ل. مۇتەللىپ» دىگەن نام بىلەن ئېلان قىلدى. بۇ نام ئىسمىنىڭ قىسقارتىلىشى ۋە بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىشىدىن كېلىپ چىقـقان. ئۇنىڭ يەنە لۇتۇن دىگەن ئەكىلەتمە ئىسمى بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر كەلگۈسىنىڭ شائىرىنى بالا ۋاقتىدا ئامراقلىق قىلىپ شۇ نام بىلەن ئاتاشقان ئىدى. ل. مۇتەللىپ كېيىنكى كۈنـ لەردە «قاينام ئوركىشى» دىگەن تـەخەللۇسنى ئىشلەتتى.

شائىر ئىنتايىن ياش چېغىدىلا ئوزىنىڭ ئاجايىپ ئوتكۈر ۋە جەلپكار شېئرلىرى بىلەن جامائەتـ چىلىكنىڭ كەڭ قاتلىمىغا تونۇش بولۇپ كەتتى. ل. مۇتەللىپ قەيەردە ياشىسۇن ۋە قايسى ئورۇنـ دا ئىشلىسۇن، ئۇنىڭ ھەممە جايغا تارقاپ كەتكەن ساۋاقداشلىرى شائىرنىڭ پات - پات ئېلان قىـ لىنىپ تۇرىدىغان شېئرلىرىدىن ئۇنى چوڭقۇر ئەسلەپ تـۇراتتى.

ل. مۇتەللىپ دارىلمۇئەللىمىندىكى ئوقۇشنى ئاخىرغىـچە داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ غــۇلجىدىكى ۋاقتىدا رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقـۇغان ۋە رۇس تىلىنى پىششىق بىلگەنـلىكى ئۈچۈن 1941 - يىلى سوۋېت مۇتەخەسـسىلىرىدىن تەركىب تاپقان جەنۇبىي شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە ئومىگە تــەرجىمان بولۇپ كېتىپ قالدى، ئۇ يەردىن قايتقاندىن كېيىن شىنجاڭ گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە مــەسئۇل مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى.

ل. مۇتەللىپ كوپ تىللارنى بىلەتتى. ئۇ، روس شائىرلىرى پۇشكىن، لېرمونتوۋ، ماياكوۋسكىيـ لارنىڭ شېئرلىرى بىلەن باشقا تىللاردىكى تەرجىمىلىرى ئارقىلىقلا ئەمەس، بـەلكى رۇس تىلىدىكى تېكىستلىرىنى بىۋاستە ئوقۇش بىلەنمۇ تونۇشتى. ئۇ ئابدۇللا توقاينىڭ شېئرلىرىنى بىۋاستە تــاتار تىلىدا ئوقۇپ مۇپەسسەل چۈشىنەلەيتتى، ھادى تاقتاشنىڭ شېئرلىرىنى بـاشقىرد تىلىدا ئوقـۇشىمۇ ئۇـ نىڭغا ھېچقانداق قىيىنچىلىق كەلتۈرمەيتتى. شائىر ئوزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بوسۇغىسىدىن قەدەم قويۇپ ئوتۇشىگە تاتار خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئابدۇللا توقاي،باشقىرد خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شـائىرى

هادى تاقتاشلارنىڭ ئۆلمەس ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ ئىلھامبەخش كۈچ بەرگەنلىكىنى بىر قانچە قېتىم تىلغا ئالغان ئىدى. ل. مۇتەللىپ ئۆز زامانىسىدا غۇلجىدا ياشاپ، غۇلجىدا قەلەم ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئەنۋەر ناسىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلاتتى ۋە "مېنىڭ شېئىرلىرىم ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا باغلانغان قويۇق مۇھەببەت ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن" دەيتتى. شۇ مەزگىللەردە، ل. مۇتەللىپ سوۋېت ئۆزبېك ئەدەبىياتى، قازاق ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇپلا قالماي، ئۇنىڭ قەلبىدە خەنزۇ كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىشمۇ ئىنتايىن كۈچەيدى. ئۇ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىش ئارقىسىدا خەنزۇچە بىلىشكىمۇ كىرىشىپ كەتكەن ئىدى.

ل. مۇتەللىپ شىنجاڭ گېزىتىگە خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە يەنە بىر پەللە يۇقۇرى ئۆرلەپلا قالماستىن، ياش ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈنمۇ يېڭى زېمىن ياراتتى. ئۇ شىنجاڭ گېزىتىدە مەخسۇس ئەدەبىيات بېتى — «ئەدەبىيات گۈلزارى» نى تەشكىل قىلدى. بۇنىڭ بىلەن گېزىتتە قەلەمكەشلەرنىڭ ئىجادىيەتلىرىنى بۇرۇنقىدىن كۆپرەك ۋە سۈپەتلىكرەك چىقىرىپ تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى يارىتىلدى. شائىر ئەدەبىي تەھلىل ۋە يېزىقچىلىققا دائىر ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، تېز ئارىدىلا ياش قەلەمكەشلەرنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ گېزىتتە ئىشلەشكە باشلىغاندىن كېيىن يەنىمۇ كۈچلۈكرەك روھ بىلەن يېزىشقا باشلاپ، «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتى ئارقىلىق كەڭ مۇشتىرىلارغا نۇرغۇن شېئىر ۋە بىر قانچە فىلىيەتونلارنى تەقدىم قىلدى، «لېنىن شۇنداق ئۆگەنگەن»، «ماي — كۆرەشچان ئاي»، «باتۇر يىللار»، «ئازاتلىق تويى»، «مەڭگۈلۈك ھەسەن-ھۈسەن» ناملىق نادىر ئەسەرلىرى ئۇنىڭ گېزىتتە ئىشلەۋاتقان چېغىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇ ئۆز دائىرىسىمىزدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، خەلقارا تېمىغا ئائىت 2 پارچە فىلىيەتونىنىمۇ شۇ مەزگىللەردە يازغان ئىدى. ماھىر قەلەمكەشنىڭ «پادىشا سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىيەتونى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن 1942 - يىللاردا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە كېڭەيمىچىلىك غەرىزى بىلەن ھەربىي يۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ياپون ئەسكەرلىرىنى ئۈمىتسىزلىكلەر قاپلىغانلىقى بايان قىلىنىش ئارقىلىق، بىزگە ئۇرۇشقاق تاجاۋۇزچىلارنىڭ چوقۇم مەغلۇپ بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ شۇ يىلى ئېلان قىلىنغان «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» دىگەن فىلىيەتونىمۇ ئۇنىڭ يۇقۇرقى فىلىيەتونىغا ئوخشاش ئوتكۇر تىل ۋاستىسى بىلەن قىسقا يېزىلغان، ئەمما چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەسەرلەردىن ھېساپلىنىدۇ. بۇ فىلىيەتوندا گېتلېر گېرمانىيىسى، مۇسسولىنى ئىتالىيىسى، توجىيو ياپونىيىسىدىن ئىبارەت 3 ئوق مەركەزلەشكەن فاشىست دۆلەتلىرىنىڭ جايلارنى ۋەيران قىلىپ، 10 مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ياستۇغىنى قۇرۇتقۇچى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ، ئاخىرى ھالاكەت پاتقىقىغا پېتىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالغانلىقى يېزىلغان.

ل. مۇتەللىپ بۇ 2 پارچە فىلىيەتونى بىلەن پىشىپ يېتىلگەن شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قابىل ئەدىپ ئىكەنلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى.

بۇ ۋاقىتتا ئەمدىلەتتىن 21 - يېشىنى ئۇزىتىۋاتقان ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ شۇ قەدەر ياشىغا قارىماي، پۈتۈن ئۈرۈمچىگە نام جەھەتتىلا ئەمەس، زاتەن سىماسى بىلەنمۇ تونۇلۇپ بولغان ئىدى. ل. مۇتەللىپ «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى مۇھەررىرلىك خىزمىتىنىڭ سىرتىدا يەنە سابىق ئۆل-

AltunOq

كىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سانايى نەپىسە بۆلۈمىدە قوشۇمچە ئىشلەپ، سانايى نەپىسە ئۈچۈن سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ناخشا تېكىستلىرى يېزىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ دىراماتورگىيە ساھەسى بويىچە تىياتىر سەھنىسىگە تەقدىم قىلغان ئەدىبىي مىراسلىرىدىن «سامساق ئاكىاڭ قايىنايدۇ» كومېدىيىسى ئويىنىلىپ نۇرغۇن تاماشىبىنلارنىڭ ھۆرمەت ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭغا ئۇلاپ ياش دىراماتورگ «چىمەنگۈل»، «كۆرەش قىزى» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يېزىپ چىقتى.

ئۇنىڭدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ل. مۇتەللىپ يېڭى پائالىيەتكە، ئۇنىڭ تونۇشبىلىشلىرى شۆكەمگىچە ئويلاپ يەتمىگەن ئارتىستلىق ئىشىغا ئۆتتى. شائىر رول ئېلىشتىكى بۇ ئاجايىپ ئىقتىدارىنى ئاقسۇدا تۇرغان چېغىدا نامايەن قىلىشقا باشلىدى. ل. مۇتەللىپتەك ئولمەس شېئىرلار يازغان كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شائىرلىقنىڭ ئۆزى ئىشلىتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىقتىدار ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇپ ئۇ پروزىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى ۋە بۇ ئىشتا ئۆتكۈر سوزلەر بىلەن ئىخچام يېزىلغان فېلىيەتونلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىك ئىچىدە يەنە يېڭى ئىززەت - ئابرويغا ئىگە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ تەھرىرلىك قىلدى،بۇ يول بىلەن ئاپتورلارغا ئۆز ئەسەرلىرىنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ئەمەلىي دەرسلەرنى ئۆگەتتى.

ل. مۇتەللىپ 1943 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈرۈمچىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان خىزمەتلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئاقسۇ گېزىتىنىڭ مۇھەررىرلىك خىزمىتىگە ئەۋەتىلدى. بۇ ۋاقىتتا مەنمۇ ئاقسۇدا بولۇپ بۇ يەردىكى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتىم. ئاتاقلىق شائىرنىڭ بۇ يەردە ئىشلەشكە كېلىشى ئۇنى بۇرۇندىن بىلىدىغان كىشىلەردە بايرام خۇشاللىقى پەيدا قىلدى. ل. مۇتەللىپنىڭ كېلىشى بىلەن ئاقسۇدا مەدەنىي ھايات جانلىنىپ كەتتى.

شائىرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاقسۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانايى - نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) ئەسلىگە كەلدى. چوڭ تىپتىكى ئوپېرا «غېرىپ - سەنەم» تۇنجى قېتىم ئاقسۇ ۋىلايىتىدە سەھنىدە ئوينالدى، بۇ چاغدا ل. مۇتەللىپ غېرىپ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغاچقا، ئاقسۇ خەلقى بۇ تالانتلىق شائىرنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىقتىدارىغا قايىل بولغان ئىدى. ئاقسۇغا يوتكىلىپ كېلىش شائىرغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشنىڭ كەڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. ئۇ مەشھۇر خەلق داستانى «تاھىر - زوھرا» ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ئوپېراسى «تاھىر - زوھرا» نى يېزىپ چىقتى. ئوپېرانىڭ كۆپلىگەن ناخشا - مۇزىكىلىرى شائىرنىڭ بىۋاستە قاتنىشىشى بىلەن 12 مۇقامدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئىجات قىلىنغاچقا، بۇ ناخشىلار تېز كۈندە ئامما ئىچىدە ئومۇملاشتى. ل. مۇتەللىپ «تاھىر - زوھرا» ئوپېراسىدىمۇ باش قەھرىمان تاھىرنىڭ رولىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ مەردانە، ياڭراق، خۇش ئاۋازى تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ل. مۇتەللىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەشنىڭ تېز ئارىدا غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلدۈرۈلگەن «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق سەھنە ئەسىرىنىمۇ ئاقسۇدا يازدى.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا ياشىغان دەۋرى ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتىدە چوڭ قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئۆز ماھارىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتەرگەن دەۋرى بولدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر

مەزمۇن ۋە يۈكسەك لىرىكىلىق ھىسسىيات بىلەن تولغان «ياشلىق ئۈگەن»، «يىللارغا جاۋاپ»، «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» ۋە «خىيالچان تىلەك» قاتارلىق مەشھۇر شېئىرلىرى ئاقسۇدا يېزىلغان ئىدى. ئۇ يەنە ئاقسۇدا بولغان مەزگىلدە «ئاقسۇ گېزىتى» سەھىپىسىدە «جەنۇپ شامىلى» ناملىق ئەدەبىيات بېتى تەشكىل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ تەھرىرى ئاستىدا «جەنۇپ شامىلى» ناملىق مەجمۇئە (قەرەلىك ژورنال) نەشر قىلىنغان ئىدى. مەجمۇئەنىڭ تۇنجى سانى چىقىش بىلەن تەڭ گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتتى ۋە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ژورنالنى پېچەتلەپ تاشلىدى.

شائىرنىڭ «خىيالچان تىلەك» شېئىرى 1945 - يىل ئىيۇن ئايلىرىدا يېزىلىپ، ئاقسۇ مەتبۇئاتىدا ئېلان قىلىندى. بۇ ۋاقىت، پۈتۈن جۇڭگو دائىرىسىدە مىسلىسىز ئۇلۇغ بۇرۇلۇشلار مەيدانغا كېلىۋاتقان، ياپون جاھانگىرلىكى تەسلىم بولۇش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلاپ ئۇچقۇنى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ، ئىنقىلاپ بورىنى ئەۋج ئېلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي بولۇپ 3 ۋىلايەتتە پارتلىغان گومىنداڭ ئىستىبداتلىقىغا قارشى خەلق ئۇرۇشىنىڭ 2 - يىلى غەلىبىلىك داۋاملىشىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۆزىنى بۇ كۈرەشلەرنىڭ ئىچىگە قويغان شائىر بۇ شېئىرىدا ئوتكۇر يۈرەك سوزلىرىنى مىسرالارغا ئۈزۈلمەس قىلىپ تىزىپ چىقتى. شائىر ئۆزىنىڭ خەلق ئىنقىلاۋىغا بولغان تەلپۈنىشىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىدى:

"لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بېقىپ ئاسمانلارغا،
تەپەككۇر كوزى بىلەن كورىمەن روشەن بۇجەكلەرنى.

جانان ناز ئۇيقىدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس؟!
ئاشىغى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق روجەكلەرنى.

سۈيگۈ دېڭىزى چوڭقۇرلىقىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇلۇغىم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كولچەكلەرنى."

مۇنداق داغدۇغىلىق تەۋرەش ئالدىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تېخىمۇ غالجىرلاشتى. بولۇپمۇ شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايىتى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ جان تالىشىش ۋاقتىدىكى جەھەننەمگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئىنقىلاۋىي ھىسسىياتقا ئىگە دەپ ھىساپلىغان كىشىلەرنى، گۇمان ئاستىدىكى ئادەملەرنى ھەر خىل يوللار بىلەن تەقىپلەشكە ئۇرۇناتتى. خەلقنى گاس - گاچا ھالەتكە كەلتۈرۈپ، گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشلارنىڭ ھەقىقى خەۋەرلىرىنى جان - جەھلى بىلەن ئۇلارغا ئاڭلاتماسلىققا تىرىشاتتى. گېزىتلەرگە بولسا، قاش، كىرپىك ياسىلىپ، قۇراشتۇرۇپ چىقىرىلغان ساختا خەۋەرلەرلا بېسىلاتتى. لېكىن، شۇنىڭغا قارىماي، ل. مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجىغا ئوخشاش روشەن كۆرەش نىشانىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىر قىسىم ئاقسۇ ياشلىرى يەنىلا كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ۋە 3 ۋىلايەت قوراللىق كۈرۈشى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇلار بۇ خە-

ۋەرلەرنى يوشۇرۇن ھالەتتە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، ئىنتايىن پەخەسلىك بىلەن ئوقۇلىدىغان غۇلجا گېزىتلىرىدىن بىلىپ تۇراتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى غالجىرلاشقانسېرى خەلقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىمۇ ئاشماقتا ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت ۋەزىيىتىدىكى يېڭى يۈزلىنىش ۋە 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئاقسۇ ياشلىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تىغمۇ - تىغ كۈرەش قىلىش زورۇرلىگىنى ۋە مۇشۇنداق پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىگىنى چۈشىنىپ يەتتى. قەلبى ۋەتەن ۋە خەلق قايغۇسى بىلەن ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان ياش شائىر بۇنداق قىلىشنىڭ زورۇرلىگىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن ئىدى. 1945 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسىللىرى ئاقسۇ ياشلىرى شائىر ل. مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، شائىر بىلال ئەزىزلەر باشچىلىغىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» غا ئۇيۇشتى. ئۇلار ھەدەپ ياشلارنى تەشكىللەش، خەلقنى ئويغۇتۇش يولىدا جىددى ئىشلەۋاتقان بىر پەيتتە، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىغى تۈپەيلىدىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا 3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، باي، ئاقسۇ كونا شەھەرنى ئازات قىلدى، گومىنداڭچىلار ئاقسۇ يېڭى شەھەر سېپىلى ئىچىگە قامىلىپ قالدى. ئۆزىنىڭ ھالاكىتى يېقىنلىشىۋاتقانلىغىنى سەزگەن ۋەھشى دۈشمەن جان تالىشىش ئالدىدا تېخىمۇ غالجىرلاشتى. 3 ۋىلايەت قوشۇنى سېپىلنى بوسۇپ كىرىش جېڭىنى باشلىغان كۈنى گومىنداڭچىلار لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجا، بىلال ئەزىزلەرنى قەتلى قىلىپ ئۆلتۈردى. ئۇلار بىلەن بىللە يەنە ئاقسۇدىكى ياشلار ھەركىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولغان ئابدۇللا داۋۇتوپ، مەۋلانجان تۇردىيوپ، ئىبراھىم ئىدرىسوپ، ئوسمان مۇھەممەت، ئابدۇكېرىم ئارىپوپ، يۈسۈپجان نىياز، ئابدۇللا روزى، مۇساجان، تۇردى ھۇسەينوپ، قادىر ئېلى قاتارلىق ياشلارمۇ تۈرمە ئىچىدە ئۆلتۈرۈلدى.

شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ قېنى بىكارغا ئاقمىدى، ئۇلار كۈتكەن ۋە ئارزۇ قىلغان دەۋر ئاخىرى يېتىپ كەلدى. شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ چىن قەلبىدىن سۆيگەن جانىجان خەلق مەڭگۈ ئازاتلىققا ئېرىشتى!

خەلقنىڭ ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش يىغىنى باشلانغان كۈنى خەلق توپى ئىچىدە ل. مۇتەللىپ قاتارلىق جەڭگىۋار ياشلار يوق ئىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ خەلققە بەخت - سائادەت يەتكۈزۈش يولىدا باشلىغان جەڭگىۋار ئىشلىرى، ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى مەردانە سىماسى خەلق قەلبىدە يالقۇنجاپ ياناتتى.

خەلق توپى گومىنداڭ تۈرمىسىگە باستۇرۇپ كىرگەن چېغىدا، تۈرمە تېمىدا شائىرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا قان بىلەن يېزىپ قالدۇرغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرى قىپ - قىزىل چوغدەك يالتىراپ تۇراتتى:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،
ياش گۈلۈمنى غازان قىلدى قانخور ئەبلەخ.

تۆكۈلگەن قانلار ئىز - دېرەكسىز قۇرۇپ كەتمىدى. قىساس ئېلىش سوتلىرى باشلىنىپ كەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشلىق ياشلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا بىۋاستە قاتناشقان جاللاتلار ئامـ

# «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»

## كومېدىيەسى توغرىسىدا

ئېلى ئەزىز

خەلقىمىزنىڭ تالانتلىق پەرزەندى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، يالغۇز كوزگە كورۇنگەن شائىر بولۇپلا قالماستىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ ياخشى دراماتورگ ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا سەھنە ئەسەرلىرى يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولغان «تاھىر - زوھرا» داستانىنى ئوپېرالاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا «چىمەنگۈل»، «چىن مودەن»، «كورەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ»، «بۇراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» قاتارلىق بىر قانچە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ سەھنە ئەسەرلىرى ئوز ۋاقتىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سەھنىلەردە ئوينىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇشتا، خەلقنىڭ قەلبىگە پەن - مەدەنىيەت ئۇرۇغىنى چېچىش، خەلقىمىزنى ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئاتلاندۇرۇش، زۇلۇمغا ۋە ئادالەتسىزلىككە قارشى قوزغىتىش جەھەتلەردە چوڭ رول ئوينىغان ئىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر دراماتورگىيىسى ساھەسىدە كورسەتكەن خىزمىتىنى ئەسلىسەم، لۇتپۇللا مۇتەللىپكە بولغان ھورمىتىم شۇنچە ئاشىدۇ. ئەپسۇسكى، مەن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى كوز قارچۇقىمدەك ئاسراپ، 30 نەچچە يىل ساقلاپ كەلگەن بولساممۇ، جاھاننى مالىمان قىلغان "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" بۇ ئەسەرلەرنى مەندىن تارتىۋېلىپ، كويدۇرۇپ تۈگەتتى. مەن بۇ ماقالامدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ئەسلەش

---

مىنىڭ سوراق سەھنىسىگە سورەپ چىقىلدى. گومىنداڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جىڭشاجۈيىنىڭ باشلىقى، ياشلارنى قەتلى قىلىشنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇرغۇچى باش جاللات ۋۇشۇيېمىڭ، «ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» غا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان گومىنداڭ ئىشپىيونى ھېكىم نۇرلارغا ئولۇم جازاسى بېرىلىپ، نەق مەيداندا ئىجرا قىلىندى.

ئەپسۇسكى، 1966 - يىلى باشلانغان "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دا "توت كىشىلىك گۇرۇھ" ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرى ۋەتەن - خەلق يولىدا ئوزىنىڭ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلغان، گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىدا ئولتۇرۇلگەن ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنى "پانتۇركىست"، "گومىنداڭچى ئۇنسۇر"، "گىزەندە" قىلىۋەتمەكچى بولدى.

"توت كىشىلىك گۇرۇھ" تەرىپىدىن ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن تارىخ يېڭىۋاشتىن ئوز ئورنىغا كېلىپ، بىزنىڭ سويۇملۇك شائىرىمىزنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قايتا نەشر قىلىنماقتا. بۇ يىل ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن داغدۇغىلىق خاتىرىلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇنى چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلەيمىز.

يــوزىسىدىن، ئۇنىڭ «ســامساق ئاكــاڭ قاينايدۇ» ناملىق كومېدىيىسىنى يولداشلارغا تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

«سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» كومېدىيىسى ئۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈسكە، قويۇق تۇرمۇش پۇ- رىقىغا، رىئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كوزگە تاشلىنىپ تۇرى- دۇ. بۇ ئەسەرنى ئاپتور 1942 - يىلى فېۋرالدا — شىنجاڭ گېزىتىدە تەھرىرلىك قىلىۋاتقان چاغ- لىرىدا يازغان. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئىلغار دېموكراتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا مەدەنى ئاقارتىش ئىشلىرى، دېموكراتىك - ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركەتلەر كەڭ قانات يايغان ئىدى. خەلق جاھالەتتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىزار ئىدى. ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ چىپ- چەكلەشكە باشلىغان يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتى، مەدەنى ئاقارتىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەر- كەتلىرى ئۆز تەرەققىياتى يولىدا كونا ئىدىيە ۋە جاھىل كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىن تۈس ئالغان ئىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ «سامساق ئاكاڭ قاينايدۇ» ناملىق كومېدىيىسىدە مۇشۇنداق بىر رىئاللىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، سامساق ئاكا ئوبرازى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش ۋە تەربىيىلەش- نى، خۇراپاتلىققا ئوت ئېچىپ، خەلقنى يېڭىلىققا باشلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

ئەسەرنىڭ ئومۇمى ۋەقەلىكى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئاددى بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشلىرى- رىگە يېڭىلىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سىڭگەن. ئومرىنى ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن 50 نەچچە ياشلىق سامساق ئاكا سەممىي، ئاقكۆڭۈل، خۇشچاقچاق ئادەم بولۇپ، ئۆزى ساۋاتسىز ئىدى. كونا جەمئىيەتنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش شارائىتى ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە جىددى تەسىر يەتكۈزۈپ، كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ 2 - ئوغلى مۇھەممەت ئاپرىل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى دەۋردە يېڭى مەكتەپتە ئوقۇپ چىقىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ سۆيگىنى مەريەم يېڭى ئېچىلغان دوختۇرخانىدىكى بىر ۋىراچ بولۇپ، كوز دوخ- تۇرلىقىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. بۇلار توي قىلىش ئالدىدا سامساق ئاكىنىڭ كوزىنى ئېچىشنى ئۆز ئالدىغا شەرت قىلىپ تويۇشقان ئىدى. لېكىن ئۇزۇن يىل ھوكۇم سۈرگەن خۇراپاتلىق سامساق ئاكىسىنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالغاچقا ئۇ دوختۇر ئارقىلىق كوزىنى داۋالاشنى خالىماي، خوتۇنى زورىخاننى ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ، رەددامە ئوقۇتۇش، دۇئا قىلدۇرۇش، چاچراتقۇ سالدۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

سامساق ئاكىنىڭ ئىنىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئوغلى مىجىت مۇشۇ ئائىلىدە ئوسۇپ چوڭ بولىۋاتاتتى. ئۇ خوشنىسىنىڭ ئوگەي قىزى روزىخاننى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىدى. بۇ ئىككى ياش ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن يېشى چوڭىيىپ قالغاچقا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشقا نومۇس قىلاتتى.

مۇھەممەت ۋە مەريەملەر سامساق ئاكىنى ئۆز خاھىشىغا قويماي، قايتا - قايتا تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇنى دوختۇرخانىغا ئالدۇرغان بولسىمۇ، دەل ئوپېراتسىيە قىلىش ۋاقتىدا سامساق ئاكا دوختۇرخانى- دىن قېچىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇ "دوختۇرخانىدا كوزنى ئوپېراتسىيە قىلماي ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىتنىڭ كوزى- نى سالىدىكەن" — دەپ ئاڭلىغان ئىدى. مۇھەممەت ۋە مەريەملەرنىڭ جىددى ئىزدىنىشچانلىق كۆرسى- تىشى ئارقىسىدا، سامساق ئاكىنىڭ كوزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئېچىلىدۇ، مىجىت ۋە زورىخانلار سا-

AltunOq

ۋاتالىق بولۇپ يېتىشىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا مۇھەممەت، مەريەم ۋە مىجىت، زورىخاندىن ئىبارەت 4 ياشنىڭ تويى بىر كۈندە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مانا مۇشۇ ۋەقەلىكنى ئاساس قىلغان «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» كومىدىيىسىدە، ھەقىقەتەن كومىدىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، كىشىلەرنى چوڭقۇر ھاياجانغا سېلىپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلدۈرىدىغان بىر قانچە تەرەپلەر بار. پەردە ئېچىلىش بىلەن بىز سەھنىدە ئۇزىنىڭ ئۇلۇق غايە ۋە ئىستەكلىرى، ئۆز ئارا مۇھەببەتى توغرىسىدا سوزلىشىۋاتقان مۇھەممەت بىلەن مەريەمنى كورىمىز.

“خەلقىمىز جاھالەتلىك زامانىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى، ئۇزلىرىنىڭ نادان قالغانلىغىنى چۈشىنىپ كەتكىنى يوق. شۇڭا ئۇلار يېڭىلىقنى تېزلا قوبۇل قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنى خۇراپاتلىق خەلقىمىزنىڭ قەلبىگە تور باغلاپ كەتكەن. خەلقنى بۇ ھالەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە سىز بىلەن بىز ئاقارتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز كېرەك!”

“دادامنىڭ كوزى ئېچىلىپلا كەتسە، خەلقى ئالەمگە پەننىڭ كۈچىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلغان بولاتتۇق.”

يىگىت بىلەن قىزنىڭ سوھبىتىدىن ئېلىنغان بۇ دىالوگلار بىزگە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، مەقسەت، ئارزۇلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى قۇرۇق، مەنىسىز مۇھەببەت ئەمەس، خەلقىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلانغان، يۈكسەك ئارزۇ ۋە ھىسسىياتلار بىلەن تولغان مۇھەببەت!

مۇھەممەت بىلەن مەريەم سىرتقى كىيىملىرىنى ھويلىغا سېلىپ قويۇپ، سەگەش ئۈچۈن باغقا كىرىپ كېتىدۇ. ئىچكىركى ئۈيدە پەنجىرىدىن مارىلاپ تۇرغان مىجىت ھويلىغا چىقىپ، ”كاككۇك بىلەن زەينەپتەك“ بۇ ئىككى ياشنىڭ مۇھەببىتىگە چوڭقۇر مەسلىگى كېلىدۇ. دەل شۇ پەيتتە خىمىرتۇرۇش سوراپ ئۇنىڭ مەشۇغى روزىخان كىرىپ كېلىدۇ. بۇ ئىككى ياش ئۇزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشىلەردىن بولۇش توغرىسىدىكى ئارزۇ - ئۇمىتلىرى ئۈستىدە سوزلىشىدۇ.

بىزمۇ ئاشۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ، ماتروشكا (پاتروشكا دىمەكچى) ئىباسىپ، يانمۇ - يان ماڭساق قانداق يارىشاتتى - ھە! — دەيدۇ مىجىت ۋە قىزنىڭ ئۇنىمىغانلىغىغا قارىماي، دوختۇر مەريەم باققا كىرىش ئالدىدا دەرەخكە ئېلىپ قويغان ئاق خالاتنى روزىخانغا كەيگۈزۈپ، ئوزى ئاكىسى مۇھەممەتنىڭ كەپكىسىنى كىيىدۇ. مىجىت بۇنىڭغىمۇ قانائەتلەنمەي ئۆيگە كىرىپ ئاكىسىنىڭ پەلتۇسىنى كىيىپ چىقىدۇ، روزىخانغىمۇ بىر ئىگىز پاشنىلىق توپلەينى ئەپچىقىپ كەيگۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرى ”ئەپەندى“ بىرى ”دوختۇر“ بولۇپ، پاتروشكىلىشىپ ھويلىنى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق بىر قىزىقچىلىق ئۈستىگە مۇھەممەت بىلەن مەريەم باغدىن قايتىپ چىقىدۇ...

— بۇ كىيىملەر بىزگىمۇ يارىشىدىكەن، بىزنىمۇ ئۆزەڭلەردەك ئادەم قىلىپ قويساڭلار! — دەپ مۇراجەت قىلىدۇ خىجىللىق ئىچىدە مىجىت.

— ئەپەندى ياكى بىلىم ئىگىسى بولۇش كىيىم كىيىش بىلەن بولمايدۇ، ئىلىم بىلەن بولىدۇ! — دەيدۇ مۇھەممەت ئۇلارغا چۈشەندۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ مۇھەممەت مىجىتنى ساۋاتلىق قىلىشنى مەريەم روزىخاننى سىستىرا قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىدۇ.

كومىدىيىنىڭ بۇ بىر كورۇنۇشىدىن شۇنى كورەلەيمىزكى، ئاپتور كىشىلەرنىڭ ھەركىتى بىلەن ئىدىيەۋى ھالىتىنى زىچ بىرلەشتۈرگەن ۋە مۇشۇ ھالەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى مەرىپەت يولىغا باشلىغان.

سەھنىگە رەدنامە سۈيى ئىزلەپ "يەتتە بۇلاق" قا بېرىپ كەلگەن زورىخان ئاچا كىرىدۇ. ئۇ ئاۋال سامساق ئاكا ئۈچۈن تاماق تەييارلاپ، ئاندىن كېيىن داخان ئىزلەپ مېڭىشنى كوڭلىگە پۈكۈپ، ئاش ئېتىش ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆيگە كىرىدۇ. سەھنىگە ئوپېراتسىيە قىلىنىشتىن قورقۇپ دوختۇرخانىدىن قېچىپ كەلگەن سامساق ئاكا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە دوختۇرخانىدىن بېرىلگەن ئاق ئۇزۇن خالات، بېشىدا ئاق پوسما بار ئىدى. ھېرىپ ـ چارچىغان سامساق ئاكا ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى سۇپىغا ئاتىدۇ. ساندۇقتىن ئۇن ئېلىش ئۈچۈن چىققان زورىخان ئاچام سۇپىدىكى ئاق خالات كەيگەن، ئىڭىكى تېڭىلغان سامساق ئاكىنى كورۈپ:

— دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلىمەن دەپ جېنىڭنى ئالغان ئوخشىمامدۇ، كېپەن كىيدۈرۈپ ئۆيگە ئەكىلىپ تاشلىۋەتكىنى نىمىسى؟! — دەيدۇ دە، ھۆڭگۈرەك تارتىپ يىغلاشقا باشلايدۇ.

يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن سامساق ئاكا "خوتۇن، مەن ئولمۇدۇم، يىغلىما!" دەيدۇ. "ئولگەن ئادەم" نىڭ سوزلىشىنى بىرىنچى قېتىم كورگەن زورىخان ئاچا تېخىمۇ قورقۇپ "بۇ سوزلەۋاتقان باللانىڭ دادىسىنىڭ روھمۇ؟!" دەپ ۋاقىرايدۇ يالۋۇرغان ھالدا. ئاخىرى ئۇ سوز- لەۋاتقان سامساق ئاكىنىڭ روھى ئەمەس، ئوزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن يۈرىگى جايىغا چۈشىدۇ. سامساق ئاكا دوختۇرخانىدىن قانداق قېچىپ كەلگەنلىكىنى سوزلەپ بېرىدۇ. شۇ ئەسنادا سىرتتىن مىجىت كىرىپ دوختۇرخانىدىن بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئىزلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ، "يائاللا، خوتۇن، مېنى بىر پىنھان جايغا جايلاڭلار!" دەپ مۇراجەت قىلىدۇ، سامساق ئاكا. ئۇنىڭ كوزى كورمىگەچكە تام ياقىلاپ سىيپىلاپ يۈرۈپ قولى ساندۇققا تېگىدۇ. "خوتۇن، مېنى مۇشۇ ساندۇققا جايلاشتۇرۇڭلار" دەيدۇ ئۇ ۋە دەرھال ساندۇق ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. سامساق ئاكىنى ئىزلەپ كىرگەن دوختۇرلار سەھنىگە كىرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ياش ۋىراچ مەريەم قىز ۋە سامساق ئاكىنىڭ ئوغلى مۇھەممەتمۇ بار ئىدى. لېكىن زورىخان ئاچام ئىللا - بىللا تېنىپ، ئېرىنىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ئىقرار قىلمايدۇ. ئوز ئارا سوزلىشىش ئارقىلىق سامساق ئاكا ۋە زورىخان ئاچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە "دوختۇر- لار كوزنى ئوپېراتسىيە قىلسا، كوزنى ئويۇپ ئېلىۋېتىپ، ئىتنىڭ كوزىنى سالارمىش" دىگەن ئەندى- شىنىڭ بارلىقى ئاشكارىلىنىدۇ. "ياق، كوزنى ئويۇپ ئېلىۋېتىدىغان ئىش يوق، پەقەت كوزنىڭ ئاق پەردىسىنى دورا بىلەن سۈرۈپ ئالىمىز" دەپ چۈشەندۈرىدۇ دوختۇر مەريەم. مىجىت دوختۇرلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاكىسى مۇھەممەتكە ئىشارەت قىلىپ

ساندۇقنى كورسىتىدۇ ... سامساق ئاكا ساندۇق ئىچىدىن ئېلىپ چىقىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈستى - بېشى ئاپپاق ئۇنغا مىلىنىپ، خۇددى "پوستەكچىنىڭ ئوزى" بولۇپ قالغان ئىدى. سەھنە ئەسىرىدىكى مانا بۇ ئىككى خىل كورۇنۇش ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈلكىلىك بولۇپ، قويۇق كومېدىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى كورۇنۇشى توي بىلەن ئاياقلىشىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇھەممەت بىلەن دوختۇر مەريەم ئەزەلدىن يېقىملىق تەرەپدارى بولغاچقا، ھېچقانداق تويلۇق شەرتى قويۇشمايدۇ. ئوقۇپ ساۋاتلىق بولۇپ قالغان مىجىت بىلەن زوردخانىمۇ ئالىمقاچان ئوز ئارا كېلىشىۋالغان ئىدى. دوختۇرلارنىڭ كوكۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىلىق كوزى ئېچىلغان سامساق ئاكا: ئىلىم - پەننىڭ ئۇلۇق كۈچ - قۇدرىتىنى تونۇيدۇ. ئۇ ئوزىنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن ئوتكەن كۈنلىرىگە ئېچىنىپ: "ھازىر كوزۇممۇ ئېچىلدى، دىلىممۇ ئېچىلدى" دەيدۇ. ئىككى جۇپ ياشنىڭ يېقىمچە ئوتكۈزۈلگەن توي مۇراسىمى ھەقىقەتەن ناھايىتى قىزغىن، داغدۇغىلىق ئوتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ توي مۇراسىمىنى ئەكس ئەتتۇرگەن ئاخىرقى كورۇنۇش ناخشا - ئۇسۇل ئىچىدە ئاياقلىشىدۇ.

دىمەك «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» كومېدىيىسى يېقىملىق بىلەن كونىلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش تېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى ياخشى تاللىنىپ قالماستىن، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە قويۇق كومېدىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولالىغان. شۇڭا بۇ سەھنە ئەسىرىنى كورگەندە، تاماشىبىنلار ھەرگىزمۇ زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ.

بىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلىگىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۇيغۇر دىراماتورگىيىسىنى يارىتىش ۋە بېيىتىش جەھەتتە سىڭدۇرگەن ئەمگەكلىرىنىمۇ مۇۋاپىق باھالىشىمىز، ئۇنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى يېزىش جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئۇگىنىپ، ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كوتىرىش يولىدا ئوزلۇكسىز تىرىشىشىمىز لازىم.

## تۇرمۇشقا چوكۇش

گۇلنارنىڭ خىزمەتتە چېكىنىپ، يامان تەسىر بېرىۋاتقانلىقىنى كورگەن دوستلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىۋىدى، گۇلنار مەيدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ:

— تېخى بىلمەيۋاتامسىلەر، مەن ئوزەمگە بولۇنگەن قالاق ئوبرازنىڭ تۇرمۇشىنى بېشىمدىن كەچۇرۇپ، رولغا ماسلىشىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى.

## ئارتىست بولىمەن

— غەيرەت ئۇكام، نىمىشكە ھەر كۈنى رېپىتىس زالىنىڭ ئىشىگىدىن مارايسەن. — دىدى بىر ئارتىست ئۇنىڭ بۇ قىلىقىنى كورۇپ ھەيران بولۇپ.

— ئاكا، بەزىلەر ئارتىستلىقنى مەكتەپتە ئوقىمايمۇ ئىشىك يوچۇغىدىن ئۇگىنىۋالغىلى بولىدۇ، دەيدۇ. مەنمۇ شۇنداق ماراپ يۈرۈپ ئارتىستلىقنى ئۇگەنمەكچىدىم. — دەپ جاۋاپ بەردى غەيرەت.

ئايشەم توختى




ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ماغاز سۇلايمان،

ئاتاقلىق قازاق ئاقىنى ئابايىنىڭ:

"ئاچقۇچىسى ئۆلەڭ① ھايات ئىشىگىنىڭ،

ئۆلەڭ بىلەن يەر قوينىغا كىرەر جىسمىڭ."

دىگەن مەشھۇر ئىككى مىسرا شېئىرى پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن ئاخشىمى تاڭ ئاتقىچە ئۆلەڭ ئېيتىپ، پەرزەنتكە بولغان چەكسىز چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببىتىنى ھەم خوشاللىغىنى ئىزھار قىلىدىغان، ھاياتلىق دۇنياسىغا ئۆلەڭ ئېيتىپ قەدەم تاشلايدىغان، پۈتكۈل ھاياتىنى قايىنام - تاشقىنلىق ئۆلەڭ دېڭىزى ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان، ھەتتا دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان كىشىلەرنىمۇ يەر قوينىغا ئۆلەڭ ئېيتىپ ئۇزىتىدىغان، ئۆلەڭنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كورىدىغان سەنئەتخۇمار قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى بەدىئى تەسۋىرى دىسەك قىلچىمۇ مۇبالىغە بولماس.

ھورمەتلىك كىتابخان، سىز قازاق خەلقىنىڭ توي - توكۈن ياكى باشقا ئاممىۋى كوڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا ئۆزىگە خاس قويۇق مىللى ئالاھىدىلىگى چاقناپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتى — ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا قاتنىشىپ باققانمىدىڭىز؟

ئېيتىشىش — قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ، بېيىپ، تولۇقلىنىپ ھەم يېڭىلىنىپ كېلىۋاتقان، قازاق خەلقىنىڭ ئارىسىغا ئەڭ كەڭ تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەر - چەس باغلىنىپ كەتكەن، قازاق خەلقى ئەڭ ياخشى كورىدىغان قويۇق مىللى ئۆزگىچىلىككە ۋە ئىجادى خاراكتىرگە ئىگە ئالاھىدە بىر خىل ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتى. ئېيتىشىش مەزگىلىدە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاقىن دومبۇرا ياكى باشقا بىر چالغۇ ئەسۋاۋنى مەلۇم بىر ئاھاڭغا چېلىپ، سورۇندا ئۆلەڭ ئېيتىپ، مۇسابىقىگە چۈشىدۇ، ئەگەر چالغۇ ئەسۋابى بولماي قالسا، ئۇلارى نەق مەيداندىلا ئىجات

①ئۆلەڭ — شېئىر، بېيىت، غەزەل مەنىسىدە.

قىلغان ئۆلەڭنى ئىختىيارى ھالدا تاللىۋالغان بىر ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ، مۇسابىقىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. دېمەك: ئېيتىشىشتا چۈشكەن ئاقىنلار ھەم ئىجات قىلغۇچى، ھەم ئورۇنلىغۇچى، شۇنداقلا مۇسابىقىگە چۈشكۈچى ماھىر سەنئەتكارلار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ماھارىتىنى، كۆپىنچە توي-تۆكۈنلەردە ياكى باشقا ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا (مەسىلەن: قىز ئۇزاتقاندا، كېلىن چۈشۈرگەندە، پەرزەنت كۆرگەندە، قوي گۈزەتكەندە، خەتمە تويدا، كوللېكتىپ گۈلەڭگۈچ ئوينىغان چاغلاردا) كۆرسىتىدۇ.

ئېيتىشىشتا سورۇندىكى ھەممىلا ئادەم قارا-قويۇق چۈشۈۋەرمەيدۇ، بەلكى ئاۋۇلنىڭ ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنى تەشكىللىگۈچى ئابرۇيلۇق يىگىتلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا ئېيتىشىشتا چۈشەلەيدىغان كىشىلەر تاللىنىپ، تۆت كىشىدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپىلارغا تەشكىللىنىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپىدىكى ئىككى كىشى ئاساسلىق ئېيتىشىشتا چۈشكۈچى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ، قالغان ئىككى كىشى ئاھاڭغا قوشۇلۇپ، ئاساسلىق ئېيتىشىشتا چۈشكۈچىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىلھاملاندۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئېيتىشىشتا چۈشكەن ئىككى تەرەپنىڭ، كۆپىنچە بىر تەرىپى ئايال يەنە بىر تەرىپى ئەر بولىدۇ، ئىككىلا تەرىپى ئەر بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئېيتىشىشتا چۈشكەن ئىككى تەرەپ خىيالىغا كەلگەن سۆزلەرنى قاپىيىگە چۈشۈرۈپلا كەلسە-كەلمەس ئېيتىۋەرمەيدۇ. ئېيتىشىش ئۆلەڭلىرىدە شېئىرىي ئەسەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ۋەزىن، مىسرالارنىڭ بوغۇم چېكى، قاپىيە قاتارلىق بەدىئىي ئۆلچەملەر تولۇق ھازىرلىنىشتىن تاشقىرى، ئۆلەڭدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىر باشتىن-ئاياق باغلىنىشلىق، مەنتىقىلىق بولۇشى، ئىزچىل، تەرتىپلىك ھەم سىستېمىلىق راۋاجلىنىشى، ھەمدە ئۆلەڭچىلەرنىڭ ھازىر جاۋاپ بولۇشى قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇبادا بىر تەرەپ گەپتە ئۇتتۇلۇپ، قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرالماي قالسا، يېڭىلگەن ھېساپلىنىدۇ-دە، يەڭگەن تەرەپكە، كۆپىنچە قولياغلىق ياكى لوڭگە تەقدىم قىلىدۇ. قازاق خەلقىنىڭ "ياغلىق تون بولمايدۇ، يول بولىدۇ" دېگەن ماقالى ئەنە شۇنداق ئادەتنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك. ئېيتىشىش ئەۋجىگە چىقىپ، سۆز ماھىرلىرى قارشى تەرەپنى سۆز بىلەن يىقىتقاندا، ئېيتىشىشنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان سورۇندىكى كىشىلەر چەكسىز قايىل بولۇشۇپ قىزغىن تەنتەنە قىلىشىدۇ.

ئېيتىشىشنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، قارا ئۆلەڭ ئېيتىشىش — ئېيتىشىشنىڭ ئەڭ قەدىمقى شەكلى بولۇپ، ئۇ، — ئېيتىشىش مەزگىلىدە ئېيتىشىشقا چۈشكۈچىلەرنىڭ ئاللىقاچان ئەل ئارىسىغا تارقاپ ئومۇملىشىپ كەتكەن، ئالدىن-ئالا يادلاپ ئېلىنغان ئۆلەڭلەرنى ئېيتىشقا قارىتىلغان. ھەر قانداق ئاقىن ئەڭ دەسلەپكى مەشقىنى ئەنە شۇ قارا ئۆلەڭدىن باشلاپ، پەيدىن-پەي پىشىپ يېتىلىپ، بارا-بارا ئۆزى مۇستەقىل ھالدا نەق مەيداندىلا ئۆلەڭ توقۇپ، باشقىلار بىلەن مۇسابىقىگە چۈشەلەيدىغان ماھارەتنى يېتىلدۈرىدۇ. «ئاقىن» دېگەن نام ئەنە شۇ چاغدىلا بېرىلىدۇ. قىزلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە ئېيتىلىدىغان «تاغ ئۆلەڭ» ، «سۇ ئۆلەڭ»، «يەر ئۆلەڭ» ، «بېلىق ئۆلەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ئالدىنئالا يادلاپ ئېلىنىپ ئېيتىلىدىغان ئۆلەڭلەرمۇ ئېيتىشىشنىڭ بىر تۈرى. ئېيتىشىشنىڭ مۇنداق تۈرى ئۆرپ-ئادەت ئېيتىشىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۆرپ-ئادەت ئېيتىشىشىدا قىز بىلەن يىگىت قارا ئۆلەڭ ئارقىلىق بىر-بىرسىگە

AltunOq

ھەزىل - چاقچاق قىلىشىپ بەسلىشىدۇ ياكى بىر - بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىدۇ. ئېيتىشىشنىڭ ئەڭ كوپ تارقىلغان ھەم ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۈرى، ئاقىنلار ئېيتىشىشى بولۇپ، ئۇمۇ ئېيتىشىش (ئېيتىشىشقا چۈشكۈچى ئىككى تەرەپ نوۋەتلىشىپ، بىر كوبلېت - بىر كوبلېتتىن ئېيتىشىش) ھەم سورۇپ ئېيتىش (بىر تەرەپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ، كەڭ - كۇشادە پۇخادىن چىققىچە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن قارشى تەرەپكە نوۋەت بېرىش) دەپ ئىككى خىلغا بولىنىدۇ. ئېيتىشىشنىڭ خەت، تېپىشماق، مەسەل قاتارلىق شەكىللىرىمۇ بار. قەدىمقى دەۋرلەردە ئەرەپلەرنىڭ ئېيتىشىشقا چۈشكەن شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى قەغەزگە يوغان قىلىپ يېزىلىپ، يەرمەنكە كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ كوزى چۈشكىدەك مۇھىم ئورۇنلارغا قويۇلاتتى. قازاق ئاقىنلىرىنىڭ يېزىق ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇلىدىغان ئېيتىشىشى ئەنە شۇنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئېيتىشىشنىڭ تېپىشماق شەكلى — ئاقىن ئۆلەڭ شەكلىدە بىر تېپىشماق ئېيتىپ، قارشى تەرەپنىڭ دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قارشى تەرەپ تېپىشماققا ئۆلەڭ بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ كوپىنچە، ئايال ئاقىن تېپىشماق ئېيتىپ، ئەر ئاقىن تېپىشماقنى يېشىدۇ. جاۋاپ بەرگۈچى تەرەپ تېپىشماقنى دەرھال يېشىپ بېرىشى ھەم تېپىشماقنىڭ مۇۋاپىق جاۋابىنى نەق مەيداندىلا ئۆلەڭ شەكلىدە مەلۇم بىر ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ بېرىشى لازىم بولغاچقا، تېپىشماقنى يەشكۈچى ئاقىننىڭ زىممىسىدىكى يۈك تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئېيتىشىشنىڭ مەسەل شەكلى — ئاقىنلار ئۆز پىكرىنى يالاڭاچلا ئوتتۇرىغا قويماستىن، شېئىرىي مەسەل ئېيتىپ، دارىتمىلاپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئېيتىشىشنىڭ بۇندىن باشقا يەنە كورىشىش ئۆلىڭى، شەرىئەت ئۆلىڭى، مەدھىيە ئۆلىڭى، سېغىنىش ئۆلىڭى، شىكايەت ئۆلىڭى، ئەرز ئۆلىڭى، خوشلىشىش ئۆلىڭى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تۈرلىرى بار.

قازاق خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئىجتىمائى تۇرمۇش شارائىتىدا ئەزەلدىن ئېيتىشىشقا چۈشمەي ئاقىن، مەيدانغا چۈشمەي باتۇر چىققان ئەمەس. قازاق خەلقىنىڭ ئەسىرلەر بويى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدە سەنئەت شەكلى — ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك ئېقىل - پاراسىتى ۋە يۈكسەك سەنئەت ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان. شۈجە، سويىنباي، جامبۇل، نارتاي، ئۇمبەتالى، بىرجان، ئەسەت قاتارلىق كوپلىگەن مەشھۇر چېچەن ئاقىنلارنى تاۋلاپ يېتىشتۈردى. شۇنداقلا ئاقىنلار ئىچىدە ئالاھىدە شوھرەت قازانغان سارا، مانات، ئىرىسجان، ئاقبالا، كۈنبالا، تۇغجان، تەبىيە، ئولبىكە، مايسا، نۇرىلا، ئايكۇمۇچ قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئاقىن قىز - كېلىنچەكلەرنىمۇ تەربىيلەپ يېتىشتۈردى.

ئاقىنلار ئېيتىشىشنىڭ قېدىمقى تەرەققىياتى ھەققىدىكى تارىخىي قولىيازمىلار ئوتمۇشتىكى خىلمۇ - خىل ئىجتىمائى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ھازىرغىچە پەقەت 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يېزىپ قالدۇرۇلغان بەزىبىر تارىخىي قولىيازمىلارلا ساقلىنىپ قالغان.

يېقىنقى زامان تارىخىدىن ئېغىز ئاچقاندا، بىر چاغلاردا جىر چولپانلىرى دەپ نام ئالغان مەشھۇر ئېيتىشىش پىرلىرى بىرجان بىلەن سارانى ئالاھىدە تىلغا ئالماي ئوتەلمەيمىز.

بىر قېتىم سارانى سېغىنىپ يىراقتىن ئالاھىدە ئىزدەپ كەلگەن بىرجان سوز نوۋىتى كېلىپ سارىغا:

"مېنىڭ بارمايمەن قىزنىڭ ئالدىغا،
ناخشامدا كۈچلۈك بوران ئەۋجى بار،
يېقىن كەل، سارا، قىلماي چىشلىق①،
كەچكىچە بوزەك نايمان نەدە بار!؟"

دەپ چاقچاق قىلىشىغا، چېچەن سارا ئۇنىڭ سوزىنى دەرھال يۇلۇۋېلىپ:

"ئەي، بىرجان، كىمگە دارا ئامانلىغىڭ،
كېلىپلا مەلۇم بولدى يامانلىغىڭ.
ئەركەككە ئايال بۇرۇن بارامدىكەن،
روشەنغۇ شۇ سوزۇڭدىن نادانلىغىڭ.
ئادەمنىڭ يارلىغىنى توپىدىن ھەق،
بىلىندى نادانلىغىڭ سوزۇڭگە باق.
ئادەم ئاتا ئىزلەپ بارغان ھاۋا ئانىنى،
يوقمىدى ئاڭلىغىنىڭ بۇنى ئاخماق."

دەپ ئۇلەڭنى گوياكى شىددەتلىك توپ ئوقىدەك ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. بىرجان ئوزىنىڭ چاقچاقىدا يېڭىلىپ قالغانلىغىنى ئىزاھلاپ:

"قاراڭلار ئاقىن قىزنىڭ گەپلىرىگە،
تەپتى چىلىڭ چاقچىغىمنىڭ نەق بېلىگە.
قوساقتا ئۇماچ ئازمۇ ئالدىراپلا،
خەت يازدى قىسقا گەپنىڭ دەپتىرىگە."

دەپ بىر تەرەپتىن سارانىڭ ئۇلەڭ ئېيتىش ماھارىتىگە چىن دىلىدىن قايىل بولغانلىغىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن سارا بىلەن داۋاملىق ئېلىشىش نىيىتى بارلىغىنى بىلدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىش باشقا تېمىغا يوتكىلىپ، ئىككى ئاقىننىڭ تەپەككۇر قۇشلىرى ئەركىن پەرۋاز قىلىشىپ، ئېيتىشىش بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئوتۇش زورۇركى، ھەقىقى ئاقىنلار ئېيتىشىش جەريانىدا پەقەت بىرلا تېمىغا ياكى بىر تېمىنىڭ بىرلا تەرىپىگە ئېسىلىۋالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلار بىر مەزمۇن ئۇستىدىكى ئېلىشىشنى مەلۇم بىر پەللىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن، تېمىنى دەرھال يېڭى مەزمۇنغا يوتكەپ، يېڭى جەڭ مەيدانى ئېچىپ، ئېيتىشىشنى بارغانسېرى قىزىتىپ ھەم چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ ھىسسىياتىنى ئۇرغىتىپ، تەشنالىغىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىدۇ. قاتتىق تۇتىشىدىغان ئېيتىشىشلاردا مەيلى ئەر ياكى ئايال ئاقىن بولسۇن، قارشى تەرەپنىڭ ئۇلەڭ ئارقىلىق رەددىيە بېرىشىگە يول قويىدۇ. رەددىيە بېرىلگۈچى تەرەپ تېرىكمەيدۇ. ئەكسىچە بېرىلگەن رەددىيە مۇۋاپىق بولسىلا، ئوزىنىڭ قايىل بولغانلىغىنى ياكى يېڭىلگەنلىگىنى ئۇلەڭ ئارقىلىق ئىزھار قىلىدۇ.

ئېيتىشىشقا چۈشكەن ئاقىن ھەدىگەندىلا قارشى تەرەپنىڭ ئۇلىگىگە مىقتەك قادىلىپ، قارشى تەرەپنى ھۇشيارلىق بىلەن كۈزىتىپ ھەم تەتقىق قىلىپ، پۈتكۈل زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قەيسەرلىك

چىشلىق ① — چىشى دىگەن سوز ئەسلىدە مالغا قارىتا ئېيتىلىدۇ، بۇ يەردە ھەزىل تەرىقىسىدە ئېيتىلىۋاتىدۇ.

بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتسە، قارشى تەرەپنى ئوڭايلىقچە يېڭەلمەيدۇ، تىڭشىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرغىدەك يالقۇنلۇق ئۆلەڭلەرنىمۇ يارىتالمايدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قانداق ئاقىن ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىپ، تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۈستۈنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياكى كەينىگە يېنىپ قارشى تەرەپنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنى قەستەن يەرگە ئۇرۇشقا، قارشى تەرەپتىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنمايدۇ. ئاداۋەت ساقلىمايدۇ. قىسقىسى، ئاقىنلار ئېيتىشىشىدا قازاق خەلقىنىڭ "سۆزگە سۆز توغرا كەلگەندە، ئېيتمىساڭ ئاتاڭ ئۆلەر" دىگەن ھېكمەتلىك سۆزىگە قاتتىق رىئايە قىلىنىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرسى — سۆزگە يېقىلىدىغانلىقى، "سۆز تاپ-قۇچىغا دەۋا يوق" دەيدىغانلىقى.

مەيلى قازاق خەلقىنىڭ كۆپنى كۆرگەن دانىشمەنلىرى بولسۇن، مەيلى سۆز ماھىرلىرى بولسۇن سۆز تاپقان ئادەمنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيدۇ، چىن كۆڭلىدىن قەدىرلەيدۇ. شۇڭلاشقا ھەر قانداق ئاقىن ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىنى سۆز بىلەن يېڭىشنى ئېسىدىن بىر مىنۇتمۇ چىقارمايدۇ. مۇبادا ئېلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ بىر تەرىپى ئۆز سۆزىدە يېڭىنىڭ تۇشمىگىچىلىك بوشلۇق قالدۇرىدىكەن، يەنە بىر تەرەپ دەل ئاشۇ يەردىن تۇتىۋېلىپ، قارشى تەرەپنى يامپاشقا ئالىدۇ.

بىر قېتىم قىز ئۆزىتىپ كەلگەن بىر قۇداغى① قۇدىسىنىڭ ئاۋۇلىدا بىر نەچچە كۈنلۈك كۆڭۈللۈك توي مۇراسىمى جەريانىدا توختىماي ئۆلەڭ ئېيتىپ، مەيدانغا چۈشكەن ئاقىنلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىۋاپتۇ. ئۇ ھېچكىمنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمەي، كۆڭلى كۆتىرىلىپ، ئىلھامى جۇشقۇنلاپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇ ئاۋۇلنىڭ ھوشيار بىر ئاقىن يىگىتىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. قۇداغى ئاقىن يىگىتنى كۆرۈپلا:

"قۇدەكەم، قارىقات كۆز شوخ قەلەم قاش،
قۇيۇلار ئەسكە چۈشسەڭ كۆزۈمدىن ياش.
ئۆتۈپتۇ تالاي چاغلار كۆرمەي سېنى،
ئامانمۇ ئاۋۇل - ئايماق، تاغ بىلەن تاش؟"

دەپ بىر كۇبلىت ئۆلەڭ ئېيتىپتۇ. گەپنى ئامانلىق سوراشتىن باشلىغان قۇداغى ئۆلەڭنىڭ ئاخىرقى مىسراسىنى ئەسلىدە "ئامانمۇ ئاۋۇل - ئايماق، مال بىلەن باش؟" دىگەن سۆزلەردىن تەشكىللىگەن بولسىمۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئاغزىدا "مال بىلەن باش" دىگەن سۆزلەر چۈشمەي، ئەكسىچە "تاغ بىلەن تاش" دىگەن سۆزلەر چۈشكەن ئىكەن. يانپاشقا ئېلىشنى بىلىدىغان ھوشيار يىگىت دەرھال قۇداغىنىڭ ئۆلىڭىدىكى دەل ئەنە شۇ بوشلۇقنى چىڭ تۇتىۋېلىپ:

"قۇداغى كەلمىدىڭمۇ كۆپتىن بىرى،
سېغىندۇق ئاۋازىڭنى كۈندۈز - تۈنى.
ھەممىسى بۇندىن بۇرۇن ئامان ئىدى،
ئاخشام بىر يوغان تاغنى قاشقىر يىدى.

① قۇداغى — قازاقلار ئايال قۇدىنى قۇداغى دەپ ئاتايدۇ.

دەپ ئۆلەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىنى قەستەن سوزۇپ ھەم ئالاھىدە يۇقىرى تاۋۇش بىلەن ئېيتىپ توختىغاندا، ئېيتىشىشنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان خالايىق ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ئېيتىشىش ئاياقلاشقان دېيىشىدۇ.

يەنە بىر قېتىم مەلۇم بىر ئاقىن بايتال مىنىپ، ئىگىز تاققا چىقىپ كېتىۋاتسا، يوغان ئىككى تاشنىڭ كەينىدىن تۇيۇقسىزلا ئىككى ئوغرى چىقىپ قاپتۇ، ئۇلار ئاقىننى ئاتتىن يىقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بايتالنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، ئوقتەك ئېتىلىپتۇ. بۇنى سەزگەن ھوشيار ئاقىن ئەلپازى بۇزۇق ئوغرىلارغا قاراپ:

"سەپەرگە چىققان ئىدۇق ئات ئىككىمىز،
بۇ بايتال ئىدى ئەسلى بوغاز، سىمىز.
تار يولدا يولۇقتىڭلار ئىككى ئوغرى،
ھەققىم يوق قاچالمىسا رەنجىشكە ھەرگىز."

دەپ بىر كۇپلېت ئۆلەڭ ئېيتىپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ــ دە، بايتالنىڭ چۇلۋۇرىنى ئىككى ئوغرىغا ئۇزىتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھېلىقى ھاماقەت ئوغرىلار نېمە قىلىشنى بىلمەي "بولدى، بولدى، بايتال ئۆزەڭنىڭلا بولسۇن" دېيىشىپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىشىپ، ئۆز يوللىرىغا كېتىشكەن ئىكەن.

ئۆتمۈش جەمئىيەتتە فېئوداللىزم ئاسارىتىدىكى كەڭ قازاق داللىرىدا مۇھەببەت ھەم نىكاھ ئەركىنلىكى بولمىغاچقا، كەڭ قازاق ياشلىرى ئاقىنلار ئېيتىشىشىدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مۇشۇ ئەنئەنىۋى ئاممىۋى سەنئەت شەكلىنى ئۆز مۇرات ــ مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. مۇبادا قىز ــ يىگىت بىر ــ بىرسىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشسا، قىز "ئەگەر ئېيتىشىش جەريانىدا كىمدە ــ كىم مېنى يېڭىۋالسا، مەن ئاشۇ يىگىت بىلەن توي قىلىشقا رازىمەن" دېگەن شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز سۆيگىنىنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ، ئېيتىشىش جەريانىدا مەقسەتلىك ھالدا يىگىتكە يول قويۇپ، ئۆزى يېڭىلگەن قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. نەتىجىدە ئاقىن قىزنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئۆز قىزىنى يېڭىۋالغۇچى ئاقىن يىگىتكە بېرىشكە رازى بولاتتى. تارىختا قازاقلارنىڭ بەزىبىر مەشھۇر ئاقىن قىزلىرى كىمدە ــ كىم ئېيتىشىش جەريانىدا مېنى يېڭىۋالىدىكەن، مەن شۇنىڭغا تېگىمەن، دېگەن شەرتنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېيتىشىش جەريانىدا تالاي يىگىتلەرنى يېڭىپ ھەم سىناپ، ئاخىرى ئۆزىنى يېڭىۋالغان يىگىتلەرنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەم شۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۆمۈرۋايەت ئىناق ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس.

چاقچاق ــ ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ، بەدىئىي تىل ۋاستىسى بىلەن قىلىنىدىغان بۇ خىل سىپايە چاقچاق ئۆلەڭگە تەم كىرگۈزۈپ، ھەم ئۆلەڭنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، تىڭشىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتىرىپ، سورۇننى تېخىمۇ جانلاندۇرىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ماھىر ئاقىنلار ئېيتىشىش جەريانىدا بەزىدە بىر ــ بىرسى بىلەن تىغدەك ئۆتكۈر سۆزلەر ئارقىلىق تۇتۇشسا، بەزىدە ئورۇنلۇق سىپايى چاقچاقلار ئارقىلىق تۇتىشىدۇ.

ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ پايانسىز كەڭ تاغ ــ داللىرىدا چاپالىق ئەمگەك قىلىپ ياشاپ كەلگەن قەيسەر، ئەمگەكچان قازاق خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئاقىنلار

ئېيتىشىشى ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ئۆتمۈشتە ئاقىنلار ئېيتىشىشى قازاق خەلقىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەنئەت پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ ھەم شېئرىيەت، ھەم مۇزىكا، ھەم ناخشا، ھەم دراما رولىنى ئوينايتتى. كەڭ قازاق ئەمگەكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ شاتلىق ۋە قايغۇسىنى، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، غايە ۋە ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، بەختلىك ھايات، ئازاتلىق، تەڭلىك ھەم ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، ئاساسەن، ئاقىنلار ئېيتىشىشىدىن ئىبارەت مۇشۇ سەنئەت شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. قىسقىسى، ئۇلار سەنئەتتىن كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ كۆچمەنلىك تۇرمۇشىغا ماس كېلىدىغان مۇشۇ قولايلىق ھەم ئەپچىل شەكىل ئارقىلىق بەھرىمەن بولاتتى.

ئاقىنلار ئېيتىشىشى قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. مەزمۇنغا باي قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سان - ساناقسىز قىممەتلىك تارىخىي مىراسلىرى ئەسىرلەر بويى ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئارقىلىق ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا قازاق خەلقىمۇ ئۆزۈل - كېسىل قەد كۆتەردى. پارتىيىمىز قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتى — ئاقىنلار ئېيتىشىشىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بەردى. گۇڭشې، ناھىيە، ۋىلايەت، ئوبلاست دەرىجىلىك ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۈزۈلمەستىن كەينى - كەينىدىن بولۇپ تۇردى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى ھارپىسىدا ئالتاي ئاقىنلىرى ئاجايىپ كۆركەم قاناس كۆلى بويىدا، چۆچەكلىك ئاقىنلار ياپ - يېشىل مەخمەلگە پۈركەنگەن قوڭۇر ئوبا سازلىقىدا كۆڭۈللۈك ئۇچراشتى. پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىغا 60 يىل تولغان قۇتلۇق كۈن — 1981 - يىلى 1 - ئىيۇلدا ئىلى، چۆچەك ھەم ئالتاينىڭ تاللانغان مۇنەۋۋەر ئاقىنلىرى سۈرەتتەك نەپىس كۈنەس يايلىقىنىڭ مەشھۇر ئاق ئۆزەن ۋادىسىدا ئۇچرىشىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەنتەنىلىك بايرىمىغا ئۆلەڭدىن مول سوغا تەقدىم قىلىپ، قازاق ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ يولباشچىمىز كومپارتىيىگە، ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ئانا ۋەتىنىمىزگە بولغان چەكسىز چوڭقۇر ھەم ئاجايىپ يالقۇنلۇق مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى كىشىنى شاتلاندۇرىدىغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە غەلىبىلىك جەڭ قىلىۋاتقان ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى.

ئازاتلىقتىن كېيىن كىچىككىنە ئاۋۇلدىن ئاتلاپ چىقالماي، ھەدېسىلا ئۆز قەبىلىسىنىڭ باي - بەگلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتىرىپ، قەبىلىۋازلىق، ياللانمىلىق قىلىپ، يەر - كۆككە سىغماي كېتىدىغان قىسمەن ناچار ھادىسىلەرگە ئۆزۈل - كېسىل خاتىمە بېرىلىپ، ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ مەزمۇنى ساغلام ھەم كۈچلۈك، سوتسىيالىستىك دەۋر روھى بىلەن سۇغۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئاقىنلار ئېيتىشىشىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىللىرى تېخىمۇ بېيىپ ھەم يېڭىلىنىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار رولىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا جارى قىلدۇرماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى قازاق ئاقىنلىرىنىڭ ئېيتىشىشى كەينى - كەينىدىن لېنتىغا ئېلىنىپ پايتەختىمىز بېيجىڭدىن پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلدى، شۇنداقلا توپلام قىلىنىپ، كەينى - كەينىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. پارتىيىمىزنىڭ پارلاق مىللىي سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى سەنئەت پائالىيىتى ئاقىنلار ئېيتىشىشى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىجابىي رولىنى تېخىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرغۇسى.

AltunOq



— ناخشا ئىجادىيەت پېشىۋاسى شۇبېرت ھەققىدە ھېكايە

(مۇزىكىلىق رادىيو دىرامىسى)

تەن پېگرو. ساۋلېي

## قاتناشقۇچىلار

فرانىس شۇبېرت — ناخشا ئىجادىيەت پېشىۋاسى.
فىگېل — ۋىنالىق مەشھۇر ئوتتۇرا ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى.
سىبوۋىن — شۇبېرتنىڭ دوستى.
مايىخوۋ — شائىر.
تېرېزا — شۇبېرتنىڭ ياش ۋاقتىدىكى قىز دوستى.
كارولىنا — كىنەز قىزى.
ئېيىز توخاچ — ۋېنگىرىيىلىك كىنەز.
بېتخوۋىن — ياۋروپانىڭ مەشھۇر مۇزىكا پېشىۋاسى.
ئاممە: كوچىدىكى خانىملار، ئايال ناخشىچى، ياش بارىن، كىنەز خانىمى، ئارىستوكرات ئايال، ھارۋىكەش قاتارلىقلار.

(لاننېرنىڭ تانسا مۇزىكىسى بېرىلىدۇ)

[كوچا ئىنتايىن ئاۋات. بايرام تەنتەنىسىگە چومگەن كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن — سۈرەن، كۈلكە - چاقچاقلىرى، ئاياللارنىڭ قاقاخلاپ كۈلگەن چىقىراق ئاۋازلىرى ۋە بايراملىق

سالييوتنىڭ پاراس - پۇرۇس، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئېتىلغان ئاۋازلىرى ئارىلاش ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا، تانسا مۇزىكىلىرىمۇ تۇرۇپ يىراقتىن، تۇرۇپ يېقىندىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بىر يېڭىنىڭ پەيتۇنىنىڭ يىراقتىن يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]

هارۋىكەش: (ۋاقىراپ تۇرۇپ) پوش! پوش!

[كىشىلەرنىڭ چوچۇپ ۋاقىراشقان، قاقاخلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ]

كوچىدىكى بىر قىز: (چاخچاق قىلىپ) قېنى جانابلار، پەيتۇندىن چۈشۈپ بىر تانسا ئويناۋەتمەمسىلەر! قاراڭلار، تەنتەنىلىك بايرىمىمىزغا ھوسۇن قوشۇپ تۇرغان ئاۋۇ رەڭگا - رەڭ ساليوتلار نىمە دېگەن گۈزەل - ھە!

هارۋىكەش: ھاي - ھاي، پوش دەيمەن، پوش! ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ ئاتنىڭ تۇيىقىنى سۆيمەكچىمىدىڭ - يا!

[بىر پەس ئايالالارنىڭ قاقاخلىشىپ كۈلگەن چىقىراق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. پەيتۇن ئۈچقاندەك چېپىپ يۈرۈپ كېتىدۇ]

چۈشەندۈرۈش: مانا بۇ تەنتەنىلىك بايرام كېچىسىدە، بىر پەيتۇندا ۋېنالىق مەشھۇر ئوردا ناخشىچىسى فىگىل ۋە ئۇنىڭ ياش دوستى سىبوۋىن، كىشىلەر قىستىلىشىپ يۈرگەن پاسكىنا كوچىدا ھەر خىل ياسىنىشىپ يۈرگەن تانسىكەشلەر ئارىسىنى تەسلىكتە يېرىپ ئۆتۈپ، ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

فىگىل: سىبوۋىن، مەن زادىلا چۈشەنمەيۋاتىمەن، بۈگۈن كەچتە ۋېنادا ئاز دېگەندىمۇ 1500 ئورۇندا مۇزىكا كېچىلىكى ۋە تانسا ئويۇشتۇرۇلىدۇ. ئۇ يەردىكىلەر ھازىر مېنى ساقلىماقتا. لېكىن سەن بولساڭ ماڭا خۇددى كاندەك چاپلىشىۋېلىپ، سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتىسەن. دوستۇم، سىلەر زادى نىمە قىلماقچى؟ ياكى مەندەك 50 ياشقا كىرىپ قالغان قېرىنى ۋالىسقا پىقىراتماقچىمۇ؟

سىبوۋىن: ياقەي، ھۆرمەتلىك فىگىل ئەپەندىم، مەن سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى قانداقمۇ تانسا بىلەن زايا قىلىۋېتەلەيمەن! سىزنى پەقەت بىزنىڭ ئۆيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان كىچىككىنە مۇزىكا كېچىلىكىگە تەكلىپ قىلماقچىمەن. ھازىر كۆپچىلىك سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتمەكتە.

فىگىل: ھە، سىبوۋىن كېچىلىكى دەڭا!

سىبوۋىن: ياق، شۇبېرت كېچىلىكى.

فىگىل: شۇبېرت؟ شۇبېرت دېگەن كىم؟ ئۇ ئەندى نەدىن پەيدا بولدى؟

سىبوۋىن: ئۇنىڭ ئىسمى - فامىلىسى فرانىس شۇبېرت، 20 ياش، بۇ يەرگە كەلگىلى تېخى بىر يىل بولمىدى. بۇ يىگىت ھازىر بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزدىكى ئاساسلىق كىشى بولۇپ قالدى.

فىگىل: پەقەت شۇلىمۇ؟

سىبوۋىن: ھەئە.

فىگىل: سىلەر بۇ "شۇبېرت كېچىلىكى" نى كۆتۈرۈپ چىقىپ نىمە قىلماقچى؟ ياكى ئۇ بىرەر ئاقسۆڭەك ئەۋلادىدىنمۇ؟

سىبوۋىن: ياق، پۈتۈنلەي ئەكسىچە. ئۇنىڭ دادىسى كەمبەغەل بىر يېزا ئوقۇتقۇچىسى.

فىگېل: ئۇنداقتا، ئۇنى نېمە ئانچە ئەتىۋالاپ كېتىسىلەر؟ ياكى ئۇ ئوردا مۇزىكا ئومىگىنىڭ مۇزىكانتىمۇ ـ يە؟... مەن ئۇ يەردە بۇنداق ئىسىمنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىغۇ؟

سىبوۋىن: ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت بىر "ئەركىن كومپوزىتور"، خالاس...

فىگېل: "ئەركىن كومپوزىتور"؟ پاھ، بۇ قالتىس يېڭى ئىسىمغۇ! ئۇنىڭ باشقا ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوقمۇ؟

سىبوۋىن: يوق. ئۇ پەقەت ئەتىدىن كەچكىچە ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىدۇ... ھەي، سىز بارغاندا بىلىسىز، سىز ئۇنى چوقۇم چۈشىنەلەيسىز.

فىگېل: ھىم، "ئەركىن كومپوزىتور" دەپ قويۇڭ! بىلەمسىز، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە "ئەركىنلىك" دېمەك — خام خىيالغا ئامراتلىقنى قوشۇش دېمەكتۇر! ئەركىن كومپوزىتورمىش تېخى!

[بايرام سالىيوتلىرىنىڭ ۋىژىلداپ ئېتىلغان ئاۋازلىرى، قاقاخلاپ كۈلگەن ۋاڭ ـ چۇڭلۇق كۈلكە ۋە ھارۇنكەشنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازلىرى ئارىلاش ئاڭلىنىدۇ]

چۈشەندۈرۈش: پەيتۇن سىبوۋىننىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختايدۇ.

سىبوۋىن: مانا يېتىپ كەلدۇق!

[پەيتۇندىن ئىككى كىشى چۈشىدۇ. مېھمانخانىدىن پىئانىنونىڭ تەككەش قىلىشى ئاستىدا يۇقۇرى ئاۋازلىق بىر ئايال ناخشىچى ئېيتىۋاتقان شۇبېرتنىڭ «بۇۋى مەريەمگە مەدھىيە» ناملىق ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ]

سىبوۋىن: قېنى مەرھەمەت، ئۆيگە كىرىڭلار!

فىگېل: توختاڭ!

[ئۇلار ئىشىك ئالدىدا بىردەم توختاپ ناخشا ئاڭلايدۇ. ئىچكىرىدىن ناخشا ئىنتايىن يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ]

فىگېل: (ناخشىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويۇشنى خالىمىغان ھالدا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ناخشىغا مەپتۇن بولۇپ) ئاڭلاڭا، بۇ قايسى ناخشا؟

سىبوۋىن: بۇ «بۇۋى مەريەمگە مەدھىيە» دېگەن ناخشىغۇ!

فىگېل: كىمنىڭ؟

سىبوۋىن: سىز كىمنى سوراۋاتىسىز؟ ناخشىچىنىمۇ، شائىرنىمۇ ياكى كومپوزىتورنىمۇ؟

فىگېل: ئەلۋەتتە كومپوزىتورنى ـ دە!

سىبوۋىن: بۇ بىزنىڭ "ئەركىن كومپوزىتور" نىمىز ئىشلىگەن ناخشا.

فىگېل: شۇبېرتنىڭمۇ؟

سىبوۋىن: توغرا! دېمىدىممۇ، سىز ئۇنى چۈشىنەلەيسىز.

فىگېل: (ئۆز ـ ئۆزىگە) ھە، مەن ئۇنى ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدىم.

سىبوۋىن: قېنى، مەرھەمەت، ئەمدى كىرەيلى!

[ناخشىنىڭ ئاخىرقى كوپلېتى ئۆي ئىچىدىن ئېنىق ئاڭلىنىدۇ]

سىبوۋىن: (ناخشا ئاۋازىغا ئارىلاشقان ھالدا، ئاستاراق) مايىخوۋ، شۇبېرت قېنى؟

مايىخوۋ: بىلمەيمەن، ئۇنى كورمىدىم.

سىبوۋىن: سىلەر بىرگە كەلمىدىڭلارمۇ؟

مايىخوۋ: ياق، ئۇ چۈشتىن كېيىنلا چىقىپ كەتكەن.

[ناخشا تۈگىگەن ھامان، بىر توپ ئادەمنىڭ قىزغىن چاۋاك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

فىگېل: (چاۋاك چالغان ھالدا ئايال ناخشىچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ) پاھ، نىمە دىگەن ئېسىل ناخشا بۇ! مانا بۇنى ناخشا دىسە بولىدۇ. ھەقىقى ئېسىل ناخشا دىگەن مانا شۇنداق بولىدۇ! رەخمەت سىزگە، خانىم!

ئايال ناخشىچى: ئاھ، فىگېل جاناپلىرى، بۇنى شۇبېرت ئەپەندى ئىجات قىلغان. ئەگەر بۇ ناخشىنى ئۇزلىرىمۇ ئېيتىپ بېقىشنى خالىسىلا...

فىگېل: ياق، ياق، ئالدى بىلەن چوڭقۇرراق چۈشىنىشىم كېرەك. ناخشىنىڭ نوتىسى بارمۇ؟

ئايال ناخشىچى: (بىرمۇنچە ناخشا نوتىسىنى سۇنۇپ تۇرۇپ) بار، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇبېرت ئەپەندى ئىجات قىلغان ناخشىلار.

فىگېل: (نوتىلارنى قولىغا ئېلىپ ۋاراقلاپ تۇرۇپ ماۋزۇسىنى ئوقۇيدۇ.) «مەلئۇن»، «سەرگەردان»، «گىرىسىن دەستىگاھ يېنىدا»، «باھاردىكى ئىشەنچ»، (ناخشىنىڭ كوڭلىگە ياققان يەرلىرىنى ئۇ يەر - بۇ يەردىن تاللاپ غىڭشىپ ئوقۇيدۇ،) پاھ، نىمە دىگەن ئېسىل مىلودىيە بۇ! ھىسسىياتىمۇ شۇنچە ساپ ئىكەن. ھەقىقى تالانت دىگەن مانا! (ھەر بىر ناخشا نوتىسىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان ئىسمىنى ئوقۇيدۇ.) شۇبېرت... (ناخشا نوتىسىنى قولىدا سىلكىپ تۇرۇپ) ئەجابا، شۇنچە نۇرغۇن ئېسىل ناخشىلارنى ئىجات قىلغان ئادەم، شۇنچە ئەرزىمەس ئورۇندا بولسا... قەدىرلىك سىبوۋىن، قېنى ئۇ؟ ئۇنى سىز نەگە يوشۇرۇپ قويدىڭىز؟

سىبوۋىن: كەچۈرۈڭ، فىگېل ئەپەندى، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ھەقىقەتەن خىجالەتمەن، ئۇ نىمىشقا ھازىرغىچە كەلمەيدىكىنە! مايىخوۋ، ئۇ ساڭا نەگە بارىدىغانلىغىنىمۇ ئېيتمىدىمۇ؟

مايىخوۋ: ياق، ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىز قانداقتۇر بىرەر مىلودىيە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ يېزىۋاتامدىكىن - يا! ئۇ دائىم شۇنداق قىلىدىغان. يېزىشقا بىرلا ئولتۇرۋالدىمۇ، بولدى، ئۇنىڭغا بىرىلىپ كېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ.

سىبوۋىن: ئەگەر بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولىدۇ - دە.

فىگېل: بولدى، سىبوۋىن ئەپەندى، ئۇنىڭغا ئانچە كايىپ كەتمەيلى، ئەسلىدە بۇنداق تالانتلىق كىشىنى ئالدىغا بېرىپ ئېلىپ كېلىش كېرەك ئىدى.

مايىخوۋ: (كۈلۈپ تۇرۇپ) لېكىن سىز ئالدىغا بېرىپ ئېلىپ كەلمەكچى بولىۋاتقان بۇ تالانتلىق كىشى ئادەتتە ھەتتا ناشتىلىقنىمۇ پۇل تاپالماي دائىم ئاچ ئولتۇرىدىغۇ!

سىبوۋىن: (تۇيۇقسىز ئېسىگە ئېلىپ) توغرا، ئۇنىڭ ئالدىغا پەيتۇن ئەۋەتىپ ئېلىپ كېلىش كېرەك. ئېھتىمال، ئۇ كىرا ھەققىنى تولەشكىمۇ پۇلى يوق كېلەلمەيۋاتقاندۇ. بۈگۈنكىدەك بۇنداق تەنتەنىلىك بايرام كۈنىدە ھىچكىممۇ پىيادە مېڭىشنى خالىمايدۇ - دە! (ئىشىككە قاراپ ماڭىدۇ)...

[ئىشىك ئېچىلىپ جىددى ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ۋە ئۈز ئارا سۆزلەشكەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ.]

شۇبېرت: (يۈگۈرگەندەك ئىشىك ئېچىپ كىرىپ) سىبۇۋىن، ئوھا! (ھاسىرايدۇ) مېنى كەچۈر. كېچىكىپ قالدىم!

سىبۇۋىن: فىرانىس، سەن نەگە باردىڭ؟ مەن تېخى سېنى پەيتۇن بىلەن بېرىپ ئېلىپ كېلەي دەپ ماڭغان ئىدىم.

شۇبېرت: مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتاتتىم، قارىسام پۈتۈن كوچىلار بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن كىشىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئېسىمگە تۇيۇقسىز بىر ناخشا كېلىپ قالدى - دە، ئۇزەمنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا ئۇنى ئېيتىپ تاشلاپتىمەن. شۇندىن كېيىن ... شۇندىن كېيىن ئۇلار مېنى ئۇ ئۇسۇلغا تارتتى... (كۈلۈپ تۇرۇپ) ئەگەر بىر نەچچە پايلاقچى ئارىلاشمىغان بولسا راسا بىر ئوينىۋەتمەكچى ئىدىم!

سىبۇۋىن: (چېچىلغان ھالدا) كىشىلەر بىر ياقتا ئۇسۇل ئويناپ، پۇخادىن چىققىچە كۆڭۈل ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن پايلاقچىلار خۇددى چاشقاندەك تىمىسقىلاپ ئەتراپىمىزدىن چۆگىلەپ كېتەلمىسە، مانا بۇ خۇددى مېتېرنىڭ 1817 - يىلىدىكى بايرام مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئەھۋالنىڭ ئۆزىغۇ!

شۇبېرت: لېكىن، بايىلا كوچىلىك ئۇ پايلاقچىلارنى راسا ئاخماق قىلدى، (كۈلۈپ تۇرۇپ) بۇ ھەقىقەتەن تازىمۇ قىزىق ئىش بولدى - دە!

فىگېل: (ئالدىغا كېلىپ) قەدىرلىك سىبۇۋىن ئەپەندى، خاتالاشمىسام بۇ كىشى...

سىبۇۋىن: ھە، راست، فرانىس، مەن تېخى ساڭا بىر مېھمان باشلاپ كەلگەنلىكىمنى ئېيتماپتىمەن. ھەتتا ئۇ بىزنىڭ مۇزىكا كېچىلىكىمىزگە قاتناشقىنىغا ناھايىتى خوشال.

شۇبېرت: (فىگېلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ) فرانىس شۇبېرت. سىز بىلەن تونۇشقانلىقىم ئۈچۈن ناھايىتى خوشالمەن... خۇدايا توۋا، ماۋۇ ئىشنى قاراڭ، سىز... مەن زادىلا ئويلىماپتىمەن. بۇنداق شەرەپ ھەتتا ماڭا چۈشۈمدىمۇ نېسىپ بولمىغان بولاتتى.

فىگېل: (كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى تونۇشتۇرىدۇ) يوھان فىگېل. مەنمۇ سىز بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن ناھايىتى خوشالمەن، شۇنداقلا سىزگە شۇنى شەرەپ بىلەن ئېيتىمەنكى، مەن ناخشىچىمەن؛ ئىشقىلىپ، يامان ئەمەس، ئوتتۇرا ئاۋازلىق ناخشىچى ھېساپلىنىمەن، شۇڭلاشقا سىز ئىجات قىلغان ناخشىلارنى ئېيتىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن.

شۇبېرت: (ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ، تەمتىرەپ قالىدۇ) بىلمىدىم... ناخشىلىرىم ئىنتايىن... ھە... ھەي، سىبۇۋىن، سەن ماڭا بالدۇرراق دەپ قويساڭ بولمامدۇ؟

سىبۇۋىن: كېرەك يوق، ھازىر دىسەممۇ كېچىكمەيدۇ.

شۇبېرت: ئۆزىڭىزگە مەلۇمكى، فىگېل جاناپلىرى، سىز ناھايىتى مەشھۇر ناخشىچىسىز. كىچىك ۋاقتىمدا دائىم تىياتىرخانىنىڭ دېرىزىسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ناخشىڭىزنى ئاڭلايتتىم...

فىگېل: ئۇنداقتا بۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ شەرەپ ھېساپلىنىدۇ!

شۇبېرت: مېنىڭ بىلەن چېقىشىۋاتسىزغۇ دەيمەن؟

فىگېل: راست دەيمەن، ماڭا بۇنىڭغا سىبوۋىن ئەپەندىمۇ گۇۋا!

سىبوۋىن: راست شۇنداق. لېكىن بۇ سوزنى ئاڭلىمىغان ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئىشەنگىسى كەلمەيدۇ.

فىگېل: (قاقاخلاپ كۇلۇپ) بەلكىم، مۇشۇنداق ئويلايدىغان ئادەمنىڭ ئوزىنىڭ نېرۋىسى تازا جايىدا بولمىسا كېرەك!

ئايال ناخشىچى: فىگېل جاناپلىرى، كوپچىلىك سىزنىڭ بىرەر ناخشىڭىزنى ئاڭلاشنى خالايدۇ.

فىگېل: قېنى، ماڭا شۇبېرتنىڭ بىرەر ناخشىسىنىڭ نوتىسىنى بېرىڭلارچۇ! بۇگۇن شۇبېرت مۇزىكا كېچىلىگىغۇ؟

شۇبېرت: (خىجىل بولغان ھالدا) سىز ھەقىقەتەن ئېيتىشنى خالامسىز؟ ئۇنداقتا مەن سىزنى "مەلئۇن" نى ئېيتىشقا تەكلىپ قىلىمەن. مەن بۇ ناخشىنى يازغان ۋاقتىمدا ئۇنى خۇددى سىزگە ئوخشاش بىرەر مەشھۇر ناخشىچىنىڭ ئېيتىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن بۇ ئارزۇيۇم تا ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن ئىدى. (ناخشا نوتىسىنى بېرىدۇ.)

فىگېل: (ئۇنى ئېلىپ تېكىستىنى ئاستا ئوقۇيدۇ) ... ھە، چۇشەندىم، سىز بۇ ناخشىدا مەندىن بىر - بىرىگە تۇپتىن ئوخشىمايدىغان 4 پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىدىكەنسىز - دە!

شۇبېرت: شۇنداق، ئېھتىمال ... مەن سەل ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەندىمەن.

فىگېل: ياق، بۇمۇ مەن ئۇچۇن چوڭ بىر سىناق. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنمۇ يېڭىلىق يارىتىشنى خالايمەن ۋە بۇ يولدا ھارماي - تالماي ئىزدىنىۋاتىمەن! (پىئانىنونىڭ تەڭكەش قىلىشى ئاستىدا «مەلئۇن» نى ئېيتىدۇ. ناخشا تۇگەپ قىسقىغىنە جىمجىتلىقتىن كېيىن ئالقىش ساداسى ياڭرايدۇ.)

شۇبېرت: (ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ھالدا) مېنىڭ ناخشامنى بۇنچىلىك ياخشى ئېيتقانلىقىڭىزغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۇر ئېيتىمەن! رەخمەت سىزگە، فىگېل ئەپەندى!

فىگېل: (سەمىمىلىك بىلەن) مەنمۇ سىزنىڭ مەندەك ئەرزىمەس بىر ناخشىچىغا مۇشۇنداق ئېسىل ناخشا يېزىپ بەرگىنىڭىزگە رەخمەت ئېيتىشىم كېرەك! بۇندىن كېيىن سىزنىڭ ھەممە ناخشىلىرىڭىزنى ئېيتىمەن، ھەممىسىنى...

سىبوۋىن: كېلىڭلار، توتىمىز بىرلىكتە بىر ناخشا ئېيتايلى.

[ئۇلار كۇۋارتېتلىق "ئۇسۇل ناخشىسى" نى ئېيتىدۇ.]

(«ئوستېر» نىڭ 4 - بابى ئاڭلىتىلىدۇ.)

چۇشەندۇرۇش: شۇنداق قىلىپ شۇبېرت بىلەن ناخشىچى فىگېل ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ئۇلارنىڭ يېشى بىر - بىرىدىن خېلى چوڭ پەرق قىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى چۇشىنىشىگە قىلچە دەخلى يەتكۇزەلمەيتتى. ئۇلار ئىككىسى ئاۋستىرىيىنىڭ شىمالى تەرەپلىرىنى بىللە زىيارەت قىلدى. فىگېل بارغانلا يېرىدە بۇ ياش كومپوزىتورنىڭ قويۇق رومانتىزىملىق تۇسكە ئىگە ناخشىلىرىنى ئېيتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ناخشىلىرى خەلق ئارىسىغا ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ كەتتى. لېكىن شۇبېرتقا يېپىشىۋالغان ھىلىقى پىشكەل مۇھتاجلىق بۇ

يەردىمۇ ئۈنىڭدىن ئاجرىمىدى. ئۇ بۇ نامراتلىقنىڭ ئازاۋىدىن ھەر قانداق قىلىپمۇ قۇتۇلالمىدى. بىر كۈنى فىگېل شۇبېرتنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭ كونىراپ كەتكەن كىچىككىنە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

شۇبېرت: كىرىڭ!

[فىگېل ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ياپىدۇ]

شۇبېرت: (دىققىتى چېچىلغان ھالدا) ھە، سىزمىدىڭىز، مەرھەمەت، قېنى، ئولتۇرۇڭ.

(«رىگامېنت» نىڭ 2 - قىستۇرما كۈيىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بېرىلىدۇ.)

چۈشەندۈرۈش: شۇبېرت دوستىغا قاراپ قويۇشقىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىغان ھالــدا كىچىككىنە يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرىۋېلىپ داۋاملىق يېزىۋېرىدۇ. ئۇنىــڭ مىجەزىنى ئىنتايىــن ياخشى چۈشىنىدىغان فىگېل ئاستا كېلىپ بىر كونا ئورۇندۇققا ئولتۇرىــدۇ - دە، ئۇنىڭ بۇ كىچىككــىنە ياتىقىغا سەــپ سېلىشقا باشلايدۇ. بۇ ئۆي ئىنتايىن زەي ۋە قاراڭغۇ بولۇپ، قىش كۈنلىرى ھەتتا ئوت ياققىدەك بىرەر ئوچىقىمۇ يوق ئىدى. بۇ ياتاقتا ئۇنىــڭ كەمبەغەل دوستلىرىدىــن: شائىر مايىخوۋ ۋە رەسسام سىۋېننلارمۇ بىللە تۇراتتى. ئۇلار بۇ ياتاقتا خۇددى سىگانلاردەك تۇرمــۇش كەچۈرەتتى. ئۇلار ھەتتا كىيىم - كېچەكلىرىدىن تارتىپ تاپقان پۇللىرىغىچە ئورتــاق ئىشلىتەتتى. ھەرگىز سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەيتتى. ئۇلار مۇشۇ كىچىككىنە ياتاقتا ئۆزلىرى ياخشى كۆرۈشىدىــغان سەنئەتتىن ئورتاق ھوزۇرلىنىپ بىللە ياشايتتى. شۇبېرت ئەنە شۇنداق ناچار شارائىتتىمــۇ قەلىمىنى **بىر** مىنۇت توختاتماي، ئارقا - ئارقىدىن ئاجايىپ نادىر ئەسەرلەرنى ياراتتى...

(پىئانىنونىڭ تەڭكەش قىلىشى ئاستىدا «پولومىشوس» ناخشىسى ئېيتىلىدۇ.)

شۇبېرت: (قەلەمنى قويۇپ، ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارايدۇ.) ھە، سىز تېخى مەشەدىمىدىڭىز؟ فىگېل، مەن تېخى سىزنى كەتتىمىكىن دەپتىمەن.

فىگېل: ئەھۋالدىن قارىغاندا سىز ئەتىگەندىن بۇيان قىمىرلىماي ئولتــۇرۇپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوخشايسىز، جۇمۇ!

شۇبېرت: بىلەمسىز، بۈگۈن مېنىڭ مــول ھــوسۇل ئالىدىغان كۈنۈم. مەن بۈگــۈن يەتتە ناخشا يازدىم. (كۈلۈپ كېتىدۇ) مانا بۇ مــول ھوسۇل بولماي نېمە؟

فىگېل: يەتتە ناخشا؟

شۇبېرت: ھەئە، يەتتە ناخشا. مەن گېيوتىنىڭ بۇ شېئىرلىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.
(پىئانىنونىڭ تەڭكەش قىلىشى ئاستىدا «پولومىشوس» ناخشىسى بېرىلىدۇ) ئاڭلاپ تۇرۇڭ - ھە!

لەنەت ساڭا ئەي ئىلاھى پەلەك، خەستە كۆڭلۈمگە ئاغرىتىدىڭ ئىچ،
ياپسۇن يۈزۈڭنى بۇلۇت قاتمۇ - قات. قۇللۇقتىن مېنى قىلمىدىڭ ئازات.

فىگېل: (داۋامىنى ئوقۇيدۇ)

خارلانغانلارنىڭ يېشىدىن سۇرتمىدىڭ، نېچۈن مەن ساڭا بىلدۈرەي ھۆرمەت؟
ئاڭلا سوزۈمنى، قىلاي مەن ئىزھار. ھۆرمەتكە لايىق ئەمەسسەن زىنھار.

شۆبېرت: (يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيدۇ)

بەرپا قىلىمەن ئۆزەمدەك ئىنسان، خۇددى مېنىڭدەك چومۇپ شاتلىققا،
ئۇ مەندەك يىغلاپ، چېكىدۇ زەخمەت. سېنى ئەبەدى قىلمايدۇ ھۆرمەت.

فىگېل: «پولومىشوس» مۇ؟

شۆبېرت: ھەئە، گىيوتىنىڭ «پولومىشوس» ى. بۇ شېئىر ماڭا خۇددى يۈرۈگىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئېتىلىپ چىققاندەك تۇيۇلدى. شۇڭلاشقا ئۆزەمنى بېسىۋالالماي، ئۇنى دەررۇ نوتىغا سېلىپ چىقتىم.

فىگېل: قېنى ئەمىسە، بىر ئېيتىپ كورەيلىمۇ؟

شۆبېرت: ئۇھ! (چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ) بولدى ئەمدى. مەن ناھايىتى چارچاپ كەتتىم، قوسىغىممۇ ئېچىپ كەتتى. ھوي، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالاي دەپتىغۇ. ئويلاپ باقسام بۈگۈن پەقەت بىر ئىستاكانلا سۈت ئىچىپتىمەن، جۇمۇ!

فىگېل: مەن سىزگە بىر ئاز كالباسا ۋە بولكا ئالغاچ كەلدىم.

شۆبېرت: ناھايىتى ياخشىغۇ! ئۇنداقتا مەن كافى قاينىتاي. مەندە يەنە بىر ئاز كافى ئۇرۇغى بار. ھە، مانا بۇ يەردە ئىكەن، بۇنى سوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. (ئالدىراپ كونا ھاۋانچىنى ئېلىپ كېلىدۇ) قاراڭا بۇ ھاۋانچىغا، بۇ مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈلكىم! (ئۇنىڭغا كافى ئۇرۇغىنى توكۇپ سوقۇشقا باشلايدۇ. ھاۋانچىنىڭ ئاۋازى رېتىملىق توكۇلداشقا باشلايدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز «تۆگمەنچى قىز» ناخشىسىنىڭ بىرىنچى قىسمى «سەرگەردان» غا كەلتۈرۈپ دىمىغىدا غىڭشىشقا باشلايدۇ.) ئوھوي، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى ... بۇ كونا ھاۋانچا ئاجايىپ ياخشى بىر رېتىمنى ئېسىمگە سېلىپ قويدىغۇ! ... (غىڭشىپ يەنە بىر ئېيتىدۇ) خۇدايا توۋا، نەچچە كۈندىن بېرى دەل مۇشۇنداق ئاددى - ساددە، يېقىملىق بىر رېتىمنى ئويلاپ كەلگەن ئەمەسمىدىم! ھە - ھەي ھاۋانچا، مېنىڭ قەدىردان دوستۇم! سەن ئەمدى بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن. (ئۇ ھاۋانچىنى بىر تەرەپكە شۇنداق ئىتتىرىشكە كافى ئۇرۇقلىرى پۇتۇنلەي چېچىلىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي «تۆگمەنچى قىز» نىڭ «سەرگەردان» دېگەن بىرىنچى ناخشىسىنى ئېيتىدۇ.)

فىگېل: تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۇنى يېزىۋالاي. (ئۇ نوتا قەغىزىنى ئېلىپ تېكىستىنى ئېيتقاچ يېزىشقا باشلايدۇ) سەرسانلىق، ئېخ سەرسانلىق، مېنىڭ قىسمىتىم!

چۈشەندۈرۈش: شۆبېرت پىئانىنو چالىدۇ، فىگېل «سەرگەردان» ناخشىسىنى ئېيتىدۇ.

شۆبېرت: فىگېل، بۇ مېنىڭ بۈگۈن يازغان سەككىزىنچى ناخشام. بۈگۈن مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن شەرەپلىك كۈن بولدى. قاراڭ، رېتىم خۇددى قايناۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك قەلبىمدىن ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلىپ چىقماقتا!

فىگېل: سىزدە ھەقىقەتەن تالانت بار، فرانىس!

شۆبېرت: (بېشىنى ئېغىتىپ) تالانت ھەممە ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ، مانا پەقەت بىتخوۋىننىلا تالانتلىق دېسە بولىدۇ. ئەگەر مېنىڭدە ئۇنىڭدىكى تالانتنىڭ پەقەت يېرىمى بولغان بولسا نىمە دېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

فىگېل: سىز بېتخوۋېننى كورگەنمۇ؟

شۇبېرت: بەزىدە ئۇنىڭ كوچىدا ماڭا ئۇدۇل كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ قالىمەن. لېكىن مەن ئۇ-نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىگە قانچىلىك ئىخلاس قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىشقا پېتىنالمايمەن.

فىگېل: نېمىشقا؟

شۇبېرت: چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئۇلۇغ زات-تە! ئۇنىڭ ئالدىدا مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەنغۇ!

فىگېل: سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز، فرانىس! بىلەمسىز، بېتخوۋېننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى سىزنىڭكىدىنمۇ بەتتەر.

شۇبېرت: لېكىن ئۇنىڭدا تالانت بار-دە! مېنىڭ بولسا مۇشۇ بىر نەچچە ناخشامدىن باشقا نېمەم بار دەيسىز. بۇ ناخشىلار ھەتتا بىرەر بولكىغا تېگىشىپ يېيىشكىمۇ يارىمايدىغۇ! ئاپلا، چاتاق بولدى. كافى ئۇرۇقلىرى چېچىلىپ كېتىپتۇ! ئىسىت مېنىڭ كافى ئۇرۇقلىرىم! ئەمدى ئۇنى بىر - بىرلەپ تېرىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. (كافى ئۇرۇقلىرىنى تېرىۋېتىپ) مەن سىزگە چوقۇم تازا قېنىق بىر ئىستاكان كافى دەملەپ بېرىمەن. ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا سىز مېنى پەقەت كافى قاينىتىش جەھەتتە تالانتىڭىز باركەن دەپ ماختىسىڭىز بولىدۇ.

(«3 - سىمفونىيە» نىڭ بايان قىسمى بېرىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: ئۇلار كافى ئۇرۇقلىرىنى يانچىغاچ كافى قاينىتىدۇ ۋە شېئىر، ناخشا، سەنئەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قىزغىن سوزلىشىدۇ... يېشى 50 تىن ئاشقان فىگېل گەرچە "ئوردا ناخشىچى-سى"، "ئاتاقلىق ناخشىچى" دىگەن شوھرەتلىك ناملارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنى بۇ تالانتلىق ياش بىلەن بىللە ئوتكەن كۈنلەرنىڭ شاتلىقىغا زادىلا تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى. شۇبېرت-نىڭ ياتاقداش دوستى، شائىر مايىخوۋ قايتىپ كېلىدۇ.

[ئىشىك ئېچىلىپ ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ]

شۇبېرت: ھە، مايىخوۋ، ئەمدى قايتىپ كەلدىڭمۇ؟ قېنى ئولتۇر. بىز بىلەن بىرگە بىر ئىستاكان كافى ئىچ. قارا، بىزدە تېخى كالباسا، بولكىلارمۇ بار.

مايىخوۋ: ياخشىمۇ سىز فىگېل ئەپەندى؟

فىگېل: ياخشىمۇ سىز؟

مايىخوۋ: ھە، فرانىس! ئۇ (بىر بولاق پوسۇلكىنى جوزا ئۈستىگە تاشلايدۇ.)

شۇبېرت: نېمە بۇ، پوسۇلكىمۇ؟ (پوسۇلكىنى ئېچىپ قارايدۇ) بۇ مېنىڭ گېيوتىنىڭ شېئىرلىرىغا ئاساسەن ئىشلىگەن ناخشامنىڭ نوتىلىرىغۇ؟

مايىخوۋ: سېنىۋېن بۇ نوتىلارنى گېيوتىغا ئېۋەتىپ بەرگەن ئىكەن، لېكىن ئۇ بۇ پوسۇلكىلارنى قايتۇرىۋېتىپتۇ، ھەتتا ئاغزىنىمۇ ئېچىپ كورمەپتۇ.

شۇبېرت: (نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي) ھە!؟

مايىخوۋ: سېنىۋېن بۇ ئىشنى ساڭا ئېيتماي دىگەن ئىدى. لېكىن ئاقسۆڭەك تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان گېيوتى بىر ئاددى سەنئەتكارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئەنە شۇنداق كوزگە ئىلماسلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ! بۇنى نېمىشقا ساڭا ئېيتقىلى بولمىغىدەك!

شۇبېرت: (ئاچچىق كۈلۈپ) مەن قانداق سەنئەتكار بولاي؟

مايخوۋ: لېكىن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر گېيوتىنىڭ مۇنداق قىلىشى...

شۇبېرت: ياق، بەلكىم ئۇ بۇنى تاپشۇرۇپ ئالمىغان بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇ ناھايىتى ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن ئېچىپ كۆرۈشكە ۋاقىت چىقىرالمىغاندۇ... نېمە بولسا بولسۇن، لېكىن ئۇنىڭ تالانتى ماڭا ياردەم قىلادى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ماڭا ئىلھام بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا مەڭگۈ تەشەككۇر ئېيتىشىم كېرەك.

مايخوۋ: سەن ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەم. لېكىن سەن شۇنى چۈشەنگىنىكى، كىشىگە ئازراقمۇ يامانلىق ئويلىمايدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەم بۇ جاھاندا زادى ياشىيالمايدۇ! ھە راست، مەن ھېلىقى نەشرىيات سودىگىرىنى ئۇچراتتىم، ماۋۇ ئۇنىڭ ساڭا ئەۋەتكەن قەلەم ھەققى. (ئۇ يېنىدىن ئازراق پۇل ئېلىپ جوزىغا قويىدۇ.)

شۇبېرت: بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئۇنىڭغا 12 ناخشا بەرگەنغۇ!

مايخوۋ: لېكىن ئۇ پەقەت مۇشۇنچىلىكلا پۇل بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يەنە بۇندىن كېيىن سېنىڭ ناخشىلىرىڭنى نەشر قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى سېنىڭ ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن يېزىلغان ناخشىلىرىڭ ئارىستوكراتلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىيالمىغانمىش. كوردىڭمۇ ئۇلار ساڭا زىيان سېلىشتىن قىلچە ھەزەر ئەيلىمەيدۇ! (كەيپى ئۇچقان ھالدا تەنە قىلىپ) نېمىشقىمۇ سەن باي ياكى مەشھۇر ئادەم بولمىغان بولغىيتتىڭ؟ نېمىشقىمۇ سەن ئارىستوكراتلار ئائىلىسىدىن ياكى پادىشا جەمەتىدىن بولمىغان بولغىيتتىڭ؟!

شۇبېرت: كوردىڭمۇ بۇ ئىشنى، مەن ئەسلىدە بۇ پۇل بىلەن پىئانىنونىڭ ئىجارىسىنى تولىمەكچى ئىدىم! قارىغاندا ئەمدى (ئۇ پىئانىنودا «قىسقا كۈي» نىڭ 2 - بولىكىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى چالىدۇ) بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن ئىچىدە خوشلىشىدىغان ئوخشايمىز.

فىگېل: فرانىس، ئەمدى بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. يەنە بىرەر ئامال تېپىش كېرەك.

شۇبېرت: قانداق قىلاي؟ ياكى بېرىپ 14 يىل ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيمۇ؟ ياكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قايتىپ بېرىپ يەنە ئوقۇتقۇچىلىق قىلايمۇ؟ ياق، ياق، بۇ ئىش مېنى ساراڭ قىلىۋېتىشى مۇمكىن! (پىئانىنونى چېلىشنى توختىتىدۇ) مېنىڭ دادام بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئىككى ئاكاممۇ ئوقۇتقۇچى بولدى. مەنمۇ ئۈچ يىل ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىدىم... ئوقۇتقۇچىلىق ھەقىقەتەن شەرەپلىك خىزمەت. لېكىن ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىمنى، ھەتتا ھاياتىمنى ئىسراپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇ مېنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مۇزىكا بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. ئەگەر مەن مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانمايدىكەنمەن، مېنىڭ ياشىيالىشىم مۇمكىن ئەمەس! ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مەن ھەر ھەپتىدە بىر نەچچە قېتىم پروفېسسورلارنىڭ پىئانىنو دەرسىگە قاتناشسام زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن... ھەي! نېمىشقىمۇ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش مەخسۇس كەسپ بولالمايدىغاندۇ؟ كەلگۈسىدە مېنىڭ تۇرمۇشۇم دۆلەت تەرىپىدىن كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان، ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماي مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنالايدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ئاھ، مانا بۇ مېنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى ئارزۇيۇم - دە! (بىر پەس سۈكۈتكە چۆكىدۇ).

AltunOq

مايىخوۋ: (بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن) سەن داداڭغا بىر پارچە خەت ياز، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

شۇبېرت: ئۇنىڭدىن مېنى ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەنمۇ؟ مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشتىن قول ئۈزگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۇ مەن بىلەن ئادا - جۇدا بولۇپ كەتكەنغۇ! ئەگەر مەن يەنىلا ئۆزەم تاللىغان يولدا مېڭىشتا چىڭ تۇرىدىكەنمەن، ئۇ مېنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەك ئاغرىتىپ قويدۇم، لېكىن مەن ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئۇمۇ كاجلىق قىلىپ مېنىڭ ئىززەت نەپسىمگە تەگمەسلىكى كېرەك ئىدى.

فىگېل: قېنى، ئىچىڭ، كافىيىڭىز سوۋۇپ قالدى.

شۇبېرت: توغرا، كافى ئىچىش كېرەك! قارا سېنى مايىخوۋ، سېنىڭ بۇ شۇم خەۋىرىڭ كەيپىمنى پۈتۈنلەي ئۇچۇرىۋەتتى - دە! بۈگۈن مەن سەككىز ناخشا يازدىم، سەككىز. چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنىسى نەشرىيات سودىگىرى مەيلى ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن بۇ ناخشىلار ئەلۋەتتە ماڭا تەئەللۇق! (ئولتۇرۇپ بىر يۇتۇم كافى ئىچىدۇ) مەن ئۇنى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن يازدىم، ئۇ ئاددى، تەبىئى بولۇپلا قالماي بەلكى ھەقىقى ناخشىلار. (ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن) مېنىڭ ناخشىلىرىم ئۆزەمنىڭ ئازاپلىرىدىن تۇغۇلغان. لېكىن بۇ ناخشىلار كىشىلەرگە خوشاللىق بېغىشلايدۇ. (چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ) چۈنكى مەن ئەركىن يايراپ يۈرگەن مۇساپىر بولغاچقا بۈگۈنكى كۈندە مۇھتاجلىق ئىلكىدە تۇرمۇش كەچۈرىۋاتقان بولسامۇ، ئەمما كەلگۈسىگە ھەر دائىم ئۈمىتۋارلىق بىلەن قاراپ كېلىۋاتىمەن (كۈلىدۇ).

مايىخوۋ: (كۈلۈپ تۇرۇپ) بىلەمسەن فرانىس، مەن تۇيۇقسىز بىر نەچچە كوپلېت شېئىر يازدىم. ئۇنى ساڭا تەقدىم قىلماقچىمەن.

شۇبېرت: (بىر يۇتۇم كافى ئىچىدۇ - دە تەقەززالىق بىلەن) ماڭا تەقدىم قىلماقچىمۇ - سەن؟ قېنى ئۇ؟

مايىخوۋ: مانا، ئاڭلا!:

ئېيتقىنا سەن، ئېسىل كۈيلەر كېلىدۇ نەدىن،
يېتەلەمدۇ ھور جەننەتكە چول كەبى ھايات.
كوكنى تۇمان باسسىمۇ، تۈن بولسىمۇ ئۇزۇن،
ساپ كۈيلىرىڭ باھارىدا كۈلدى كائىنات..

شۇبېرت: (مايىخوۋنى قۇچاقلاپ ئۇنى سويۈپ كېتىدۇ) ئوھوي مايىخوۋ...، جۈر، دوستۇم، جۈر!... يېزىدىكى ھالىقى قاۋاقخانىغا بارايلى، ئۇ يەرنىڭ شىرىن ھاراقلىرىدىن ئىچەيلى، بۇلبۇلنىڭ مۇھەببەت كۈيلىرىنى تىڭشايلى! جۈر، بېرىپ سىبوۋىن، سىۋېنت، بوۋېيفىرتلارنى تاپايلى. فىگېل، سىزمۇ جۈرۈڭ!

فىگېل: ياق، بارالمايمەن. كەچتە ئورۇنلايدىغان نومۇرۇم بار.

شۇبېرت: ھەي ئىست! قاراڭ سىزنى، بۇ قەلەم ھەققى ھەممىڭلارنى راسا بىر مېھمان قىلىشقا كەڭ - كۇشادە يېتەتتى - دە!

(«ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 1 - بابىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بېرىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: شۇبېرت دوستلىرىنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئاخىرى جاھىل دادىسى بىلەن يارىشىپ ۋېنا شەھەر ئەتراپىدىكى رايوندىكى ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلايدۇ: 6 ياش ۋاقتىدا ئاكىسىدىن پىئانىنو چېلىشنى ئۆگىنىدۇ؛ 8 ياش ۋاقتىدا تەلەپچان دادىسى ئۇنىڭغا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ 11 ياشقا كىرگەندە ئاتا - ئانىسى ئۇنى كونۋىكت مەكتىۋىدە يېتىپ ئوقۇشقا خوشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە تۇنجى قېتىم 4 بارماقلىق پىئانىنو فانتاستىك مۇزىكىسىنى ئىجات قىلىدۇ... شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرى قانچىلىك يۈكسەك ئىدى - ھە! لېكىن ئۇ جەمىيەتكە چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن بۇ جاھاننىڭ قانچىلىك شەپقەتسىزلىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز پەنجىلىرى ئاستىدا تاۋلاندى. ئۇ مانا ھازىر 25 ياشلىق نەۋقىران يىگىتكە ئايلاندى. لېكىن ھەر خىل جىنايەت ۋە رەزىللىكلەر ئاۋۇپ كەتكەن بۇ چىرىك جەمئىيەتتە ئۇ تېخى قاياققا مېڭىشنى بىلمەي قايمۇقۇپ يۈرەتتى... شۇبېرت ئۆزىگە خېلى بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان باغچىدىكى يالغۇز ئاياق يولدا ئاستا ماڭغاچ ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئىچىدە يادلاپ كېلىۋاتاتتى.

شۇبېرت: (ئۆز - ئۆزىگە)

ئېيتىپ مۇڭلۇق ناخشامنى،　　　ئىقبال تېخى قاراڭغۇ،
يۈردۈم سەرسان - پەرىشان.　　　ھەقىقەتتىن يوق نىشان...

چۈشەندۈرۈش: چىتلاقنىڭ يېنىدىن بىر قىز تۇيۇقسىز لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، شۇبېرت ئۇنى تونىغاندەك قىلىسىمۇ لېكىن نەدە كۆرگەنلىكىنى دەررۇ ئەسلىيەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى - دە، ئاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ھېلىقى قىزنى چاقىردى.

شۇبېرت: تېرېزا!

تېرېزا: ھە!

شۇبېرت: تېرېزا، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟

تېرېزا: ۋىيەي، سەنمىدىڭ... قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

شۇبېرت: ھەئە، ئەھۋالىڭ قانداق؟ بىز كۆرۈشمىگىلى 5 يىلدىن ئاشتىغۇ دەيمەن؟

تېرېزا: ... ياخشىمۇ سەن؟

شۇبېرت: ساڭا نىمە دېسەم بولىدىكىن، تاڭ. ياخشى دېسەممۇ، ئانچە ياخشى ئەمەس دېسەممۇ بولىدۇ.

تېرېزا: يەنىلا ناخشا يېزىپ يۈرەمسەن؟

شۇبېرت: ناخشىمۇ يېزىۋاتىمەن، مۇزىكىمۇ ئىجات قىلىۋاتىمەن.

تېرېزا: ھەر كۈنى يازامسەن؟

شۇبېرت: ھەر كۈنى يازىمەن، ھەر كۈنى...

(«ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 2 - بابىنىڭ ئاساسىي قىسمى بېرىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: شۇبېرت تېرېزاغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالىدۇ. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۇ بالىلىق دەۋرىدە ئىجات قىلغان «باھاردىكى ئىشەنچ» دىگەن ناخشا قايتا جاراڭلىغاندەك بولىدۇ. ئۇ ساپ مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ ناخشىنى ئۆز قەلبىدە تۇنجى قېتىم مۇھەببەت ئوتىنى

ياندۇرغان مۇشۇ قىزغا بېغىشلىغان ئىدى. مانا ھازىر ئۇلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ باغدا ئۇچراشقان ۋاقىتتىكى ئاجايىپ مەنزىرە ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن قايتا ئوتمەكتە ئىدى.

(ئۇنىڭ ئەسلىمىسى بېرىلىدۇ)

شۇبېرت: (ياش ۋاقىتىدىكى شوخ ئاۋازى بىلەن) تىرىزا!

تىرىزا: (ئۇمۇ ياش ۋاقىتىدىكى شوخ ئاۋازى بىلەن يۇگرۇپ كېلىپ) فرانىس، سەن بۇ يەردىمۇ؟

شۇبېرت: قارا مەن پەقەت ساڭىلا بېغىشلاپ ئىنتايىن گۇزەل بىر شېئىر يازدىم.

تىرىزا: ماڭا بېغىشلاپ؟

شۇبېرت: بۇنى سەن ئېيتىپ باقە، مەن ئۇنى سېنىڭ ئېيتىشىڭنى ئىنتايىن خالايمەن.

تىرىزا: ھەي، ياخشى ئېيتالماسمەنمىكىن.

شۇبېرت: جۇر، ئويگە كىرەيلى، مەن ساڭا پىئانىنودا تەڭكەش قىلىپ بېرەي. (ئۇلار ئويگە كىرىدۇ. تىرىزا پىئانىنونىڭ تەڭكىشىدە «باھاردىكى ئىشەنچ» دىگەن ناخشىنى ئېيتىدۇ)

شۇبېرت: تىرىزا، ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭ، بۇندىن كېيىن مەن بىر ئەركىن كومپوزىتور بولۇپ ھەر كۇنى ئەڭ گۇزەل ناخشىلارنى يازسام دەيمەن!

تىرىزا: ھەر كۇنى يازامسەن؟

شۇبېرت: ھەر كۇنى يازىمەن! سويۇملۇگۇم تىرىزا، يازغان ھەر بىر ناخشامنى ساڭا بېغىشلىماقچىمەن.

تىرىزا: (ئەسلىمە تۇگەيدۇ. سەل ئىككىلىنىپ) ئۇنداقتا ... تۇرمۇشىڭنى قانداق قامدايسەن؟

چۈشەندۈرۈش: تىرىزانىڭ سوئالى شۇبېرتنى دەرھال ئوز ئەسلىمىلىرىدىن ئويغىتىدۇ.

شۇبېرت: (چوچۇپ ھۇشىغا كېلىپ) ھە! مېنى كەچۇر! مەن تەسادىپى ئوتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىپتىمەن. مەن ... (ئوز - ئوزىنى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇپ) مەن بىزنىڭ ھىلىقى ۋاقىتتا بىللە ناخشا ئېيتقانلىرىمىزنى ئەسلەپ كېتىپتىمەن. سەن نىمە دىدىڭ؟ تۇرمۇشىڭنى قانداق قامدايسەن دىدىڭمۇ؟ ... ھە، ھەر ھالدا تىرىكچىلىك قىلىپ كېتىۋاتىمەن ... ئىشقىلىپ ماڭا كوپ نەرسىلەر كەتمەيدۇ. (بىردەم سۇكۇتكە چۇشىدۇ) دىمەك، سەن تۇرمۇشقا چىقىپسەن - دە؟ تۇرمۇشىڭ ياخشى كېتىپ بارىدىغاندۇ؟

تىرىزا: (سەل ئىككىلىنىپ) يامان ئەمەس، يولدىشىم ... يولدىشىم قەن - گېزەك ساتىدۇ ...

شۇبېرت: چۇشىنىمەن، ئاياللار ئۇچۇن ئېيتقاندا بىر سودىگەر ئەلۋەتتە مېنىڭدەك نامرات كومپوزىتوردىن مىڭ ھەسسە ياخشى - دە! مۇزىكىدا قوساق تويمايدۇ، بولكا سېتىۋېلىش ئۇچۇنمۇ پۇل كېرەك - تە!

تىرىزا: مەن ...

شۇبېرت: بولدى سوزلىمەيلا قوي، تۇرمۇشقا چىقىپ توغرا قىپسەن. مېنىڭ سېنى ئەيىپلەشكە ھەققىم يوق. خەير - خوش! سېنىڭ بىلەن كورۇشكىنىم ئۇچۇن ناھايىتى خوشالمەن. ساڭا چىن قەلبىمدىن بەخت تىلەيمەن!

تىرىزا: (بوش ئاۋازدا) خەير - خوش! («ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 1 - بابى بېرىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: تىرىزا كېتىدۇ. شۇبېرتنىڭ ئىجادىي قىزغىنلىقى ئوتمۇش تەسىراتى بىلەن

ئۇنىڭ قەلبىدىن خۇددى فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئىرىدزاغا بولغان ئىنتىلىشى، ئارزۇ - ئۇمىتلىرى، قايغۇ - ھەسرىتى چەككەن ئازاپ - ئوقۇبەتلىرى ۋە كۆرگەن چۈشلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن ئوي - خىياللىرىنىڭ ھەممىسى لىرىك مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ - دە، 20 پارچىدىن تەركىپ تاپقان «گۈزەل تۈگمەنچى قىز» ناملىق بىر يۈرۈش ناخشا ھەمدە «ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» قاتارلىق بىرمۇنچە مۇزىكىمۇ ئىجات قىلىدۇ ... («ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ مۇزىكىسى بېرىلىدۇ)

شۇبېرت: (ئوز - ئوزىگە تەمكىنلىك بىلەن) مەن، مەن خەلقىمنى چەكسىز سۆيۈش ھېسسىياتىم بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا سالماق قەدەم بىلەن كېتىپ بارماقتىمەن. مەن يەنە يىراق - يىراقلارغا بېرىشىم كېرەك ... دەھشەتلىك ئازاپ - ئوقۇبەت ۋە چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببەت مېنىڭ قەلبىمنى پارە - پارە قىلسىمۇ، مەن يەنىلا ئومۇر بويى ناخشا ئېيتىشىم لازىم. مەن ناخشىنى ياخشى كورۇپ قالغان چېغىمدا ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىم يەنە مۇھەببەتكە ئايلاندى ... ئاھ، ھايات دېگەن شۇنداقمۇ مەنىسىز، شۇنداقمۇ نەتىجىسىز بولارمۇ! مانا بۇ دەل دەۋرىمىزنىڭ مۇھىم ئالامىتى! شۇنداقتىمۇ مەن يەنىلا سالماق قەدەم بىلەن ئالغا بېسىشىم لازىم. كېرەك يوق، مەن باشقىلار يامان كورىدىغان ئاشۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سويۇپ، ناخشامنى مەردانىلىق بىلەن ياڭرىتىپ، يىراق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ ياشاۋېرىمەن ...

چۈشەندۈرۈش: ئۇنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ياشىشى، ئۇنى يەنىلا روھىي ئازاپ ۋە مىسكىنلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. شۇڭلاشقا ئۇ 1824 - يىلى يەنە ۋېناغا قايتىپ كەلدى. («مۇھەببەت كۇيلىرى» نىڭ مۇقەددىمىسى بېرىلىدۇ) بۇ ياز شۇبېرت ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز شاتلىق بېغىشلىدى. چۈنكى ئۇ ئىستوخاچ ئىسىملىك ۋېنگرىيىلىك بىر كېنەزنىڭ ئائىلىسىگە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەتكە كىرىپ، ئۇنىڭ قىزى كارولىنانى يوشۇرۇن ياخشى كورۇپ قالغان ئىدى. بىر كۇنى كارولىنا «مۇھەببەت كۇيى» نى ئېيتىۋاتقاندا شۇبېرت بۇ يەرگە كەلدى.

شۇبېرت: (كارولىنا ناخشىنى ئېيتىپ بولغىچە ئۇنىڭغا ھالاقىت بەرمەي ساقلاپ تۇرىدۇ - دە، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن چاقىرىدۇ) كارولىنا!

كارولىنا: ئاھ سويۈملىكىم، سىزنىڭ بۇ يەرگە مېنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىڭىزنى ئاللىقاچان بىلەتتىم!

شۇبېرت كارولىنا! (ئۇ ئوز مۇھەببىتىنى شېرىن بىلەن ئاستا ئىزھار قىلىدۇ)

| | |
|---|---|
| ناخشام ساداسى | سەلكىن شامالدەك |
| يېرىپ زۇلمەتنى. | تەۋرىتەر سىزنى ... |

(«مۇھەببەت كۇيى» نىڭ ئىسكىرىپكا كادانزاسى① بېرىلىدۇ)

كارولىنا: (نازاكەت بىلەن ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ)

①كادانزا — يەككە چالغۇ ئەسۋابى بىلەن ئورۇنلاش — ت.

ئەتراپ شۇنچە جىم،
ھەممە ئۇيقۇدا.
تېز كەل ئامرىغىم،
مېنى قۇچاقلا ...

شۇبېرت: قارىغىن ئايغا،
ئاھ، شۇنچە يورۇق!
ھېچكىم مارىماس،
تۇتقىن كۆڭلۈك توق.

كارولىنا: ئاڭلىدىڭىزمۇ، باغدا بۇلبۇل سايراۋاتىدۇ.

شۇبېرت: سەزدىڭىزمۇ، ئۇ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن سىزگە مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىۋاتىدۇ ...

كارولىنا: ئاھ، فرانىس!

(كارىدوردا ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ)

كىنەزخانىمى: كارولىنا! كارولىنا! قېنى سەن؟

كارولىنا: ئانام چاقىرىۋاتىدۇ.

شۇبېرت: (ئەلەم بىلەن ئاچچىق كۈلۈپ) ئۇ دائىم دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىزنى چاقىرىدۇ.

كارولىنا: بەلكىم مېھمانلار كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ.

شۇبېرت: ئېھتىمال، شۇنداقتۇر.

كارولىنا: ئۇنداقتا يۈرۈڭ، فرانىس! بىز مېھمانخانىغا چىقايلى، دادام بۈگۈن نۇرغۇن مېھمان چاقىردى. ئۇ سىزنى مېھمانلارغا پىئانىنو چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىكەن! (كۈلىدۇ)

شۇبېرت: مەن مېھمانلارغا بىر مۇزىكىنى ئورۇنلاپ بەرمەكچىمەن، مەن سىزنىڭ ...

كىنەزخانىمى: (ئاۋاز يېقىندىن ئاڭلىنىدۇ) كارولىنا!

كارولىنا: (ئاۋاز ئىشىكنىڭ سىرتىدىن ئاڭلىنىدۇ) مانا مەن ئاپا، بىز كېلىۋاتىمىز!

[مېھمانخانىغا قاراپ ماڭغان ئاياللارنىڭ ئۇششاق قەدەم تاۋۇشى بىلەن شۇبېرتنىڭ سالماق قەدەم تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن زىياپەت زالىدىكى مېھمانلارنىڭ قىزغىن كۈلكە ـ چاقچاقلىرى ۋە ھەر خىل ئاۋازلىرى ئاڭلىنىدۇ. لاننېرنىڭ «بال ۋالىسى» بېرىلىدۇ.]

چۈشەندۈرۈش: ئۇتقاشتەك قىپ ـ قىزىل گىلەم ۋە چاقناپ تۇرغان ھەر خىل لىيۇستېر چىراقلار بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە ئىنتايىن چىرايلىق بېزەلگەن پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئارىستوكراتلار ئولتۇرىدۇ. زىياپەت زالى مېھمانلار بىلەن لىق تولغان. ئۇز ئارا قەدەھ سوقۇشتۇرۇشتىن تارتىپ مېھمانلارنىڭ بال ۋالىسىغا ئەگىشىپ لەرزان پىقىراشلىرىغىچە بولغان ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىنەزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.

كىنەز ئېستوخاچ: (جاراڭلىق ئاۋازدا) جاناپلار ۋە خانىملار! مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەر قايسىڭىزلارغا ئىنتايىن تالانتلىق ياش كومپوزىتور (مۇزىكا ۋە كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى تىنچىيدۇ) فرانىس شۇبېرت ئەپەندىنى شەرەپ بىلەن تونۇشتۇرماقچىمەن. ھازىر بۇ كومپوزىتور ھەر قايسىڭىزلارنىڭ شەرىپىگە مەشھۇر مۇزىكىلاردىن بىر نەچچىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

[پەقەت ئەدەپ ـ قائىدە يۈزىسىدىنلا ئانچە قىزغىن بولمىغان چاۋاك چېلىنىدۇ ۋە ئۇز ئارا گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ]

گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار: شۇبېرت دېگەن كىمدۇ؟

AltunOq

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ رومانتىسىمىش. پەقەت ئاددى ئەلنەغمە ئاھاڭلىرىنىلا يازارمىش.
— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ؟
— ھە توغرا، ئۇ كېنەز قىزىنىڭ ئائىلە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن.
— ئۇنداقتا ئـۇ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن ئەمەسكـەن ـ دە؟
لېكىن كېنەز جاناپلىرى ئۇنى ئەتىۋارلايدىكەنغۇ!

ئېيستوخاچ : (پەس ئاۋازدا شۇبېرتقا) شۇبېرت ئەپەندى، قېنى، باشلاڭ!

شۇبېرت: بولىدۇ.

ئېيستوخاچ : ئۇ ئالدى بىلەن مۇزارتنىڭ «Aچوڭ كۇيلۇك سوناتا» سىنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ.

شۇبېرت: ياق، ياق، ياق! مەن...

ئېيستوخاچ : ھە، نىمە بولدى؟ بۇنى بىز تۈنۈگۈن پۈتۈشۈپ قويغان ئەمەسمۇ؟

شۇبېرت: مەن باشقا بىر مۇزىكىنى ئورۇنلاپ بەرسەم دەيمەن ...

ئېيستوخاچ : جانابى ئەپەندىلەر، شۇبېرت ئەپەندىنىڭ سىلەرگە مۇزارتنىڭ باشقا بىر مەشھۇر مۇزىـ
كىسىنى ئورۇنلاپ بەرگىسى بار ئىكەن.

شۇبېرت: (ئۇ كېنەزنىڭ سوزىنى يەنە بولۇۋەتمەكچى بـولىدۇ ـ يـۇ، لېكىن سـوزىنىڭ يېرىمىنى
يۇتىۋالىدۇ.) ياق، كېنەز جاناپلىرى، رۇخسەت قىلسىلا!...

چـۇشەندۈرۈش: شۇبېرت سەل ئىككىلىنىدۇ. كېيىن دەررۇ ئولتۇرۇپ پىئانىنونىڭ پەدىلىرىنى
بىرلا سىيرىيدۇ ـ دە مۇزىكىنى ماھىرلىق بىلەن باشلىۋېتىدۇ.

(«f كىچىك كۇيلۇك قىسقا مۇزىكا» بېرىلىدۇ.)

ئېيستوخاچ: (بىر ئاز ھودۇققان ھالدا) كارولىنا!

كارولىنا: (مۇزىكىنى تىڭشىغاچ پەس ئاۋازدا) نىمە بولدى، دادا؟

ئېيستوخـاچ: (پەس ئاۋاز بىلەن) بۇ ... بۇ مۇزارتنىڭ ئەمەسقۇ؟

كارولىنا: بىلمىدىم دادا. لېكىن بۇ مۇزىكىمۇ خېلى ياخشىكەنغۇ!

[مۇزىكا تۈگىگەندىن كېيىن ئازراق چاۋاك چېلىنىدۇ ۋە ئىـوز ئـارا گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار
ئاڭلىنىدۇ.]

بىر ياش بارىن: (ھاكاۋۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ تۇرۇپ) شۇبېرت ئەپەندى، بۇ قايسى مۇزىكا؟

شۇبېرت: بۇ «fكىچىك كۇيلۇك قىسقا مۇزىكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ياش بارىن: مۇزارتنىڭ ئەسىرىمۇ؟

شۇبېرت: ياق.

[يەنە كوپچىلىكنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

ياش بارىن: ئۇنداقتا، بۇ كىمنىڭ ئەسىرى؟

شۇبېرت: فرانىس شوبېرتنىڭ.

ياش بارىن: ئۇ كىم؟

شۇبېرت: مەن.

[كوپچىلىك مەسخىرە ئاھاڭىدا كۇلۇشۇپ كېتىدۇ.]

ياش بارىن: (ئۇنى تېخىمۇ مـازاق قىلىپ) ئۇنداقتا سىزدىن يـەنە بىر قېتىم سـوراشقا رۇخسەت
قىلىڭ، سىزنىڭ مېھمانلىق قىراكىڭىزدىكى ماۋۇ كارتوچكا كىمنىڭ ئەسىرى؟

شۆپېرت: كارتوچكا، قايسى كارتوچكا؟

ياش بارىن: مەخسۇس ئەلنەغمە ئىجات قىلغۇچى ئەپەندىم، مېنىڭچە ياقىڭىزغا بىر قاراپ باقسىڭىز ئانچە يامان بولماس دەيمەن. بەلكىم بۇمۇ سىزنىڭ ئىلھامىڭىزنىڭ يېڭى سەمەرىسى بولسا كېرەك!

ئارىستوكرات خانىم: ھە، ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ مېھمانلىق فىراكى ئارىيەت ئېلىنغان ئىكەن - دە!

قېرى ئارىستوكرات: مانا شەرمەندىچىلىك دېگەن! مېھمانلىق فىراكنى ئارىيەتكە ئېلىپ كىيىپ كەلگەننى ئاز دەپ تېخى ئۇنىڭغا ئارىيەت كارتوچكىسىنىمۇ ئېسىۋالغىنىنى قاراڭلار! ھاھ، ھاھ، ھاھ، ھا!...

[پۈتۈن مېھمانخانىنى بىر پەس قاقاھلاپ كۈلگەن كۈلكە سادالىرى قاپلايدۇ.]

(«ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 1 - بابى بېرىلىدۇ.)

چۈشەندۈرۈش: شۆپېرتنىڭ تۈزۈكرەك مېھمانلىق كىيىمى بولمىغانلىقتىن بۇ يەرگە بىر فىراكنى ئارىيەت ئېلىپ كىيىپ كەلگەن ئىدى. بىراق بىخەستەلىكتىن فىراكقا ئىلىپ قويۇلغان ئارىيەتكە بېرىلگەنلىك ھەققىدىكى كارتوچكىنى ئېلىۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ - دە، شۇندىن كېيىن ھەممە كىشى شۆپېرتنى ھەتتا مېھمانلىق تۈزۈكرەك كىيىممۇ يوق بىر نامرات تەنتەك ئىكەن، دەپ بىلىپ ئۇنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ. شۆپېرت ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالىدۇ.

يەنە بىر بارىن: ھا، ھا، ھا! مانا قاراڭلار، بۇ قالتىس "ئەركىن كومپوزىتور" ئىكەن - دە! ئەپەندىم، بۇ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى بازارغا سالغاندا ئىشلىتىدىغان باھا كارتوچكىسى بولمىسۇن يەنە!

بىر خانىم: ئېھتىمال، ئۇ تېخى بۇ كارتوچكىسىنىمۇ ئېسىۋېلىپ بىز بىلەن ۋالسقىمۇ پىقىرىغۇسى بار بولغىيتتى!

ياش بارىن: تېخى ئۇنىڭ ساختىپەزلىك قىلىپ بىزگە ئۆزىنىڭ ھېلىقى مۇزىكىسىنى مۇزارتنىڭ قىلىپ كورسەتمەكچى بولغانلىقىنى قاراڭلار!

يەنە بىر بارىن: ئەمدى بېرىپ ئۆزىڭىزنىڭ ھېلىقى ئەلنەغمىلىرىڭىزنى يېزىۋېرىسىڭىز بولارمىكىن، يىگىت! (قاقاھلىشىپ كۈلگەن مەسخىرە كۈلكىسى يەنە ئاڭلىنىدۇ.)

كارولىنا: (ئۇمۇ كۈلگىنىچە) ئاھ، فرانىس قاراڭا سىزنى، نىمىشقا بۇنداق مىدالىيون تاقىۋالدىڭىز؟ (ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ) ۋاي خۇدايىمەي! ...

شۆپېرت: (غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كېتىدۇ) ئاھ، خۇدا!

چۈشەندۈرۈش: شۆپېرت چىرايى تاتارغان ھالدا، غەزەپتىن تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلەپ تۇرۇپ ھېلىقى كارتوچكىنى بىرلا تارتىپ يۇلىۋالىدۇ - دە، مېھمانخانىدىن يۈگرىگىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

[ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى ۋە ئالدىراش ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ. يىراقتىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئارقىدىنلا يىراقتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ ئۇششاق دەسسەپ ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ئاڭلىنىدۇ.]

كارولىنا: (ھودۇققان ھالدا) فرانىس، فرانىس! توختاڭ! (ئاياق تاۋۇشى توختايدۇ) نىمە بولدىڭىز؟ ئۇلار سىزنى قەستەن مەسخىرە قىلغىنى يوققۇ! پەقەت سىز بىلەن چېقىشىۋاتىدىغۇ!

شۈبېرت: شۇنداق، ئاتسۇكەلەر ئەزەلدىن كەمبەغەللەرنى ئاڭلىق مەسخىرە قىلمايدۇ. بۇ ئۇلاردىكى تەبىئىي خۇسۇسىيەت ... ئەلۋەتتە بۇ قېتىمقىسىمۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس! لېكىن ھەممىدىن مۇشۇ نۇقتىنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىنىم يامان بولدى - دە!

كارولىنا: بايىقى ئەھۋال مېنىڭمۇ كۈلكەمنى قىستىغاچقا مەنمۇ ئۆزەمنى تۇتىۋالالماي ... ھوي، كالپۇكىڭىزدىن قان چىقىۋاتىدۇ؟!

شۈبېرت: ھېچقىسى يوق، ئۆزەم چىشلىۋالدىم ...

كارولىنا: قاراڭا سىزنى، ئۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلىپ كېتەمدىكەن!

شۈبېرت: (ئاچچىغى بىلەن) ھە، سىزنىڭچە باشقىلار مېنىڭ نامراتلىقىمنى ۋە ناخشىلىرىمنى خالىغانچە مەسخىرە قىلسىمۇ چىداپ تۇرىۋېرىشىم، ھەتتا ئۇنى قىلچىمۇ كۆڭلۈمگە ئالماي قول قوشتۇرۇپ تۇرىۋېرىشىم كېرەك ئىكەن - دە! شۇنداقمۇ؟

[بىر پەس سۈكۈت ھۆكۈم سۈرىدۇ.]

كارولىنا: مېنى كەچۈرۈڭ ...

شۈبېرت: (ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن) كارولىنا، مېنىڭ بۈگۈن سىلەرگە مۇزىكا چېلىپ بېرىشىم ئاساسەن سىز ئۈچۈن ئىدى. مەن شۇنچە مېھمانلار ئىچىدە پەقەت بىرلا كىشى مېنىڭ مۇزىكامنى چۈشىنىدىغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، بۇ كىشى ئەلۋەتتە سىز ئىدىڭىز ... بۇ يازدا پەقەت سىزلا مېنىڭ كۆڭلۈمنى تەشۋىشتىن خالىي قىلغان ئىدىڭىز. گويا بۇمۇ سانسىزلىغان يامان چۈش كۆرۈش جەريانىدا تەسادىپىي كۆرۈپ قالغان شېرىن چۈشتەك بىر ئىش ئىدى. ئەپسۇسكى ئەمدى بۇ چۈشمۇ تۈگىدى ...

(كارولىنانى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ.)

كېنەز خانىمى: كارولىنا! كارولىنا!

شۈبېرت: ئاخىرقى نۆۋەت قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋالايلى، مەرھەمەت قىلىپ قولىڭىزنى بېرىڭا!

كارولىنا: فرانىس!

شۈبېرت: دائىم شېرىن چۈش كۆرۈپلا ياشاۋېرىشكە بولمايدۇ. چۈش دېگەن بەربىر چۈش. ئۇ رېياللىققا ئايلانمايدۇ! مانا بايىقى ئەھۋاللار ھەقىقىي رېياللىقتۇر! مەرھەمەت قىلىپ دادىڭىزغا ئېيتىپ قويارسىز، ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت!

كېنەز خانىمى: (ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىنلا يەردىن كەسكىن ئاڭلىنىدۇ) كارولىنا!

شۈبېرت: بېرىڭ، ئاپىڭىز سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. ئۇ دائىم ... دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا چاقىرىدۇ!

(«ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 2 - بابىنىڭ ئەۋجى قىسمى بېرىلىدۇ.)

چۈشەندۈرۈش: شۈبېرت نامراتلىقى تۈپەيلىدىن تېرىزادىن ئايرىلدى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان پۈتۈنلەي ئىككى تەبىقىنىڭ كىشىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن يەنە كارولىنادىنمۇ ئايرىلدى! شېرىن خىياللار ئەمەلىيەتنىڭ زەربىسى تۈپەيلىدىن بىر - بىرلەپ بەربات بولدى. ئۇ كېنەزنىڭ مېھمانخانىسىدا دۇچ كەلگەن ئەھۋالنى ئويلاپ، گويا چۈشىدە ئالۋاستى ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇپ ئازاپلاۋاتقاندەك چەكسىز روھىي ئازاپ ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. («بۇۋى مەريەمگە مەدھىيە» ناملىق ئىسكىرىپكا كادانزاسى بېرىلىدۇ.) ھاۋا خېلىلا سوغۇق بىر كېچىسى سىرتتا ئويۇن قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان فىگېل شۈبېرتنى بىر كىچىك قاۋاقخانىنىڭ بۇلۇڭىدىن تاپىدۇ.

[كوچىدىن ئاربلاپ - ئاربلاپ شاراماندىنىڭ① ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.]

فىگېل: فرانىس! ... ۋاي - ۋوي، نىمە ئانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭىز؟ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ - يە؟

شۇبېرت: ھەئە، سەل مىجەزىم يوق، پۇت - قوللىرىم ھېچ قولاشماي تۇرىدىغۇ ... كېرەك يوق...

فىگېل: سىز ھازىر كىم بىلەن بىللە تۇرىۋاتىسىز؟

شۇبېرت: بىر ئاغىنەم بىلەن. سىز ئۇنى تونۇمايسىز.

فىگېل: ئاڭلىسام ئۇنى تازا ئالىجوقا بىرنىمە دەيدىغۇ؟ سىز نىمىشقا بۇنداق بىرنىمىلەر بىلەن بىرگە تۇرىسىز؟

شۇبېرت: ئەمىسە كىم بىلەن بىرگە تۇرىمەن؟ كونا ئاغىنىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، داڭلىق كىشىلەردىن بولۇپ كەتتى. ھەركىم ئۆز تۇرمۇشىنىڭ غېمى بىلەن ئاۋارە، ھازىر ئۇنداق ستۇدېنت ۋە ئەمەلدارلار بىلەن نىمە توغرۇلۇق سۆزلىشىش مۇمكىن دەيسىز؟ ئاھ خۇدا، ئادەم بۇ دۇنيادا بۇرۇختۇرما بولۇپ كەتتىغۇ! (ھاراق ئىچىدۇ)

فىگېل: (ئىچىۋاتقان ھالدا) سىز ھازىر مۇشۇنداق ئوتكۈر ھاراق ئىچەمسىز، فرانىس! بۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى نابۇت قىلىشقۇ!

شۇبېرت: مېنى مۇشۇنداق ئوتكۈر ھاراقنى ياخشى كورىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئامال قانچە؟! لېكىن بۇ ھاراقنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار، بۇنىڭدىن بىر ئاز ئىچىۋالسا بىرنىچىدىن توڭلىمايدۇ، ئىككىنچىدىن بىر ئاز كەيپ بولغاندىن كېيىن ئادەم ئۆز ئازاپلىرىنىمۇ ئۇنتۇيدۇ! ...

فىگېل: ھەي، فرانىس، فرانىس! توگىشىپسىز. ھىلىقى ۋاقىتتا كوفى دەملىگەچ «سەرگەردان» نى ئېيتقان فرانىس قېنى؟ («سەرگەردان» ناخشىسىنىڭ خوشاللىقنى ئىپادىلەيدىغان بىر نەچچە مىسراسىنى ئېيتىدۇ.)

شۇبېرت: ھەي، بولدى. ئېيتمايلا قويۇڭ!

فىگېل: ماڭا قاراڭ فرانىس، سىز تېخى ياش، ھاياتقا يېڭىلا قەدەم قويدىڭىز. تېخى ئون گۇلىڭىزنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىدىغۇ؟

(«خىيالى سايە» ناخشىسىنىڭ تەگكەش قىسمى بېرىلىدۇ.)

شۇبېرت: (ئاچچىق كۈلۈپ) ھايات؟ ئەمدى ماڭا ھاياتنىڭ نىمە ئەھمىيىتى قالدى؟ ئىلگىرى ھەربىر شەيئى مېنىڭ ياشلىق ھەۋىسىمنى قوزغىتاتتى. ئۇ چاغلاردا مەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئىدىم! ئەمدىچۇ، ئەمدى بۇ پاجىئەلىك رىياللىقنى سۆزسىز ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەستە! ... ئويلاپ بېقىڭا، دوستلۇق - مۇھەببەت دىگەنلەر پۇتۇنلەي يۈز ئورىگەن، سالامەتلىگىمدىنمۇ مەڭگۈ ئايرىلغان، ھەتتا پۇتۇن ئارزۇ - ئۈمىتلىرىمۇ بەربات بولغان مېنىڭدەك بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا نىمە مەنا بولسۇن! مەن ئەزەلدىن گۇزەل شەيئىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان ئىلھامىنى ئىنتايىن قەدىرلەيتتىم ... چۇنكى ئاشۇ كىرىستالدەك ساپ ھېسسىيات ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىمغا تۇرتكە بولاتتى. مانا ئەمدى ئەشۇ ھېسسىياتىمنىمۇ ھېچنەرسە قالمىدى.

فىگېل: ئاڭلىشىمچە، ئاغىنىلەر سىزنىڭ ئوردا مۇزىكا ئومىگىنىڭ باشلىقلىغىغا ئورۇنلىشىشىڭىز ئۇچۇن

①شاراماندا — قول بىلەن ئايلاندۇرۇپ چالىدىغان قېدىمقى چالغۇ ئەسۋابى — ت.

ھەركەت قىلىۋېتىپتىمغۇ؟

شۇبېرت: ھەئە، ئاچ - يالىڭاچلىق ئاخىر مېنى بۇ نەپرەتلىك ۋەزىيەتنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىدىغان ئوخشايدۇ. لېكىن بۇنىڭغا نىسبەتەن مېنىڭدە ئىشەنچ يوق.

فىگېل: فرانس، بولمىسا سىز ئۆيلىنىڭ ئائىلىۋى ھايات ھېچ بولمىغاندا سىزنىڭ پەرىشان كۆڭلىڭىزگە مەلھەم بولىدۇ.

شۇبېرت: (غەمكىن كۈلۈپ) ئۆيلىنىش؟ تېخى بىلمەمسىز، مەن ئاللىقاچان ئۆيلەنگەن. قاراڭ، مېنىڭ مەھبۇبەم ئەنە ئاۋۇ يەردە!

فىگېل: نەدە؟

شۇبېرت: ماۋۇ دېرىزىدىن قارىڭا، ئەنە ئاۋۇ مېنىڭ ياتىقىمنىڭ يېنىدىكى شارامانكا چېلىۋاتقان ئادەم ئولتارغان يەرنى كۆردىڭىزمۇ؟

فىگېل: (چۈشەنمىگەن ھالدا) ئۇ بىر بوش يەرغۇ؟

شۇبېرت: ھەببەللى، مېنىڭ مەھبۇبەم دەل ئاشۇ بوش يەر شۇ! مېنىڭ ھېلىقى «خىيالىي سايە» دىگەن ناخشام ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ (ناخشا ئېيتىدۇ)

چېكىش خىيالىم، بەرداشلىق بەردىم؛
زەئىپ ھاياتىم، سانسىز كۈنلەرنى،
دەل شۇ ماكاندا، دەھشەت تۈنلەرنى
جەۋرۇ - جاپاغا، ئاشۇ يەر بىلەن
زور چىدام بىلەن بىللە ئۆتكەزدىم.

ھازىر بۇ ناخشىنى مەن كۈندە نەچچە رەت ئېيتىدىغان بولدۇم ... كۈندە كەچتە ئۇخلاش ئالدىدا خۇدادىن شۇ ئۇخلىغانچە مەڭگۈ ئويغانماسلىقنى تىلەيمەن. لېكىن ئەتىسى يەنە ئويغۇنىمەن - دە، تۇنۇگۇنكى قايغۇ - ھەسرەتنىڭ يەنىلا مېنى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن ... ياق، فىگېل ئەپەندى، مېنىڭ خاتىرجەم ۋاقىتلىرىم ئەندى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ قەلبىم ... تۇرمۇش مېنىڭ قەلبىمنى ئىنتايىن قاتتىق جاراھەتلەندۈردى. قەلبىمدىكى بۇ جاراھەت ئەمدى مەڭگۈ، مەڭگۈ ساقايمايدۇ! (يىغلايدۇ)
[جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. دېرىزىدىن شارامانكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.]

فىگېل: يەنە ناخشا يېزىۋاتامسىز؟

شۇبېرت: (ئۆزىنى بېسىۋېلىپ) يېزىۋاتىمەن، توختىماي يېزىۋاتىمەن، ئەگەر مۇزىكىدىن ئايرىلىدىكەنمەن، چوقۇم ئەقلىمدىن ئادىشىپ قالىمەن، شۇنىڭ بىلەن ھاياتىممۇ تۈگەيدۇ.

فىگېل: نىمە يېزىۋاتىسىز؟

شۇبېرت: يېقىندا «قىشتىكى سەپەر» ناملىق بىر يۈرۈش ناخشا يازدىم ... بايىلا بۇ يەردە ئۆزەم يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇ بىر يۈرۈش ناخشىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى يېزىپ تۈگەتتىم. مانا قاراڭ!

AltunOq

فىگېل: (ماۋزۇسىنى ئوقۇيدۇ) «شارامانكىچى بوۋاي»
شوبېرت: (ناخشا تېكىستىنى بىر - بىرلەپ ئوقۇيدۇ)

ئاپپاق چاچلىق بىر بوۋاي،
تۇرىدۇ يول بويىدا.
شارامانكا چالىدۇ،
مۇزلاپ قاتقان قولىدا.

تىپىرلايدۇ بىچارە،
ئايىغى يوق پۇتىدا.
قارىساڭ ھېچ كۆرۈنمەس،
بىرەر تىيىن قاچىدا.

فىگېل: ۋاي - ۋۇي، بۇ ناخشا بەك ئېچىنىشلىق ئىكەنغۇ! (سىرتتىن شارامانكىنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ قاتتىق ئاڭلىنىدۇ.)

شۇبېرت: ھەئە، بۇ ناخشا ئاشۇنداق يۇرەكنى ئەزگىدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق چىقتى. بۇنى پەقەت ئۆزەم ئۈچۈنلا يازدىم ... (شارامانكىنىڭ ئاۋازىنى بىردەم زەڭ قويۇپ ئاڭلايدۇ. مۇزىكا ئىنتايىن مۇڭلۇق ئاڭلىنىدۇ) مەنمۇ بىر نامرات كومپوزىتور. بەلكىم قېرىغان چېغىمدىمۇ مۇشۇ بىچارە بوۋايغا ئوخشاش ئويمۇ - ئوي يۈرۈپ تىلەمچىلىك قىلىپ ياشاشقا مەجبۇر بولارمەن!

فىگېل: ماڭا قاراڭ، فرانس! بۇ ناخشىڭىزنىڭ ۋە يېقىندا يازغان بارلىق ناخشىلىرىڭىزنىڭ نوتىلىرىنى ماڭا بېرىڭ!

شۇبېرت: (چۈشەنمىگەن ھالدا) نېمە قىلىسىز؟

فىگېل: بەر دېگەندىن كېيىن بېرىڭ! مەن بۇ ئەسەرلىرىڭىزنى بىرسىگە كۆرسەتمەكچىمەن. (بېتخوۋېننىڭ «9 - سىمفونىيە» سىنىڭ 3 - بابى ئاڭلىتىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: فىگېل ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ نوتىلىرىنى مۇزىكا پېشۋاسى بېتخوۋېنغا كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى شۇبېرتقا ئېيتمايدۇ. پۈتۈن ئۆمرى ئازاپ - ئوقۇبەت بىلەن ئۆتكەن ئۇلۇغ كومپوزىتور بېتخوۋېن قېرىپ قالغان ئىدى. ئۇ كېسەل كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ شۇبېرتنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆرىدۇ.

بېتخوۋېن: (نوتىلارنى ۋاراقلاپ تۇرۇپ) پاھ! (يەنە بىر ۋاراقنى ئورۇپ) نېمە دېگەن ئېسىل ئەسەرلەر بۇ! مانا بۇ مۇزىكىلاردا بىر خىل مۇقەددەس نۇر جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. (ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ) بۇنى كىم ئىجات قىلغان؟ ئۇ ھازىر نەدە؟

چۈشەندۈرۈش: بۇ ۋاقىتتا شۇبېرت دەل بېتخوۋېننىڭ ياتىقىنىڭ سىرتىدا قانداقتۇر بىر خىل ھاياجان ئىلكىدە يۈرەكلىرى پوكۇلدىغىنىچە سەل گۇمانسىراپ تۇراتتى. بېتخوۋېن ئۇنى سورىغاندىن كېيىن بىرسى ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا كارىۋاتتا ياتقان كىشىنىڭ ئۆزى بىر ئۆمۈر چوقۇنۇپ كەلگەن ھىلىقى زات ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئۇ بېتخوۋېننىڭ شىردەك ھەيۋەتلىك بەستىگە، ئاغرىق ئازاۋىدا قىينىلىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن بىر خىل قەيسەرلىك ئۇچقۇنلىرى ئۆتتەك چاقناپ تۇرغان كوزلىرىگە تىكىلىپ، قاتتىق ھاياجانلىنىپ، كەتكەنلىكتىن ئۆزىنى تۇتىۋالالمىغان ھالدا پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ھەتتا بېتخوۋېننىڭ ئاللاقاچان ئاڭلاش

ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتىغان ئىدى.

شۇبېرت: سىز بىلەن كورۇشكەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزەمنى چەكسىز بەختلىك دەپ ھېساپلايمەن!

چۇشەندۈرۈش: بېتخوۋېن ئىنىدىمەستىن ئۇنىڭغا قوللىرىنى سوزدى. شۇبېرت ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قوش قوللاپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقتى.

بېتخوۋېن: (قاتتىق ئاۋازدا) مېنىڭ قەلبىم سىزگە مەنسۇپ!

شۇبېرت: (قاتتىق ھەسرەت چەككەن ھالدا) ھەي، نىمىشقىمۇ تەقدىر مېنى سىز بىلەن بىرەر يىل، بىرەر ئاي، ھېچبولمىغاندا بىرەر كۈن ئىلگىرىرەك تونۇشۇش بەختىگە مۇيەسسەر قىلمىغاندۇ؟

چۇشەندۈرۈش: شۇبېرت كارۋاتنىڭ ئالدىدا يۈكىنىپ ئولتاردى - دە، بېتخوۋېننىڭ قوللىرىنى يۈزىگە يېقىپ يىغلاشقا باشلىدى. مۇزىكا بېرىلىدۇ. بېتخوۋېن شۇنىڭدىن ئۇزۇن ئوتمەي، ئۆزى بىر ئومۇر كۇرەش قىلغان بۇ رەھىمسىز دۇنيا بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالاشتى. لېكىن شۇبېرت ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ دۇنيا بىلەن تىركىشىپ يەنىلا كۇرەش قىلماقتا ئىدى. بېتخوۋېن ۋاپات بولغانلىقىغا بىر يىل توشقان كۈنى، شۇبېرتنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئۇيۇشتۇرۇلغان «شۇبېرت مۇزىكا كېچىلىكى» نى ئوتكۇزۇپ، ئۇلۇغ كومپوزىتور بېتخوۋېننى خاتىرىلىدى.

(«پوتى دەرىخى» ناملىق ئومۇمخور بېرىلىدۇ. ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن قىزغىن ئالقىش ۋە ھۇررا سادالىرى ياڭرايدۇ.)

مۇزىكا كېچىلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوتكۇزۇلدى. ئارقا - ئارقىدىن كوتىرىلگەن گۈلدىراس ئالقىش سادالىرى سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى بەس - بەس بىلەن كېلىپ ئۇنى تەبرىكلىشەتتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى مۇزىكا كېچىلىكىنىڭ ئوتكۇزۇلىشىگە بارلىق كۈچ بىلەن تەييارلىق كورگەن ئىدى. شۇبېرت ناخشا ساداسى ئىچىدە سەھنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كىرىپ كەلدى.

مايېخوۋ: فرانىس، سېنى قانداق تەبرىكلىشىنى بىلمەيمەن! ...

شوبېرت: ئۇھوي، مايېخوۋ ...

دوستلىرى: ئاغىنىلەر، قاراڭلار بۇ ئالقىش ساداسىغا! پۈتۈن تىياتىرخانا قايىنام - تاشقىنلىققا چومۇلۇپ كېتىپتىغۇ! فرانىس، مۇۋەپپەقىيىتىڭنى تەبرىكلەيمەن!

بىر دوستى: (ۋاقىراپ تۇرۇپ) شۇبېرتقا شان - شەرەپلەر بولسۇن! ياشىسۇن رومانتىزىم!

يەنە بىر دوستى: قاراڭلار، مەن سىلەرگە نىمە ئېلىپ كەلدىم؟ (ئۇ ھاراق بوتۇلكىسى بىلەن رومكىلارنى بىر - بىرىگە جىرىڭشىتىپ ئۇرۇپ) بۈگۈن بىز تازا پوخادىن چىققىچە بىر ئىچىۋېتەيلى - چۇ!

(«سەرگەردان» ناخشىسى بېرىلىدۇ)

شۇبېرت: تىڭشاڭلارچۇ، فىگېل «سەرگەردان»نى نىمە دېگەن ياخشى ئېيتىۋاتىدۇ! بۇ ناخشىنى پەقەت فىگېللا مۇشۇنداق ياخشى ئېيتالايدۇ ...

[تىياتىر زالىدىن رىتىملىق ھالدا «شۇبېرت!»، «شۇبېرت!» دەپ توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ]

مايىخوۋ: فرانىس، تېز سەھنىگە چىق. تاماشىبىنلار سېنى چاقىرىۋاتىدۇ!

چۈشەندۈرۈش: شۇبېرت سەھنىگە چىقىپ فىگېل بىلەن قۇچاقلىشىدۇ ۋە كوپچىلىك ئۈچۈن قەدەھ كوتىرىدۇ.

[يەنە بىر پەس ئالقىش سادالىرى كوتىرىلىپ پەسىيىدۇ]

شۇبېرت: رەخمەت سىزگە، فىگېل ئەپەندى! (كوپچىلىككە قاراپ) سىلەرنىڭ دوستلىغىڭلارغىمۇ رەخمەت! بۈگۈن بىتخوۋىندىن ئايرىلغىنىمىزغا توپ - توغرا بىر يىل بولدى. بىز بۇنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىغىمىز كېرەك! بۈگۈنكى مۇزىكا كېچىلىگى پۈتۈنلەي بىتخوۋىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئوتكۈزۈلدى. قېنى ئاشۇ مەڭگۈ ئۆلمەس بىتخوۋىن ئۈچۈن قەدەھ كوتۈرەيلى! (ھاراق ئىچىلىدۇ) ئۇھوي! ھوررا !!!

چۈشەندۈرۈش: شۇبېرتنىڭ تۇيۇقسىزلا بېشى قايغاندەك بولىدۇ - دە، قولىدىكى رومكا يەرگە جاراڭگىدە چۈشۈپ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىدۇ. جاراڭلاپ چېقىلغان رومكىنى كورگەن ئامما گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىدۇ.

فىگېل: فرانىس، نىمە بولدىڭىز؟

شۇبېرت: ھېچنىمە ... كېرەك يوق ... ناخشىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ!

چۈشەندۈرۈش: دوستلىرى ئۇنى يۆلەپ سەھنىنىڭ ئارقىسىغا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

سىپوۋىن: نىمە بولدۇڭ، فرانىس! ئولتۇر، تېزراق ئولتۇرىۋال!

مايىخوۋ: چىرايىڭ نىمانچە تاتىرىپ كەتتى؟

سىپوۋىن: بۈگۈنكى مۇۋەپپەقىيەت بېشىڭنى بىر ئاز ئايلاندۇرۇپ قويدىمۇ نىمە؟

شۇبېرت: (ئەلەم بىلەن) مۇۋەپپەقىيەت ھەئە. لېكىن بەك كېچىكتى، ھەممىسى تۈگەشتى ...

مايىخوۋ: بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئال، گەپ قىلما!

[سەھنىدىن فىگېلنىڭ «شارامانكىچى بوۋاي» دىگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىغى ئاڭلىنىدۇ.]

شۇبېرت: ئاڭلىدىڭمۇ، فىگېل ئەپەندى «شارامانكىچى بوۋاي» دىگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتىدۇ. مايىخوۋ، ئېسىڭىزدىمۇ بۇلتۇر بۈگۈنكى كۈندە قىلىشقان گېپىمىز؟

مايىخوۋ: قايسى گەپ؟

شۇبېرت: شۇ كۈنى بىز بىتخوۋىننىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرغاندا سەن "قېنى ئىككىنچى بولۇپ ۋاپات بولىدىغان كىشى ئۈچۈن كوتىرەيلى!" دىمىگەنمىدىڭ؟ ... ئەمدى، قېنى مەن ئۈچۈن كوتىرەيلى! ئەمدى ئاشۇ ئىككىنچى بولۇپ ۋاپات بولىدىغان ئادەم مەن بولۇپ قالدىم.

سىپوۋىن: ياق، ياق، فرانىس، بۇنداق دىمە! نىمىشقا بۇنداق دەيسەن؟ سېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭ تېخى ئەمدىلا باشلاندىغۇ!

شۇبېرت: توغرا، مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ مۇۋەپپەقىيەت ھەم تۇنجى قېتىملىق ھەم ئاخىرقى قېتىملىق بولۇپ قالغۇسى! ... قېنى مەن ئۈچۈن كوتىرىۋېتەيلى! بىتخوۋىنغا ئەگىشىپ ئۆلۈش — بۇ بىر بەخت! مەن ھازىر پەقەت بىرلا نەرسىنى ئارزۇ قىلىمەن ...

ماييخوۋ: نېمىسى؟...

شۇبېرت: مەن ئۆلگەندىن كېيىن ...

سىبوۋىن: ياق، ياق، بۇنداق دېمە!

شۇبېرت: (جاھىللىق بىلەن) مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى بېتخوۋېننىڭ يېنىغا قويۇشۇڭلارنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن!

[بىردەم جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى]

شۇبېرت: نېمە، مەن بېتخوۋېننىڭ يېنىغا قويۇلۇشقا ئەرزىمەيمەنمۇ؟

ماييخوۋ: ئەلۋەتتە ئەرزىيسەن!

شۇبېرت: ئۇنداقتا، ھازىرلا ماڭا ۋەدە بېرىڭلار. ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، ئاندىن مەن قەۋرەمدە خاتىرجەم ياتالايمەن!

[سەھنىدىن فىگېلىنىڭ «باھاردىكى چۈش» دېگەن ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىدۇ. ناخشا تۈگىگىچە ئاڭلىتىلىدۇ]

(«ئاخىرلاشمىغان سىمفونىيە» نىڭ 1 - بابى بېرىلىدۇ)

چۈشەندۈرۈش: خۇددى شۇبېرت دېگەندەكلا بۇ مۇۋەپپەقىيەت ھەم تۇنجى قېتىملىق ھەم ئاخىرقى قېتىملىق بولۇپ قالدى. بىر نەچچە ئاي ئۆتمەيلا شۇبېرت ۋاپات بولدى! شۇنداق بىر گىگانت يۇلتۇز سەنئەت كۆكىدە ئاجايىپ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ پاللىدە بىر چاقنىدى - دە، قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە ۋاقىتسىز غەرق بولدى! شۇنداق، ئەمدىلا پورەك يېرىپ ئېچىلغان ئاجايىپ گۈزەل، خۇشپۇراق گۈل، خۇددى ئۇششۇك تەككەندەك ۋاقىتسىز نابۇت بولدى ... بىر تالانت ئىگىسى ئۆز ماھارىتىنى ئەمدىلا نامايىش قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇزۇن يىل چەككەن جەۋرى - جاپا ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەچكە ياش ھاياتى بىلەن ۋىدالاشتى ... ئۇ ھايات بىلەن ۋىدالاشقان ۋاقىتتا ئەمدىلا 32 ياشقا كىرگەن ئىدى!

كىشىلەر تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇنغىچە بۇ ناخشىلارنى زادى كىم ئىجات قىلغانلىقىنى بىلمەي كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ بەزى ئەسەرلىرى يوقىلىپ كەتتى، ھەتتا كىشىلەر دۇنيادا ئاشۇنداق ئەسەر بولغانلىقىنىمۇ بىلمەي كەلدى. بەلكىم مەڭگۈ بىلمەي قېلىشىمۇ مۇمكىن!

ئۇنىڭ سادىق دوستلىرى كومپوزىتورنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئۇنى مەڭگۈ خاتىرجەم ياتسۇن دەپ ئۇنىڭ جەسىدىنى ۋىيېن قەۋرىستانلىقىدىكى ئۇ بىر ئۆمۈر ئېتىقات قىلىپ كەلگەن ئۇلۇق ئۇستازى بېتخوۋېننىڭ قەۋرىسى يېنىغا قويدى ۋە خاتىرە تېشىغا: "بۇ يەرگە ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىق ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىتلەر كۆمۈلگەن!" دەپ يېزىپ قويۇلدى.

شۇنداق، ئىنتايىن قىممەتلىك بايلىق ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئۈمىتلەر ئىگىسى ئەنە شۇنداق دەپنە قىلىندى!

خەنزۇچىدىن: مۇھەممەت مىھرۇللا تەرجىمىسى

# ئىزلىنىش

(ئوچېرك)

ئابلىز رەھىم



ئويۇنىمىز ئاياقلاشتى. مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ تۇرۇشىمغا كەسپداشلىرىمدىن بىرى ماڭا "سىرتتا بىرسى سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن" دەپ خەۋەر قىلدى. مەن تىياتىرخانىدىن چىقىشىمغا ئىگىز بويلۇق بىرسى "ئەسسالام! ياخشىمۇسەن، ئاداش؟" دەپ ماڭا قول ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭغا زەڭ سالدىم - دە، يۈرۈكۈم خۇشاللىقتىن ئۇرۇپ كەتتى. "هوي، سەن مىرادىل ئەمەسمۇ، سېنى قايسى خاسىيەتلىك شاماللار بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى؟" دېدىم ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ.

ئۇ مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە بىللە ئوقۇغان قەدىناس ئاغىنەم ئىدى.

ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا "قايتا تەربىيە ئېلىش" ئۈچۈن يىراق بىر يېزىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغاندىن بېرى ئۇنى نەچچە يىلغىچە كۆرۈشمىگەن ئىدۇق. يېقىندا ئۇ شەھىرىمىزدە ئېچىلغان "ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرىنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى"غا قاتنىشىش ئۈچۈن كەپتۇ. بۈگۈن ئۇ ئاشۇ زەربىدارلار قاتارىدا ئويۇنىمىزنى كۆرگىلى كەلگەن ئىكەن.

مەن قەدىناس ساۋاقدىشىمنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە خەۋەردار بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ خۇشاللاندىم.

— سېنىڭدە ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش چوڭ ئىكەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ زوقلانغان ھالدا.

— نەدىكىنى؟ سىلەردىكى يېڭىلىقلار قالتىسكەن، — دېدى ئۇ ماڭا جاۋابەن.

— قانداق، كونسېرتىمىز يارىدىمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىۋېتىپ.

— يارىمامدىغان. ئۇسۇللارنىڭ مەزمۇنىنىڭ باي، شەكلىنىڭ مىللىي، ھەركىتىنىڭ گۈزەل، نەپىسلىكى، ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ شوخ، يېقىملىقلىقى كىشى قەلبىگە ئاجايىپ شېرىن مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىدىكەن. بولۇپمۇ ئوركېستىر بىلەن ئورۇنلانغان «تاشۋاي» مۇزىكىسى خۇددى يەر تەكتىدىن قايناپ چىقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك يېقىملىق سادا بېرىپ، يۈرەك تارلىرىمنى چېكىپ

AltunOq

كەتتى. بۇرۇن ئاڭلىغانلىرىمدا «تاشۋاي» مۇزىكىسى بۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ؟... ھازىر قالتىس گۈزەل، ھەيۋەتلىك مۇزىكا بوپتۇ، — دېدى مىرادىل چىن كۆڭلىدىن قايىل بولۇپ.

— راست دېدىڭ. ھازىر «تاشۋاي» مۇزىكىسى نۇر مەھەممەت سايىت تەرىپىدىن مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ ئوركېستىرلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قالتىس ھەيۋەتلىك بولۇپ كەتتى.

— نۇر مەھەممەت سايىت؟...

— شۇنداق. «تاشۋاي» مۇزىكىسىغا دىرىژورلۇق قىلغان ئۇيغۇر يىگىتنى دەيمەن. ئۇ مەملىكىتىمىزدە يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئۇيغۇر دىرىژور.

ئەمدى ئۇيغۇرلاردىنمۇ ھەقىقى دىرىژورلار يېتىشىپ چىقىشقا باشلاپتۇ دېگىنە؟— مىرادىل كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى.

— شۇنداق ... ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئوركېستىرلاشتۇرۇپ زامانىۋى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدىغان بىر تۈركۈم تالانتلىق كومپوزىتور، دىرىژور ۋە چالغۇچىلار كەم بولسا زادىلا بولمايدۇ.

نۇر مەھەممەت سايىت ئون نەچچە يىلدىن بۇيان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسۇل «خەلق گۇڭشېسى ياخشى»، چوڭ تىپتىكى ئۇسۇللۇق ئوپېرا «قەھرىمان ياڭغا مەدھىيە»، ئۇسۇللۇق ئوپېرا «جىڭغنىڭ گۈللىرى ئېچىلدى»، شۇبېرتنىڭ 8 - سىمفونىيىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن مۇزىكىلارغا دىرىژورلۇق قىلىپلا قالماي، بىر مۇنچە ناخشا - مۇزىكىلارنى ئوركېستىرلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكىسىنىڭ زامانىۋى مۇزىكا سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ.

— شۇنچە يۇقۇرى سەۋىيىگە يېتىش ھەر ھالدا ئاسان بولمىسا كېرەك. — دېدى مىرادىل پۈتۈن دىققىتى بىلەن گېپىمنى ئاڭلاۋېتىپ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. قارىغاندا، سەن نۇر مەھەممەتنىڭ كەسپىي ھاياتىغا قىزىقىپ قالغاندەك تۇرىسەن. جۈر، ئاداش، ئۆيگە بارايلى. سەن بىلەن مۇڭداشقاچ ئۇ توغرۇلۇق ساڭا قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدىم مىرادىلنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ.

— رەخمەت. بۇنداق كەچتە ئايالىڭنى ئاۋارە قىلمايلى. ئەتە سەھەر باللىرىڭنى يەسلىگە ئېلىپ بارىسەن، ئايالىڭمۇ خىزمەتكە بارىدۇ. ئاشپۇزۇلغا كىرىپلا مۇڭدىشايلى، ئۆيۈڭگە باشقا بىركۈنى بارىمەن، — دېدى ئۇ قەتئىيلىك بىلەن .

ئاشپۇزۇلغا كىردۇق. تەلىيىمىزگە ئاشپۇزۇلنىڭ ئىچى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن خالى ئىكەن، ئالدىمىزغا مىزىلىك تائام كەلتۈرۈلدى. بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچىشتۇق. مىرادىل بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەركىن، شوخ ساۋاقداشلىق ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسلىشىپ مۇڭداشتۇق. كېيىن ئۇ ماڭا دەسلەپكى سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلدى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

نۇر مەھەممەت 1943 - يىلى 11 - ئايلاردا خوتەندە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوسمۇرلۇك چېغىدىلا مۇزىكا ئاڭلاشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى. ھېيت-ھەم دېگەندەكلا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۇلارنىڭ نەغمىلىرىنى زوق

بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ ئەمدىلا 12 ياشقا كىرگەن چېغىدا خەلق سازەندىلىرىگە ئەگىشىپ داپ چېلىشنى ئۆگىنىۋالدى.

ئۇ بىركۈنى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چېلىۋاتقان ئىسكىرىپكىسىغا قاراپ ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ، ئىسكىرىپكىنى تۇتۇپ كورگىسى ۋە ئۇنى چېلىپ باققۇسى كېلىدۇ. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياتىقىدا يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ چىقىپ مەھەللىدىكى چوڭ مېچىتكە كىرىپ، ئالاھىزەل خېلى بىر ھازاغىچە ھەممىنى ئۇنتۇتقان ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ، ئۆزى بىلگىنىچە بىر ئاھاڭلارغا كەلتۈرۈپ ئىسكىرىپكا چالىدۇ. ئۇ قانچە چالغانسېرى مۇزىكىنىڭ شىرىن، سىرلىق تۇيغۇسىغا شۇنچىلىك مەھلىيا بولىدۇ.

كىم بىلسۇن، ئەندىلا تاھارەت ئېلىپ ئەزان توۋلاشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان مەزىن ئاخۇنۇم قاياقتىندۇ ئاڭلىنىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازىدىن چوچۇپ كېتىدۇ. ئەرۋايى ئۆرلىگەن مەزىن ئاخۇنۇم مېچىت ئىچىنى ئارىلاپ ئاخىرى مۇزىكا ئاۋازى چىققان يەرگە كېلىپ، پۈتۈن ئىشقى بىلەن بېرىلىپ ئىسكىرىپكا چېلىۋاتقان نۇر مەھەممەتنى كۆرۈپ قەھرى - غەزەپكە كېلىدۇ - دە، نۇر مۇھەممەتنىڭ قولىغىدىن سوزۇپ: "ھەي شۇمتەك، نېمە قىلغىنىڭ بۇ! ئاللاتائالانىڭ ئۇلۇغ دەرگاھىدا شەيتاننىڭ ئاۋازىنى چىقىرىشىڭ چوڭ گۇنا ئەمەسمۇ؟! چىق بۇ يەردىن!" دەپ ۋاقىرايدۇ.

بۇ چاغدا نۇر مەھەممەتنىڭ ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىسكىرىپكىنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلىپ يۈرىگى ئېچىشىپ ئولتۇرالماي، مەھەللە ئارىلاپ مېچىت ئالدىغا كېلىپ قالىدۇ. قارىسا مەزىن ئاخۇنۇم ھە دەپ بىر توپ كىشىنىڭ ئالدىدا نۇر مەھەممەتنى تىللاۋاتقان ئىكەن. بىچارە نۇر مەھەممەت ئوقۇتقۇچىسىنى كۆرۈپلا ئىسكىرىپكىنى كۆتەرگەن پېتى ئۆزىنى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتىدۇ - دە، مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ تىل - ئاھانىتىگە چىدىمىغانلىقىدىنمۇ ياكى ئوقۇتقۇچىسىدىن بىسوراق ئىسكىرىپكىنى ئېلىپ چىققانلىقىغا خىجىل بولغانلىقىدىنمۇ، يىغلاپ تاشلايدۇ.

— بولدى، يىغلىما. بۇندىن كېيىن ساز چالغىڭ كەلسە مەندىن سوراپ مەكتەپتە چالغىن. مەن ساڭا ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن، — دەيدۇ ئوقۇتقۇچىسى مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭغا...

ئۇ ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەنلا قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئۇ قانداق قىلغاندا ئاڭلىغان ھەر بىر يېڭى ئاھاڭلارنى تېز ئۆگىنىۋېلىش مۇمكىنلىكى توغرىسىدا كوپ ئويلايتتى. بىركۈنى ئۇ چەتئەللىك مەلۇم بىر فىلىمنى كورۈپ ئۇنىڭدىكى ناخشىلارنى ئۆگەنگىسى كېلىدۇ - دە، ئوقۇتقۇچىسىدىن:

— مۇئەللىم، ئاشۇ كىنودىكى ناخشىلارنى ئۆگىنىۋېلىش، مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورايدۇ.

— ئەلۋەتتە مۇمكىن. سەن نوتا ئۆگەنسەڭ، ئۇنداق ناخشىلارنى ئۆگىنىۋېلىشلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق ناخشىلارنى ئىجات قىلىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولالايسەن. — دەيدۇ ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىپ.

شۇندىن باشلاپ ئۇ ئۆزلىگىدىن ئاددى نوتا ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، ئولتۇرسا - تۇرسا ئۇدۇل كەلگەن نەرسىگە نوتا يېزىپ، ئاۋاز يادلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاددى نوتا بويىچە كىچىك ئىسكىرىپكا ۋە ئاكاردىيون چېلىش ئاساسىنى يارىتىۋالدى.

ئۇ مۇكەممەل مۇزىكانت بولۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگەللەشنىڭ كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ، 1959 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ يۈرىكىدە مۇزىكا ھېسسىياتلىرى قايناپ تۇرغاچقا، مۇزىكا ئۆگىنىشنى ھەر قاچان قولدىن بەرمىدى.

1962 - يىلى ئۇ شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە مۇزىكانت بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا تۈگىمەس خۇشاللىق بەخش ئەتتى. ئۇ غىجەك چېلىش كەسپى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، ئالىت، ئەرخۇ، قالۇن قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىشنىمۇ ئۆگەندى...

— ئۇزەڭ بىلىسەن ئاداش، — دېدىم مەن ئالدىمدىكى رۇمكىنى كۆتىرىۋېتىپ، — ئاشۇ بالايى ئاپەتلىك يىللار گۈزەل تۇرمۇش، يۈكسەك غايە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىرىنى شۇ قەدەر ۋەيران قىلىۋەتمىدىمۇ؟ كىمكى كىلاسسىك ناخشا - مۇزىكىلارنى چالسا «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلمىدىمۇ؟ لېكىن نۇر مەھەممەت "سىرىق ناخشا" دەپ چورۇۋېتىلگەن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ گۈلتاجى «12 مۇقام» نى كېچە - كېچىلەپ كىرىپىك قاقماي، بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارە ئۆگەندى، شۇنداقلا ئۇ بىتخوۋېن، چايكوۋىسكى، شۇبېرت قاتارلىق مەشھۇر چەتئەل كومپوزىتورلىرىنىڭ نادىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىزدىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلدى.

— رەھبەرلىك ئۇنىڭ بۇنداق ئوتتەك قىزغىن ئىزدىنىشچانلىقىغا قاراپ ئىشەنچ بىلەن 1971 - يىلى ئوكتەبىردە ئۇنى شاڭخەي مۇزىكا ئۆمىكىگە مەخسۇس دىرىژورلۇق ۋە قوشۇمچە ئىجادىيەت كەسپىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ بۇ قىسقىغىنە ئىككى يىلنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مۇزىكا سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشقا ئاساس يارىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، دەپ چۈشىنىپ بېرىلىپ ئۆگەندى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن شاڭخەي مۇزىكا ئۆمىكى ئورۇنلىغان پىئانىنو تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكىلىق داستان «خۇاڭخې» غا دىرىژورلۇق قىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

ئۇ شۇندىن ئېتىۋارەن دىرىژورلۇق قىلىپلا قالماي، ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى مۇزىكا ئىلمىنىڭ كومپوزىتورلىرىمىز ئارىسىدا ئومۇملاشمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاجىزلىقنى تۈگىتىش يولىدا كۆپ ئىزدىنىشچانلىق كۆرسەتتى.

« 12 مۇقام» ۋە خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۈستۈرۈش ۋە ئۇنى دۇنياۋى مۇزىكا سەۋىيىسىگە كۆتىرىش يولىدا ئىزدىنىپ، گارمونىيە ئىلمىنى پىششىق ئىگەللەپ ناخشا - مۇزىكىلارنى ئوركېستىردا ئورۇنلاشقا تەييارلىدى.

— ناخشا - مۇزىكىلارنى ئوركېستىرلاشتۇرۇشنىڭ بەدىئى قىممىتىنى، ئەۋزەللىكىنى «تاشۋاي» مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ چۈشەندىم. لېكىن ئوركېستىرلاشتۇرۇلغان بەزى ناخشا - مۇزىكىلار قۇلاققا ئانچە يېقىملىق ئاڭلانمايدىغۇ؟ — دېدى مىرادىل پىيالىگە چاي قۇيۇپ تۇرۇپ.

— شىنجاڭ مۇزىكىسىدا ھازىر ئومۇملىشىۋاتقان بىر ئۇسلۇپ، ياۋروپا ئوركېستىرى بىلەن مىللى چالغۇ ئەسۋاپلىرى بىرلەشكەن ئارىلاشما ئوركېستىر بولماقتا. بۇخىل ئوركېستىر مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىلىكى، ئىبادىلەش كۈچىنىڭ مول بولۇشى ھەم مىللى پۇراقىنىڭ بۇزۇلماسلىقى جەھەتلەردىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەندە قىلماقتا. لېكىن سەن سورىغاندەك خىلمۇ - خىل زىددىيەتلەر تولۇپ - تاشقان. بۇ ئىككى خىل مۇزىكا ئوركېستىرىنى بىر - بىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ھەرتە-

رەپلەردىن ماسلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس. چۈنكى ئادەتتە ياۋروپا ئوركېستىرىنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ئارا بىر مۇنچە زىددىيەتلەر بولىدۇ. مەسىلەن: قىللىق مۇزىكىلار بىلەن باسماقلىق مۇزىكىلار ئوتتۇرىسىدا ھەم بۇ ئىككى خىل گۇرۇپپا بىلەن دۇخۇۋي مۇزىكىلار ئوتتۇرىسىدا سازلاش ئۈستىدىلا زىددىيەت بولۇپ. قىللىق مۇزىكىلار بەش گىرادۇسلۇق تەڭكەش بويىچە سازلىنىدۇ. باسماقلىق مۇزىكىلار بولسا 12 ئاۋاز رىتى قانۇنىيىتى بويىچە سازلىنىدۇ. كانايلار ھەرئىككىسىگە ئوخشىمىغان ئاساستا ئەكس ئاۋاز قائىدىسى بويىچە سازلىنىدۇ. سازلاشنىڭ ئوخشىماسلىقى نەتىجىسىدە ھەر قايسى گۇرۇپپىلاردىن چىققان ئوخشاش ئاۋازلار ئارىسىدىمۇ ئاز - تولا پەرق بولىدۇ. شۇڭا بۇخىل مۇزىكا ئوركېستىرىدا پەقەت ھەرقايسى گۇرۇپپىدىكى چالغۇچىلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى ۋە يول قويۇشى ئارقىلىق بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە توغرا كېلىدۇ.

مىللىي مۇزىكا قۇراللىرىدا بولسا ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ياۋروپا ئوركېستىرىدىن كوپ پەرقلىنىدۇ. مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ بەزىلىرى تېخى راۋرۇس ئىسلاھ قىلىنىپ مۇكەممەللەشمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كوپىنچىسىنىڭ يۈزلىگەن تېرە ئىشلىتىلىدۇ. تېرە سوغۇقنى كورسە بىرخىل ئوزگىرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ ئاۋازىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىغا كوپ تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇنداقلا مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى چېلىشمۇ رەسمىي قېلىپلاشمىغان بولۇپ، ئورۇنلاش ئۇسۇلىدىكى پەدە بېسىش، كامانچە تارتىش، زەخمەك ئۇرۇش ھەم پۇراق چىقىرىش جەھەتلەردىمۇ كوپ پەرقلەر مەۋجۇت.

مانا ئاشۇ ئوخشىمىغان پەرق ۋە زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش يولىدا دىرىژور نۇرمەھەممەت سايىت كوپ باش قاتۇردى. ئۇ ياۋروپا ئوركېستىرى بىلەن مىللىي چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى بىر-بىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش ۋە ھەر قايسى چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى ئېتىۋارغا ئېلىش ئارقىلىق مىللىي مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىلىگى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ مول بولۇش، مىللىي پۇرىقىنىڭ بۇزۇلماسلىقى جەھەتلەردە كوپ ئەجىر سىڭدۇردى.



ئۇ «تاشۋاي»، «يارۇ»، «ھەي دادەي» قاتارلىق بىر مۇنچە خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى ۋە «بۇلاق بويىدا»، «يۈرەك شاتلىقى»، «تەنتەنە»، «مۇھاجىرلار ناخشىسى» قاتارلىق ئىجادىي ناخشا-ئۇسۇل مۇزىكىلىرىنى ئوركېستىرلاشتۇرۇپ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

نۇرمەھەممەت سايىت، مۇزىكا ئىجادىيىتىدىمۇ خېلى كوزگە كورۇنگەن كومپوزىتورلارنىڭ بىرسى. ئۇنىڭ 60 - يىللاردا ئىجات قىلغان تۇنجى ئەسىرى «ئۇلۇغ بېيجىڭ» ناملىق ناخشىسى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاغلىق ناخشىچىلىرى تەرىپىدىن ھەرخىل تىللاردا ئورۇنلىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى.

ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە 1979 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك سەنئەت كورىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «بۇلاق بويىدا» ناملىق ئۇسۇل مۇزىكىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «يۈرەك شاتلىقى» ناملىق ئۇسۇل مۇزىكىسى ۋە 1980 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كورىكىدە ئالاھىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن «قوغۇن تاتلىق، دىلدا شاتلىق»، «گىلەم توقۇش»، 1981 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقارا يىپەك يولى مۇزىكا يىغىنىدا ئالاھىدە ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. «يىپەك يولىدىكى تاڭ شەپىقى» قاتارلىق ئۇسۇل مۇزىكىلىرى، «نېفىتلىكتىكى باھار»، «قاشتېشى ۋادىسىدىكى تەنتەنە» (سىمفونىك داستان)، «سېغىنىش كۈيى»، «مۇھاجىرلار ناخشىسى»، «قەھرىمانلىق مىدالى»، «شائىر قەلبى» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلىرى جامائەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ئۇ يەنە «يول باشلىغۇچى»، «نەسىردىن ئەپەندى» قاتارلىق فىلىملارنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەشكىمۇ ئىشتىراك قىلدى.

ئۇنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ مېلودىيىسى يېقىملىق ۋە گۈزەل بولۇپ، ساپ ئىدىيىۋى مەزمۇنغا، قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە.

نۇر مەھەممەت سايىت 1980 - يىلى جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. ئۇ جۇڭگو مۇزىكانتلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ نەزەرىيە - ئىجادىيەت ھەيئىتى بولۇپ سايلاندى. ئۇ يەنە «مۇزىكا ھەققىدە» ناملىق كىتاۋىنى نەشرگە بەردى.

— ئۇ ھەقىقەتەن تالانتلىق مۇزىكانت ئىكەن، — دېدى مىرادىل ھاياجانلىنىپ، — بىز بۇنداق تالانت ئىگىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشىمىز، ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك.

نۇر مەھەممەتنىڭ سەنئەت ساھەسىدە كورسەتكەن خىزمەتلىرىگە ئېتىۋار بېرىپ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنى چەتئەلگە زىيارەتكە ئەۋەتتى. 1976 - يىلى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى تەركىۋىدە پاكىستان، ئافغانىستان، شىمالىي يەمەن، جەنۇبىي يەمەن، سۈرىيە، كۇۋەيت، ئىراق قاتارلىق 7 مەملىكەتتە زىيارەتتە بولۇپ ئويۇن قويۇشقا قاتناشتى ۋە ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابى قالۇننى دۇنياغا نامايەندە قىلدى. ئۇ بۇ قېتىم يەنە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى تەركىۋىدە غىجەك چېلىپ تۈركىيە، ماراكەش قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ئويۇن قويۇپ كەلدى.

ئۇ ھازىر دېرىژورلۇق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئوركېستىرلاشتۇرۇش ئۈستىدە تىرىشماقتا ۋە يېڭى زىددىيەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ...

— قېنى ئاغىنە، سىنىڭ كەسپىدىشىڭ - دېرىژور نۇر مەھەممەتنىڭ كەلگۈسى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ! — دېدى مىرادىل رومكىنى قولىغا ئېلىپ.

— سىنىڭمۇ يېڭى ئۇزۇن سەپەردە ياراتقان شان - شەرىپىڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

AltunOq

# «غېرىچەم» دراماسىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

**قاۋسىلقان قامىجان**

دىراما كىشىلەر ناھايىتى ياخشى كورىدىغان سەھنە سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. ئۇ، ھەر-كەت، دىئالوگ، مۇزىكا، ناخشا، كىيىم - كېچەك، گىرىم، سەھنە گۈزەل سەنئىتى قاتارلىقلار ئارقىلىق مۇكەممەل پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ. تۇرمۇش چىنلىقىنى تېپىكلەشتۈرۈپ، جانلىق، تەسىرلىك ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جەمئىيەتتىكى، كىشىلەر مۇناسىۋىتىدىكى كەسكىن زىددىيەتلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى-نى، خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىدا سەھنە ئەسەرلىرى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شۇڭلاشقا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇمى تەرەققىيات تارىخىدا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئوينىغان رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

16 - 17 -ئەسىرلەردىكى ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە ياشىغان مەشھۇر دىراماتورگ ۋىلىيام شېكسپېر دىرامىلىرى ئەنگلىيە ئەدەبىياتى، شۇنىڭدەك دۇنيا ئەدەبىياتى تە-رەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تەسىر كورسەتكەن ئىدى. ئۇ 4 يىلدا جەمى 54 پارچە تىراگېدىيە يېزىپ قەلەم تەۋرىتىش ماھارىتى جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە نامايەن قىلدى.

شېكسپېر دىرامىلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى ئۇزى ياشىغان دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ روشەن كارتىنىسىنى سىزغانلىقى، كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئارزۇ - تىلەك-لىرىنى يۈكسەك بەدىئى ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن ئەتراپلىق، تولۇق، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈر-گەنلىكى ۋە دىراما قەھرىمانلىرىنىڭ خاراكتېرىنى جانلىق، مۇكەممەل ئېچىپ بەرگەنلىكىدە. شۇڭ-لاشقا ماركس ۋىلىيام شېكسپېرنىڭ ئىجادىيىتىگە: "ئۇ، رېئالىزىم مىتۇدى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى بارلىق زىددىيەتلەرنى، ئىجتىمائى غەلىدە - غەشلەرنى ئۆز دىرامىسىدا ئەكس ئەتتۈردى" دەپ يۇقۇرى باھا بەرگەن ئىدى.

«ۋېنىتسىيە سودىگىرى»، «خاملىت» تىراگېدىيىسىگە ئوخشاش داڭدار سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش - پەقەت شېكسپېرغا ئوخشاش يازغۇچى، شائىر، دىراماتورگلار بىلەنلا ئاخىرلىشىپ قالدى-مۇ؟! ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ خىل قاراش تارىخ تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىسىغا پۈتۈنلەي زىت. مەسىلەن: پۇشكىننىڭ «بورىس گودونوۋ» ناملىق سەھنە ئەسىرى، شېكسپېر دىرامىلىرىدىن كېيىن جاھاندا داڭقى چىققان مەشھۇر ۋە ئۈلگىلىك ئەسەر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. پۇشكىن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ ئەسىرى بىلەن رۇس ئەدەبىياتى تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تەسىر كورسەتكەن ئىدى.

گوگولنىڭ «رېۋىزور» ناملىق كومېدىيىسىمۇ ئەنە شۇنداق قىممەتكە ئىگە ئەسەردۇر. بۇلاردىن باشقا مىساللار يەنە نۇرغۇن.

قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەشۇنداق مۇھىم دەۋر بولغۇچ ئەھمىيەتكە، يۈكسەك بەدىئىي قىممەتكە ئىگە نەمۇنىلىك، مۇنەۋۋەر ئەسەر بولىدىكەن، بىزنىڭ جەزمەن ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئەمدى هازىرقى زامان ئۇيغۇر دىراماتۇرگىيىسىگە كەلسەك، بۇنىڭدىمۇ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئۇيغۇر يازغۇچىسى ۋە دىراماتۇرگى زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» دىرامىسىغا ئوخشاش قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، بىر قەدەر مۇكەممەل بەدىئىي تىپ يارىتىلغان ئۈلگىلىك سەھنە ئەسەرلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

زۇنۇن قادىر «غۇنچەم» دىرامىسىنى 1939 - يىلى يازغان. ئېلىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن ئاپتور بۇ دىرامىسىغا قايتىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سوتسىيالىستىك بەختىيار دەۋرىمىز سەھنىلىرىدە كەڭ - كۆلەمدە ئوينىشقا تەقدىم قىلغان.

«غۇنچەم» دىرامىسى هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دىراماتۇرگىيىسىدە بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتور بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇنقى ئىلى يېزىلىرىدىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچى دېھقانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئېغىر تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنغان سۆيگۈ - مۇھەببىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ۋە پومىشچىك، بايلارنىڭ زالىم بەگلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى، چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى پاش قىلىشنى يىپ ئۇچى قىلغان.

دىراما زىچ، ئەپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان سيۇژېت لىنىيىسى، سىستېمىلىق 3 پەردىدىن تەركىب تاپقان.

پەردە ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا ئەسەردىكى ئاساسلىق قەھرىمانلار كەڭ تاماشىبىنلار بىلەن ئىنتىق يۈز كۆرۈشتۈرۈلىدۇ.

دىرامىنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئوقتىلىق هالدا پەزىلەتلىك گۈزەل قىز غۇنچەم بىلەن ئوت يۈرەك ۋىجدانلىق يىگىت نۇرۇمنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ھەقىقىي، سەممىي سۆيگۈ ھىسسىياتى، ساپ كۆڭۈللىكى، مەردانىلىقى ۋە بۇ ئىككى ياشقا بولغان مېھرىۋان ئانا زورىخاننىڭ خەيرىخاھلىقى، ھىسداشلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان نومۇسسىز زومىگەر ئومەر شاڭيۇنىڭ غۇنچەمنى ۋە ئۇنىڭ چىرايلىق مۈلكىنى قولغا چۈشۈرۈشنى پىلانلىغان قارا نىيىتى ئاشكارىلىنىدۇ.

دىرامىنىڭ سيۇژېت تەرەققىياتى ئىككىنچى پەردىگە ئۆتكەندە زىددىيەت توقۇنۇشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئومەر شاڭيۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى شەرۋانەمنىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسى تېخىمۇ چوڭقۇر پاش قىلىنىدۇ.

دىرامىنىڭ ئۈچىنچى پەردىسى دىراماتىك توقۇنۇشنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىلگەن، كۆرەش يەنىمۇ جىددىيلەشكەن ۋەقە راۋاجىنىڭ كولمىناتسىيە نوقتىسى بولۇپ، بۇ بۆلەكتە غۇنچەم، نۇرۇم ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن تايانچىلىرى تۇرغان، ئامانتاي، ياقۇپ، پاتەمخانلار بىلەن ئومەر شاڭيۇ شەرۋان، باسىت، ھاشىمبايلار ئوتتۇرىسىدىكى هايات - ماماتلىق كۆرەش تازا ئەۋج ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دوست - دۈشمەندىن ئىبارەت سىنىپىي چەك - چېگرا رەسمىي ئايرىلىدۇ. سەممىي،

خۇش پېئىل، ئاقكۆڭۈل، قەيسەر، نامرات دىخان قىزى غۇنچەم ئۆزىنىڭ سۆيگەن يىگىتى نۇرۇم ۋە باشقا سىنىپىي قېرىنداشلىرىنىڭ ياردەم بېرىپ، يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا، زالىم باينىڭ ماڭقا ئوغلى سېيىتقا قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماستىن، ئاخىرى چىدىغۇسىز ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە جان ئۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دىراما ۋەقەلىگى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

دىراماتورگ زۇنۇن قادىر ئۆزىنىڭ پىشقان، ئۆتكۈر قەلەم كۈچى بىلەن «غۇنچەم» دىرامىسىدا زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تۇتەك پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، فېئوداللىق چىرىك تۈزۈمنىڭ تۇمۇرىغا پالتا ئۇرىدۇ. باتۇر، پاراسەتلىك ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىسيانكارلىق روھىنى، قەھرىمانلىق جاسارىتىنى، يورۇقلۇققا بولغان ئۈمىت - ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەلۇمكى: سەھنە ئەسىرىدە رېئال تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسەن توقۇلغان توپ ماھىيەتلىك زىددىيەت، توقۇنۇشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى، تەرەققى قىلىشى، ئاخىرقى يەكۈنىنىڭ چىقىرىلىشى بىلەن تاماملىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بىرەر ئوبېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئايلىنىدۇ. ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ پېرسوناژلار خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دىراماتىك توقۇنۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ. دىراماتىك توقۇنۇشلار سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاساسلىق ئامىلى. دىراماتىك توقۇنۇشلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىكەن، سەھنە ئەسىرىنى ياخشى يېزىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ مەسىلىدىكى ئاپتورنىڭ توپ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا مەركەزلىشىدۇ. ئۇنداق بولىدىكەن، ئەسەردىكى ئاساسلىق قەھرىمان جەزمەن تىپىك شارائىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كەسكىن، مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە ياشىغان بولۇشى كېرەك. «غۇنچەم» دىرامىسىدا ئەمگەكچى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭ ساپ دىل، ئۇمىتۋار ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ۋەكىلى بولغان غۇنچەم بىلەن نۇرۇم ئوبرازى ھەرگىز تاسادىپىي مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئاپتور بۇ ئىككى تىپىك ئىجابىي ئوبرازنى جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى چىرىك فېئودالىق تۈزۈمنىڭ ھالاكەتكە قاراپ يۈز تۇتقان، يېڭى بىر نۇرلۇق دۇنيانىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىش ئېھتىماللىقى يېقىنلاشقان بىر مەزگىلدە، يەنى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئېلىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىگە ئوخشاشلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ ھايات - ماماتلىق كۈرەش دەرىجىسىگە كۆتىرىلىشكە يۈزلىنىۋاتقان تىپىك شارائىتتا ياراتقان.

«غۇنچەم» دىرامىسىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ئەركىن، ئازادە تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنغان غۇنچەم بىلەن نۇرۇمغا ئوخشاش ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىغا ھېسداشلىق قىلسا، ئەمدى ئەشۇ ئادەمخور كونا جەمئىيەتتە مېھنەتكەشلەرنىڭ قەلبىنى زەردىگوش قىلغان ياۋۇز چىلبۆرىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان ئۆمەر شاڭيۇ، شەۋانلارغا بولغان غەزەپ - نەپرىتى ھەسسىلەپ ئۇرلەيدۇ.

گەرچە «غۇنچەم» دىرامىسىدا غۇنچەم ۋە نۇرۇمدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدىكى كۈرەشلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن

بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يەنىلا بىر - بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى سىنىپ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا پارتلىغان كەسكىن سىنىپىي كۈرەش سىڭدۈرۈلگەن.

ئاپتور ئەسەردە مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنى سىنىپىي كۈرەش دەرىجىسىگە كوتىرىپ سىنىپنىڭ تەقدىرى ھەل بولغاندىلا ئاندىن مۇھەببەت تەقدىرىنى ھەل قىلا- غىلى بولىدۇ — دىگەن ئۇقتىئىنەزەرنى ناھايىتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرگەن.

بىز دىرامىنىڭ ئىككىنچى پەردىسىدىكى غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ ئوزلىرىنىڭ ئەشەددى سىنىپىي دۈشمەنلىرى ئۇمەر شاكىيۇ، شەرۋانلار بىلەن يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ ئېلىشقان مەيداندىكى قورقماس باتۇرانە ھەركىتى، مەردانە سوزلىرىگە قاراپ باقايلى:

شاكىيۇ: باغلاڭلار بۇ قارا نىيەتنى! (باسىت، يايى بىلەن باغلاشقا تۇتۇنغاندا نۇرۇم يايىنى ئىتتىرىپ، باسىتنى بىر مۇش بىلەن يىقىتىۋېتىدۇ.)

نۇرۇم: نىمە گۇنايىم ئۈچۈن باغلايسەن؟ مېنىڭ يازچە ئىشلەپ بەرگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئاغچىنىڭ (شەرۋانىنىڭ) شەرمەندىلىگىنى ئاشكارە قىلغانلىغىم ئۈچۈنمۇ؟ ياكى غۇنچەمگە قۇرغان توزاقلىرىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈنمۇ؟ ھەي شاكىيۇ، كىم قارا نىيەت ئىسكەنلىگى ھەقىقەت ئالدىدا، پۈتۈن خەلقى ئالەم ئالدىدا ئاشكارە بولىدۇ.

شاكىيۇ: قورقۇنچاقلار، نىمە قارىشىپ تۇرىسەن؟ باغلا! (نۇرۇمغا يىقىن كېلىپ قامچا سالىدۇ)

يايى: (قىلىچىنى سۇغۇرۇپ) ھەي ئوغرى، قارشىلىق قىلساڭ قىلىچ بىلەن سالىمەن!

نۇرۇم: كەل! قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىلىش!

[ھەممىسى نۇرۇمنى تۇتۇپ باغلايدۇ]

شاكىيۇ: ئاپارغىن، قارىياچقا باغلا!

[نۇرۇمنى قارىياغاچقا تاڭىدۇ]

نۇرۇم: قولۇڭدىن كەلسە ئاسماننى ئۇرىۋەت! ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ.

شاكىيۇ: ئۇر مۇناپىقنى!

[يايى نۇرۇمنى قامچىلايدۇ، ئويدىن غۇنچەم يۈگرەپ چىقىدۇ]

غۇنچەم: نۇرۇم (يايىنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ) ھەي جاللات، ئۇرۇپ ئولتىرىۋېتەمسەن بىچارىنى؟! نىمە قىلدى سىلەرگە شۇنچە؟

شاكىيۇ: (مەشرەپكە) ھوي - ھوي، ما قىزنى ئويكە تارت.

[مەشرەپ "يۈرۈڭ" دەپ قولىدىن تارتقاندا غۇنچەم سىلكىۋېتىدۇ]

غۇنچەم: شاكىيۇ ئاكا! نۇرۇمنى قويىۋېتىڭ. (يىغلايدۇ)

نۇرۇم: يالۋۇرۇش ئۆلۈمدىن يامان، غۇنچەم. بىزمۇ ئەنتىمىزنى ئالىدىغان بىر پەيت كېلىدۇ.

يۇقۇرىدىكى دىئالوگلاردا غۇنچەم بىلەن نۇرۇمنىڭ زۇلۇم ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، قورقماس، قەيسەر، ئۇمىتۋار، كۈرەشچان روھىنى ئاپتور ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلىگەن.

دىمەك «غۇنچەم» دىرامىسىدا يالغۇز ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدىكى كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلۇپلا قالماستىن، كەلگۈسى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ تاشلاپ، قاتمۇ-قات

زۇلۇمنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغان جاللاتلاردىن ئۇزۇل - كېسىل ئىنتىقام ئالىدىغان پەيتلەرنىڭمۇ يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۈمىتۋارلىق روھىمۇ جانلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئەسەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشۇرۇلغان.

ئاپتور «غۇنچەم» دىرامىسى ئارقىلىق سەلبىي كۈچلەر، فېئوداللىق كونا جەمىيەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ ھوكۇم سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ھامان تارىخ تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. شۇنىڭدەك ئەسەردە ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىلىك ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چىرىك تۇرمۇش ئىستىلىنى مەسخىرە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاپتور ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارىتا غەزەپ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشقا كەڭرى زېمىن ھازىرلايدۇ.

دېمەك ئەسەردە مەسىلىنىڭ مۇشۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنى يازغۇچىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ يازغۇچىنىڭ مۇقەررەر توغرا دۇنيا قارىشىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا دىراماتۇرگ زۇنۇن قادىر ئوتكۇر دىراماتىك توقۇنۇشلار ئارقىلىق ئومەر شاكىيۇ بىلەن شەرۋانىدىن ئىبارەت ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ پەسكەش تىپىك ئوبرازىنى خېلى مۇكەممەل ياراتقان.

شەرۋان: ياق - ياق، بولدى. تولا ئاغزىمنى ئاچماي ئولتارسۇن.

شاكىيۇ: ھە، نىمە ئانچە چىچاڭشىپ كەتتىڭ؟

شەرۋان: ھەي، يەنە قايسى ئېغىزلىرى بىلەن شۇ گەپنى قىلدىلا؟

شاكىيۇ: بىر ئەرگە توت خوتۇن راۋا، ھازىر مەندە بولسا ئاران ئىككى خوتۇنغۇ؟

شەرۋان: بايتوقايدىكىنى نەگە يوشۇرىدىلا؟ مېنى ھېچنىمە بىلمەيدۇ دەيدىكەنلا - دە، يەرنىڭ تېگىدە ئىلان كوشىگەننى بىلىمەن مەن.

شاكىيۇ: كىم دىدى ساڭا، يوق گەپ.

شەرۋان: يوق گەپمىش، ئەمىسە نىمىشكە ئالتە كۈندە بىر قېتىرايلا ئۇياققا؟

شاكىيۇ: ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ توتكە يەتمىدىغۇ.

شەرۋان: ئون ئىككىگە يەتتىغۇ! توققۇز قىز ئېلىپ قويۇپ بېرىپلا، ھازىر ئەمرلىرىدە ئۈچ خوتۇن بار. ئەمدى ئىنساپ قىلىش كېرەك. ساقالغا ئاق كىرگەندىمۇ ھەۋەس قىلىۋېرەمدۇ كىشى.

شاكىيۇ: ساقالىنىڭ ئاقارغىنىغا قارىما سەن، (كوكسىگە بارماقلىرى بىلەن نوقۇپ) كوڭۈلگە قارا! بىزنىڭ كوڭلىمىز تېخى ياش يىگىتنىڭ كوڭلىدەك چاپچىپ تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، ھويلىدا يۈرگەن خورازغا قاراپ باق. شۇ جېنىدا مۇشتەك تۇرۇپ ئون نەچچە مىكىيانىنى ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. مانا شۇنداق ئاق خوراز دىسەڭ بولىدۇ بىزنى.

شەرۋان: ئۇ دىگەن توخۇ، سىلى دىگەن ئادەم.

شاكىيۇ: مانا قارا، مەن تاغدەك ئادەم تۇرۇپ توخۇچىلىك بولالمايمەنمۇ. توققۇز قىز ئېلىپ قويۇۋەتكەن بولسام ئون بولۇپ كەتسۇن، ئەمرىمدە ئۈچ خوتۇن بولغان بولسا توت بولۇپ كەتسۇن، ھىساپمۇ توپ - توغرا بولىدىكەن.

AltunOq

بۇ دىئالوگلاردا ئاپتور يۇمۇرلۇق ئىبارىلەرنى ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىپ، سەلبىي پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بەرگەن.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى ماكسىم گوركى ئەينى زاماندا يازغان «تىۋۋەنلىكتە» ناملىق ئەسىرىدە روسىيە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەخلاق، ئىستىلىدىكى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى ئاچكوزلۇكنى، ساختىپەزلىكنى، ۋەھشىلىكنى، شەخسىيەتچى ـ ھەسەتخورلۇقنى، ھىلىگەر، رەھىمسىزلىكنى، پەخسىق، ھارامزادىلىكنى، يالغانچى، تۆھمەتخورلۇقنى، پاھىشىۋاز، رەزىللىكنى، ئالدامچى، زوراۋانلىقلارنى قانداق پاش قىلىپ، قامچىلىغان بولسا پىشقەدەم ئۇيغۇر دىراماتورگى زۇنۇن قادىرمۇ «غۇنچەم» دىرامىسىدا كونا فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ھۆكۈم سۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ بېشىدا قانلىق قامچىسىنى ئويناتقان قانخور زالىم بەگلەرنىڭ، پومىشچىك، بايلارنىڭ ئەخلاق، ئىستىلىدىكى يىرگىنچلىك قىلمىشلىرىنى شۇ يوسۇندا پاش قىلىپ ئۇلارنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايغان.

«غۇنچەم» دىرامىسىدا يەنە كونكرېت سيۇژېت ۋە پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى، دىئالوگلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىق خۇسۇسىيەتلىرىگە، ئىنسانىي ماھىيىتىگە ماس ھالدا بېرىپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ مەيدانى، كوزقارىشى، پوزىتسىيىسى، غەزەپ ـ نەپرىتى ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى، ھېسداشلىقىنى كۈچلۈك ئىزھار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دىراما سيۇژېتى ئىچىگە تىراگىدىيىلىك ۋە كومېدىيىلىك ئامىللارنىمۇ خېلى جايىدا كىرگۈزگەن. بۇ مەسىلە كۆپىنچە غۇنچەم ۋەسىيىتىدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ ـ قارشى ئىككى پېرسوناژغا مەركەزلەشىدۇ. تاماشىبىنلار سەھنىدە ئاچچىق ھەجۋىلىك، ئۆتكۈر يۇمۇرلۇق تىل ۋاستىسى بىلەن رەسۋاسى چىقىرىلغان سېيىتنىڭ ئەخمىقانە تەلۋە ھەرىكەتلىرىنى كورگەندە، بىر ـ بىرىگە قۇلاشمىغان قالايمىقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندا ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلىدۇ. دىرامىدا سېيىت ئوبرازىغا يىغىنچاقلانغان ساتىرىك دىتاللارنىڭ بېرىلىشىمۇ يەنىلا ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكنى، تەڭسىزلىكنى ئېچىپ تاشلاشتا بەلگىلىك رول ئوينىغان.

بۇنىڭ ئەكسىچە گۈزەل، ئېسىل پەزىلەتلىك، چېچەن قىز غۇنچەم تاماشىبىنلارنىڭ كوزىگە خۇددى بىپايان يېزىدا ئېچىلغان بىر تال خۇشپۇراق قىزىل گۈلدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ جاھالەتلىك زۇلۇم دۇنياسىدا تارتقان ئېغىر ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىك كۈنلىرى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى، پاجىئەلىك ئولۇمى تاماشىبىنلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەتكە چومدۇرىدۇ.

دىمەك «غۇنچەم» دىرامىسىنى ئېلىمىز ياشلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئازاپلىق كۈنلەرنى ئەسلەپ، بۈگۈنكى بەختىيار دەۋرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىشتىكى بىر ياخشى دەرسلىك دېيىشكە بولىدۇ.

«غۇنچەم» دىرامىسىدا ئاپتور ئەمگەكچان قېرىنداش مىللەت خەلقلىرىنىڭ قان بىلەن يۇغۇرۇلغان قويۇق دوستلۇغى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تەقدىرداش ھاياتى، ھەمنەپەس ياشاشتەك ئېسىل خىسلىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسىگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى: كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقىۋالغان ئومەر شاڭيۇغا ئوخشاش ئېكسپىلاتاتور سىنىپ ۋەكىللىرى، پەقەت بىر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭلا ئەشەددىي

دۈشمىنى بولۇپ قالماستىن، شۇ زېمىندا بىللە ياشاۋاتقان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭمۇ ئورتاق دۈشمىنى.

بىزگە مەلۇم، ئىلى رايونى ھەر مىللەت خەلقى ئەزەلدىن بىللە ئولتۇراقلىشىپ، ئۆز ئارا قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلگەن بىر جاي. شۇڭلاشقا قايسى مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئومەر شاكىيۇغا ئوخشاش فېئودال - پومېششىكلارنىڭ قېرىنداش ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنى ئېزىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى قىلچە ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «غۇنچەم» دىرامىسىدا غۇنچەم، نۇرۇم قاتارلىق ساپ دىل ئەمگەكچى ئۇيغۇر، قىز - يىگىتلىرىنىڭ تارتقان ھېساپسىز دەرت - ئەلەملىرى ۋە پاجىئەلىك ھاياتىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە ئامانتايغا ئوخشاش ئەمگەكچى قازاق مالچىلىرىنىڭمۇ ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئۆمۈر ئازاۋىنى ئورتاق تارتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

دىرامىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك، قازاق يىگىتى ئامانتاينىڭ تۇرغان، ياقۇپ، پاتەمخانلارغا زىچ ماسلىشىپ، جىددى ھايات - ماماتلىق كۈرەشلەردە باشتىن - ئاخىر بىللە بولۇپ، غۇنچەم، نۇرۇملارغا ئوخشاش سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا قىزغىن ياردەم بېرىشى؛ چىن قەلبىدىن ھېسداشلىق قىلىپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىشى — ئۇيغۇر، قازاق مىللەتلىرىنىڭ چوڭقۇر مېھرى - مۇھەببەت بىلەن تولغان دوستلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

«غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ رېئال ئاساسىنىڭ مۇستەھكەم، مەزمۇنى باي، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور، بەدىئى قىممەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ چىقىشى، ئاپتورنىڭ جاپالىق ئىزدىنىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى.

ئېپىك ئەسەرلەردە جۈملىدىن سەھنە ئەسەرلىرىدە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى مۇناسىۋىتى، پائالىيىتى مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ھالقا سەھنە ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ھەركىتى ۋە تىلى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا ئاپتور «غۇنچەم» دىرامىسىدا پېرسوناژلار خاراكتېرىدىكى ماھىيەتلىك ئالامەتلەرنى ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بويىچە يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەسەردىكى ئىجابى ۋە سەلبى پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى — ئۇلارنىڭ ھەركىتى، سالاھىيىتى، مىجەز - خۇلقى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، گەپ - سۆزلىرى، تۇرقى ئارقىلىق روشەن ھالدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان. ئاپتور بارلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەركىتى بىلەن سۆزىنى بىر قېلىپقا سالمىغان. ھەر قايسى پېرسوناژلار ئۆزلىرىگە خاس ھەركىتى، تىلى بىلەن بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: دىرامىدا ئومەر شاكىيۇ، شەرۋان قاتارلىق سەلبى پېرسوناژلاردىن تاماشىبىنلار يىرگىنىدۇ، غەزەپلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ چىرىك روھىي دۇنياسى ئاشكارىلانغان. ئۇلارنىڭ ئەشۇ رەزىل ۋە چىرىك خاراكتېرىنى ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىگەن.

ئەمدى غۇنچەم، نۇرۇملارغا كەلسەك، تاماشىبىنلار ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرىنى كۆرۈپ، يىغىملىق، ئوتلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ مەپتۇن بولىدۇ، ھوزۇرلىنىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھېسداشلىقى قوزغىلىدۇ.

ئەدىبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئېستېتىك رولى مۇشۇ مەسىلىلەردە روشەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان، ئاتاغلىق يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى تىل - سەنئەتنىڭ ئۇستازلىرى. ئۇلار رېئال تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تولۇق كارتىنىسىنى سىزىپ بېرىدۇ.

«غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ تىلى ھەقىقەتەن كەڭ كىتابخانلارنى، جامائەتچىلىكنى ۋە قەلەم ئىگىلىرىنى قايىل قىلىدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە ئۆتكۈر، يۇمۇرلۇق ھەجۋى تىل ئىشلىتىپ چىرىك، ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پەسكەش روھىي دۇنياسىنى پاش قىلسا؛ گۈزەل، ئوبرازلىق، راۋان، جانلىق، ھېسسىياتلىق تىلدىن پايدىلىنىپ ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ پاك قەلبىنى، ساپ دىلىنى، گۈزەل ئىچكى دۇنياسىنى، قەيسەر ئىرادىسىنى، ئۈمىد - ئىشەنچىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ مانا بۇ يېزىقچىلىق ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە، ئۈلگە ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مەلۇمكى، سەھنە ئەسىرىنى ئاپتور ئويۇن قويۇش تەلىۋىگە، سەھنە ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ يازغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇ، رومان، پوۋېست، ھېكايە ياكى ئېپىك، يىرىك شېئىرىي ئەسەرلەرگە، باشقا نەسرىي ئەسەرلەرگە ئوخشاش ۋەقەلىكنى، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ جەريانىنى ئەركىن بايان قىلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، سەھنە ئەسىرى مۇقەررەر بوشلۇقنىڭ، ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. سەھنە ئەسىرى تاللانغان ۋەقەلىكنى، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن زىددىيەت كۈرەشلىرىنى سەھنە ئىچىدىلا كۆرسىتىپ، تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

«غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ تېمىسى، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسى رەڭدار، قىزىقارلىق، تەسىرلىك سىزىلغان. تۇرمۇش ھادىسىلىرى زىچ، مەركەزلىك تېپىكلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. گەرچە جاھالەتلىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ قۇربانى بولغان غۇنچەم شۇ دەۋر، شۇ شارائىتتا ياشىغان بىر شەخس بولسىمۇ، ئۇ، تا بۈگۈنگە قەدەر قەلبىمىزدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ئۆلمەس ئوبراز بولۇپ ياشاپ كەلمەكتە.

ھازىرقى ئەھۋالغا نەزەر سالساق، "4 كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن بۇيانقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە «غۇنچەم» دىرامىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەردە كەڭ تۈردە ئوينىلىپ، «شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى» تەرىپىدىن داۋاملىق ئاڭلىتىلىۋاتىدۇ.

كۆپ قېتىم تەكرار قويۇلۇپ، كۆپ قېتىم تەكرار ئاڭلىتىلسىمۇ تاماشىبىنلاردا قىلچىلىك زېرىكىشلىك ھالەتنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. دېمەك بۇ، «غۇنچەم» دىرامىسىنىڭ خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر.

# خەلقنىڭ ئۇنتۇلماس سەنئەتكارى ھاشىم ھاجى

ساتتار توختى

ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ۋە تەرەققىيپەرۋەر، دېموكرات ھاشىم ھاجىنى تونۇشتۇرۇشتىن ئاۋال، ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن كۇچار خەلقى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ھەر قانداق كىشى "شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى" دىگەن سوزنى ئاڭلىغان ياكى ئەسلىگەن چېغىدا دەرھال «كەيلەش»، قۇمتۇر «مىڭ ئۆي» تاغ ئېغىزىدىن ئېقىپ چىققان «ئۆگەن دەرياسى»نىڭ شەرقىي — جەنۇپ تەرىپىگە جايلاشقان، ھاۋا كىلىماتى ئەڭ ياخشى، تۆپرىغى مۇنبەت، باغ - باراقسان جاي - كۇچارنى كوز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قەدىمىي مەنبەلىرىدىن بىرى بولغان ھەر خىل ئولتۇرۇش ۋە سورۇنلۇق مەشرەپلەرنى چورىدىگەن ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلىلەر (كارىز سەيلىسى، نورۇز سەيلىسى، چىلىش سەيلىسى، كەكلىك سەيلىسى، ئوغلاق سەيلىسى، گۈل سەيلىسى، ئۈرۈك سەيلىسى، باغ سەيلىسى، يەرمەنكە، چىغرىق سەيلىسى) قاتارىدا مەشھۇر ئەنئەنىۋى ماھارەت سەنئىتى — دارۋازلىق ئويۇنىمۇ بار. 1910 - يىلدىن باشلاپ كۇچار زېمىنىدىن يېتىشىپ چىققان شىنجاڭغا تونۇلغان دارۋازلىق سەنئىتى بىلەن تونۇلغان ھاشىم ھاجى كىلاسسىك مۇزىكا «ئون ئىككى مۇقام»نىمۇ پىششىق ئىگەللىگەن. ئۇ، مامۇت ئاخۇن، بىلال ئاخۇن، بايىز ئاخۇن سىتە، ئىبراھىم تەنبۇر، ئەلنەغمىچى زەيتۇنخان، دىلەيىسخان، ھېزىم ئاخۇن، ھېلىم سېلىم قاتارلىق كوپلىگەن ئىز باسارلارنى تەربىيىلەپ، بىر قىسىم ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرغان داڭلىق سەنئەتكاردۇر.

ھاشىم ھاجىنىڭ سەنئەتكە بولغان چوڭقۇر ھەۋىسى، كۇچار خەلقىنىڭ سەنئەتنى ياخشى كورۇشى ئۇنىڭ خوتەندىن كۇچارغا كېلىپ تۇرۇشىدىكى مۇھىم ئامىلدۇر.

مەن ھەر بىر قېتىم رادىيودىن شىنجاڭ سەنئەت مەكتىۋىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، كومپوزىتور شىر ئەلىنىڭ مۇزىكىسىنى ئاڭلىغىنىمدا ۋە شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىگىنىڭ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچىسى خەلچەم سىدىقنىڭ سەھنىدە ياكى تېلېۋىزوردا ئورۇنلىغان ئۇسسۇللىرىنى كورگىنىمدە 5 ئەۋلات داۋاملىشىپ كەلگەن سەنئەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ غۇرۇرى پىشقەدەم خەلق سەنئەتچىسى ھاشىم ھاجى ئاكىنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن.

دارۋاز ھاشىم ھاجى 1868 - يىلى خوتەننىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە ئاددى ئەمگەكچى، مەشھۇر خەلق سەنئەتكارى ھەمدۇللا ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، زۇلمەتلىك كونا جەمئىيەتتە كىچىگىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ، يۇرت ئارىلاپ، كەڭ مېھنەتكەش خەلقنىڭ جاپالىق، دەرت - ئەلەملىك تۇرمۇشىنى، ھوكۇمرانلار سىنىپىنىڭ ۋەھشى - ياۋۇزلىغىنى كورگەن. ئوتمۇش جەمئىيەتتىكي بۇ تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىك ئۇنىڭ ياش قەلبىدە ئوچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغان.

ھاشىم ھاجى بالىلىق دەۋرىدىلا دارۋازلىق ۋە مۇزىكا سەنئىتىگە ئاجايىپ قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ۋە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، 15 يېشىدىلا كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى تىترىتىدىغان بالا دارۋاز ھەم سازەندە بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا بەزىبىر دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ئۇنىڭ سەنئەتكارلىق كەسپىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، ئۇ باشقا ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىشنى ۋە مەشىق قىلىشنى زادىلا توختاتمىغان. شۇ چاغلاردا قېرىنداش ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن خەنزۇ سېرىكچىلەردىن ھەر تۈرلۈك سېھرىگەرلىك، ئاتەشۋازلىق ئويۇنلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن، ھەتتا سۇنەيىنى يەل ئۈزمەي چېلىش ماھارىتىنىمۇ ئىگەللىۋالغان. دەل شۇ پەيتتە بەختكە قارشى ھاشىم ھاجىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، باش پاناسىز قالغان بولسىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتا كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش يولىدا ھارماي - تالماي تىرىشقان. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي ئافغانىستان، ھىندىستان، ئەرەپ ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە دۆلەتلەرگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ دارۋازلىق ۋە سازەندىلىك ماھارىتى بىلەن داڭ چىقارغان.

ھاشىم ھاجى ئۇزۇنلۇقى 80 مېتىر، ئېگىزلىكى 30 مېتىر كېلىدىغان ئارقاننىڭ ئۈستىدە پۇتىغا تەخسە تېڭىپ، كۆزىنى قارا لاتا بىلەن باغلاپ، ئالدى - ئارقىسىغا ماڭاتتى، ئاغامچا ئۈستىدە موللاق ئاتاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەڭ چوققىدىكى تاختىپەرگە چىقىپ، چىغرىق ئوينايتتى، ھەر خىل موللاقچىلىق، قىلىچۋازلىق قىلىش، مەيدىسىگە يوغان قورام تاشنى قويۇپ، ئۈستىگە كۈچ بىلەن بىر قانچىنى ئۇرۇپ، ھەر ئىككى تاشنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىش قاتارلىق ئويۇنلارنى خەلققە كۆرسىتىپ كەلگەن، خەلق بۇ ئويۇنلارنى كۆرگەندە، ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كېتەتتى.

ھاشىم ھاجى ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىسى بولۇش بىلەن بىرگە تەرەققىيپەرۋەر، خەلقچىل زات ئىدى، ئۇ، دارۋازلىق، سازەندىچىلىك كەسپىدىن تاپقان پۇللارنى سەرگەردان بولۇپ، ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەن كەمبەغەل، ئەمگەكچىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

1930 - يىللىرى شىنجاڭغا ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئېقىمى كىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن خەلقتە ئويغىنىش پەيدا بولغان ئىدى، شۇ يىللاردا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا داموللا (تەرەققىيپەرۋەر زات) شىنجاڭدا تىياتىر سەنئىتىنى يولغا قويۇپ، خەلقنى مەدەنىيەت، ئىلىم - مەرىپەت يولىغا باشلاپ، خەلقنى ئويغىتىش توغرىسىدا مۇراجەتنامە چىقارغان ئىدى. ھاشىم ھاجى بۇ مۇراجەتنامىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھال ھەرەكەتكە كېلىپ تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار سەنئەتكارلارنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ يول راسخودى ۋە تەمىناتىنى ئۆز يېنىدىن چىقىرىپ، ئاقسۇغا بېرىپ ئابدۇللا داموللا بىلەن ئۇچراشقان ۋە ھەر خىل كونسېرت نومۇرلارنى، كىچىك تىپتىكى دىراممىلارنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرۈپ، ئاممىغا كۆرسەتكەن، شۇ ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىشقا ھەسسە قوشقان.

1934 - يىلى ئاقسۇنىڭ كەلپىن ناھىيىسىگە دار ئويۇنى ئوينىغىلى بارغاندا نۇتۇق سۆزلەپ، جوڭگو تارىخىدىكى «تەيپىڭ تيەنگو» ئىنقىلاۋىنى ماختىغانلىقى ئۈچۈن نەق مەيداندا قولغا ئېلىنىپ، بىر يىل تۈرمىدە ياتقان. مۇشۇنداق بانا - سەۋەپلەر بىلەن 2 قېتىم تۈرمىگە ئېلىنغان. ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تۈرمىگە ئېلىشى ۋە ھەر خىل توسقۇنلۇقلىرى ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان جەڭگىۋار روھىنى قىلچە بوشاشتۇرالمىغان. بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ، تېخىمۇ تاۋلىنىپ، قەتئىي ئىرادە تىكلەپ، خەلقنى ئاقارتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى توختاتمىغان.

يولداش لىن جىلۇ كۇچار ناھىيىسىگە شەنجاڭ بولۇپ بارغاندا، ھاشىم ھاجى ئۇنىڭ بىلەن بىر

AltunOq

نەچچە قېتىم سوھبەتلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، سەنئەت تەشۋىقاتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئىنتايىن زور تەسىر قوزغىغان.

كۇچارنىڭ سۇبېشى دەريا ئېقىمى كوپ قېتىم يار ئېلىپ كېتىپ، خەلق زادىلا خاتىرجەم بولالمايتتى. يولداش لىن جىلۇ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، كۇچار خەلقىنى تەشكىللەپ، 1941 - يىلى ياز پەسلىدە سۇبېشى توغىنىنى توسقىلى چىققاندا ھاشىم ھاجىنىمۇ سۇبېشىغا چىقىپ سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلغان. ھاشىم ھاجى قىزغىنلىق بىلەن ئوز بالىلىرىنى ۋە سەپداشلىرىنى سۇبېشىغا ئېلىپ چىقىپ، ھەر خىل مەدەنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ۋە يولداش لىن جىلۇنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. يولداش لىن جىلۇ سۇبېشى توغىنىنى ئېتىپ بولۇپ، قايتىپ كېلىپلا كۇچارنىڭ ئاسما ساي كوۋرۇكىنى ياسىتىپ، كۇچار خەلقىنى سۇ ئاپىتىدىن ۋە قاتناش قىيىنچىلىقىدىن خاتىرجەملەندۇرگەن. ھاشىم ھاجى بۇ پائالىيەتلەرگىمۇ قاتنىشىپ، ساي بويىدا دار باغلاپ ئويۇن كورسەتكەن ئىدى.

ھاشىم ھاجى يولداش لىن جىلۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، تۇققان يوقلاش بانىسى بىلەن خوتەنگە بېرىش سەپىرىدە باي، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، ئاۋات، مارالبېشى، مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، گۇما ۋە قارىقاش قاتارلىق جايلاردا دارۋازلىق ھەم سازەندىلىك قىلىش بىلەن، شۇ جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار كىشىلەر بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان ئىدى. جۇڭگو پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان «قانلىق يولۋاس»قا ئوخشاش درامىلارنى ئوينىغان. بۇ دەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ تازا غالجىرلاشقان پەيتى بولۇپ، ئۇلار ھاشىم ھاجىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى بالىلىرى بىلەن مۇھاسىرىگە ئېلىپ قويغان. نەتىجىدە خوتەندە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قېلىپ كۇچارغا قايتىپ كەلگەن. ھەممە يەردە "قازاننىڭ قۇلىقى توت" دېگەندەك، كۇچاردىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى دار ئويۇنىنى چەكلىگەندىن كېيىن، مۇزىكا ۋە تىياتىر كەسپى بىلەن تەشۋىق قىلىشنى توختاتمىغان. مەسىلەن: 1942 - يىلى مەرھۇم ئىنقىلاۋىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۇرۇمچىدىن كۇچارغا كەلگەندە ھاشىم ھاجى ئۇنى دەرھال ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن كوپ قېتىم سوھبەتلەشكەن ۋە مۇتەللىپ ئېلان قىلىشقا تېخى پېتىنالمىغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى جۇڭگو پارتىزانلىرىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان درامىسىنىڭ مۇزىكىلىرىنى رەتلەپ، ئوزلىرى چېلىپ كۇچاردا ئوينىغان. 1944 - يىلىدىن كېيىن، ل. مۇتەللىپ يازغان «غېرىپ - سەنەم» درامىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدۇرۇپ كېلىپ، سەھنىلەشتۇرۇشتە زور كۇچ چىقارغان. 1945 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە «ئارشىن - مال ئالان» كومېدىيىسىنى ئوينىماقچى بولۇپ، ھاشىم ھاجى ۋە بالىلىرىنى كۇچاردىن توقسۇ ناھىيىسىگە تەكلىپ بىلەن ئەكىلىپ قاتناشتۇرغان. 1944 يىلى پارتلىغان 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە خوشخەۋىرى تېزلىكتە كۇچار ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، بۇنى ئاڭلىغان ھاشىم ھاجى چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان 3 ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى ئىستىقبالغا ئۇمىتلەندۇردى. ھاشىم ھاجىنىڭ ئاممىۋى سورۇنلاردىكى پائالىيەتلىرى گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار ھاشىم ھاجىنىڭ دار ئويۇنى ھەم سازەندىلىك پائالىيەتلىرىنى چەكلىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋەزىيەت تازىمۇ كەسكىنلىشىپ،

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى كوچار ناھىيىسىگە ئوت قويۇش، ئۇرۇش - چېقىش، ئولتۇرۇش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئارقىلىق ۋەيران قىلغان چاغدا، ھاشىم ھاجىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئالمىقاچان كوز تىكىپ تۇرغان ئەكسىيەتچىلەر ھاشىم ھاجىنى بىر كېچىدە تۇتتۇۋېلىپ، ئۇنى لىىن جىلىۇنىڭ چوماقچىسى دەپ قاتتىق ئۇرۇپ، ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئولدى دەپ تاشلىۋەتكەن.

كوچاردا ئازاتلىق تېڭى ئاتتى. قۇياش نۇرى قاراڭغۇ زىندانىنىڭ چىرىگەن تاملىرىنى غۇلاتتى. زەنجىر - كىشەنلەر چېقىلدى. خەلق بەختىيار ھاياتقا ئېرىشتى. ئازاتلىقتىن ئوز بەختىنى تاپقان ھاشىم ھاجى: "ئەمدى مېنىڭ كوڭلۇمدىكى زامان يېتىپ كەلدى، ئۇممىدىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى" دەپ چەكسىز خوشاللاندى.

ئېغىر تاياق ئازاۋىدىن زەيىپلەشكەن ھاشىم ھاجى كوڭلىدىكى ئارزۇلىرىنى بالىلىرى ۋە شاگىرتلىرىغا قالدۇرۇپ 1952 - يىلى ۋاپات بولدى. ئوغلى سىدىق ئاخۇن، نۇراخۇن دادىسىنىڭ ئارزۇ - ئۇممىتلىرىنى يەردە قويماي، 1954 - يىلىغىچە پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا پايتەختىمىز بېيجىڭ، شىئەن، لەنجۇ قاتارلىق قېرىنداش ئولكە - شەھەرلەرگە بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقىگە دارۋازلىق سەنئىتىنى كورسىتىپ، ئامىمىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1966 - يىلى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئاتالمىش "مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى" باشلىنىشى بىلەن تەڭلا ھاشىم ھاجى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن ئوغلى شىرئەلى، سىدىق ئاخۇن، تۇرسۇن ئەلى قاتارلىقلار "ئەكسىيەتچى"، "شىۋجىڭجۇيىچى"، "چەتئەلنىڭ ئىشپىيونى"، "جىن - شەيتان"، "سېرىق ناخشا - مۇزىكىلار بىلەن ياشلارنى زەھەرلىگەن" دېگەن توھمەتلەر بىلەن قاتتىق رىجىمغا ئېلىنىپ، روھىي ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئازاپلاندى. 1970 - يىلى، ھاشىم ھاجىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى ھەيدەر ئەلى "كىچىك جىن - شەيتان" دېگەن بەتنام بىلەن قەشقەردە ئىشلەۋاتقان ئورنىدىن ئەڭ يىراق ئاقساق مارالغا ھەيدىلىپ ئائىلىسى خانىۋەيران بولغان.

"4 كىشىلىك گورۇھ" ئاغدۇرۇلدى. 5 - ئەۋلات سەنئەتچىلەرنىڭ سەنئەت باھارى قايتا ياشناپ گۈللىدى. ھاشىم ھاجىنىڭ زىبانكەشلىككە ئۇچرىغان بالىلىرىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ھاشىم ھاجىنىڭ دارۋازلىق كەسپىنى ئىگەللىگەن ئوغلى سىدىق ھاشىم ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزاسى. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق سېرىك ئومىكىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلماقتا. نۇر ھاشىم غۇلجىدا دارۋازلىق كەسپىنى داۋاملاشتۇرماقتا. نەۋرىسى نىگار بېيجىڭ سېرىك ئومىكىدە ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكاشۇناسلىق كەسپىنى ئىگەللىگەن ئىككىنچى ئوغلى شىرئەلى سەنئەت مەكتىۋىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ، غىجەكتىن ئىبارەت بۇ مىللى مۇزىكا ئەسۋاۋىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، مەخسۇس غىجەك كەسپىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق كەسپ ئەھلىنى تەربىيىلەپ چىقتى. ئۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىجادىي يوسۇندا خوشتارنى مەيدانغا چىقىرىپ ئۇنى ئومۇملاشتۇرماقتا.

نەۋرىسى تۇرسۇن ئەلى ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئومىكىنىڭ مۇزىكانتى، نەۋرىسى خەلچەم سىدىق ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئومىكىدە ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى. ئۇ ئەنئەنىۋى مىللى ئۇسسۇلنى ناھايىتى يېنىك، نەپىس ئويناپ، ئامىمىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشمەكتە. ئۇنى كىشىلەر "ئۇيغۇر مىللى ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ غورۇرى" دەپ ماختاشماقتا. ھازىر ئۇلار تىرىشىپ، يۇقۇرى ئورلەپ، ئوز كەسپىي قابىلىيىتىنى ئوستۇرۇپ، ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش ئىشىغا زور توھپە قوشۇشقا تىرىشماقتا.

# تارىخىي درامائىجادىيىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە

—«رابىيە — سەيدىن» درامىلىرىغا باھا

مەھەممەت زۇنۇن

يېقىندىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بەس - بەس بىلەن تارىخىي درامىلار (ئوپېرالار) ئوينالدى. ھەر خىل تېمىدىكى تارىخىي درامىلار يېزىلىۋاتىدۇ. بۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. لېكىن تارىخىي تىياتىرلار ئىجادىيىتىدە مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئايرىم مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. مەن «رابىيە — سەيدىن» ئوپېراسىنى نۇقتا قىلغان ھالدا، تارىخىي درامىلار ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز كۆزقارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

«رابىيە — سەيدىن» ناملىق ئەسەر، بىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىمىزدا تۇنجى قېتىم داستان شەكلىدە، تالانتلىق تەنقىدىي رېئالىست شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ نامى بىلەن ئورۇن ئالغان. شائىر بۇ داستاننى 1835 - يىلى يازغان بولۇپ، بۇ داستان شائىرنىڭ 12 چوڭ - كىچىك داستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40000 بېيىتلىك «مۇھەببەت داستانلىرى» ئىچىدە رېئالىزم ئاساسىنىڭ كۈچلۈكلىكى، دەۋر روھىنىڭ يارقىنلىقى، مىللىي پۇراقنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. داستاندىكى ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار خىيالى ئەمەس. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى، ئەرەبىستان چۆللىرىدە، باغدات ۋادىلىرىدا، ئەرمەنىستان تاغلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ماكانى بولغان قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى باي توقاي يېزىسىنىڭ جىگدە، سۆگەتلىرى ئارىسىدا، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويلىرىدا يۈز بەرگەن. شائىر بۇ داستاننى يېزىشتىن بۇرۇن، رابىيە — سەيدىن پاجىئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەر بىلەن سىردىشىپ، ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى بىۋاستە ئىگىلىگەن.

شائىر مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت بۇ رېئال ۋەقەنى رابىيە — سەيدىن ئوبرازىدا تىپىكلەشتۈرۈپ، شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، ئەينى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئالىزملىق ئەنئەنىسىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتەردى. بۇ داستاننى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي

رېئالىزىمنىڭ شانلىق نەمۇنىسى دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر نىزارىنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتى (شائىر 1774 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر «بۇلاق بېشى» مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ 1848 - يىلى ۋاپات بولغان) مەنچىڭ ھوكۇمىتىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق يەرلىك ئەمەلدارى زوھۇرىدىن بەگ زامانىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇر خەلقى، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك بەگ - ھاكىملارنىڭ قاتمۇ - قات زۇلمى ئاستىدا ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە ياشايتتى. ھەر تۈرلۈك ئالۋاڭ - ياساقلار، ھاشالار كوپەيگەن بولۇپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقى سېپىلىمۇ ئەشۇ چاغدا سوقۇلغان ئىدى.

سىنىپىي جەمئىيەتتە، ھوكۇمران سىنىپ ئىدىيىسى ھامان ھوكۇمران ئورۇندا تۇرىدۇ. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى، يەرلىك بەگ ۋە ھاكىملار فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن فېئوداللىق ئىدىيە ۋە خىلمۇ - خىل قائىدە - يوسۇنلار بىلەن خەلق ئاممىسىنى زەھەرلەپ، ئادالەتنى، ھەققانىيەتنى بوققان ئىدى.

شائىر «رابىيە — سەيدىن» ناملىق داستانىدا، فېئوداللىق زۇلۇم ۋە فېئوداللىق ئاسارىتىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائى زىددىيەتنى ئىككى ئەمگەكچى ئائىلىسىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئىككى ياشنىڭ تەقدىرى ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنى پاش قىلىدۇ. شائىر رابىيە — سەيدىننىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىدىن ئىبارەت تىپىك ۋەقە ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى پاجىئەلىك تەقدىرىنى، فېئوداللىق جەمئىيەتكە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ - ئۈمىدىنى ئەكس ئەتتۈردى. مانا بۇ داستاننىڭ تۈپ ئىدىيىسى.

شائىر رابىيەدىن ئىبارەت بۇ ئىجابى قەھرىماننىڭ، ئەركىن مۇھەببەت يولىدا بايلىققا بېرىلمەيدىغان، جاھالەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، مۇھەببەتكە سادىق ئالىيجاناب پەزىلىتىنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شۇ دەۋر شارائىتىدا مۇمكىن بولىدىغان دەرىجىدە يۈكسەكلىككە كوتۈرۈپ، فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئەركىنپەرۋەر ئۇيغۇر ئايال قەھرىمانىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتتى. رابىيە ئوبرازىنىڭ ئۇتۇقلۇق يارىتىلىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا نوزۇگۇم قاتارلىق رېئال قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

«رابىيە — سەيدىن» داستانى مەيدانغا چىقىپ 110 يىل ئوتكەندىن كېيىن (1942 - يىلى) شائىر ئەخمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەيدىن» داستانىنىڭ تۈپ ئىدىيىسىگە ئەسەردىكى ئاساسىي قەھرىمانلار ۋە ئاساسىي سيۇژېت لىنىيىسىگە سادىق بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ ماھىيىتىنى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەر قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بۇ داستاننى تۇنجى قېتىم ئوپېرالاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تىياتىر سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.

شائىر ئەخمەت زىيائى «رابىيە — سەيدىن» داستانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سەھنىلەشتۈرگەن. شائىر داستان تەمىن ئەتكەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەرنىڭ چىنلىقىغا ھورمەت قىلغان. تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى دەل، توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن.

دراماتىك توقۇنۇش — رابىيە ۋە ئۇنىڭ دادىسى، سەيدىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى

ھەمدەمبەك ۋە ئۇنىڭ قول - چوماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتكە مەركەزلىشىدۇ. رابىيە بىلەن سەيدىننىڭ ساپ مۇھەببىتى، ئالدى بىلەن ھەمدەمبەكنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا رابىيەنى 3 - خوتۇنلۇققا ئېلىشقا قەستلىشى بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرايدۇ. رابىيەنىڭ ئاتىسى مال - مۈلۈك. ئابرۇيغا بېرىلىپ، ئۆز قىزىنى ھەمدەمبەككە 3 - كۈندەشلىككە بېرىشكە رازى بولىدۇ. رابىيە ۋە سەيدىن ھەمدە ئۇلارنىڭ دوستلىرى ھەسەن، زوھرەلەر بايلارنىڭ زوراۋانلىقىغا، رابىيەنىڭ دادىسىنىڭ ئاچكۆزلۈكىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. رابىيەنىڭ دادىسىنىڭ ئاچكۆزلۈكى ۋە ۋاپاسىزلىقى، بىر جۈپ ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىگە بىۋاستە سەۋەبچى بولىدۇ. مانا بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تىپىك شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەينى قىياپىتى.

رابىيە - سەيدىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىش يولىدا، تۈرلۈك ئامال - چارىلارنى ئىزدەيدۇ. سەيدىن رەقىبى ھەمدەمبەك بىلەن يۈزمۇ - يۈز زوكۇنلىشىدۇ، ئېلىشىدۇ. رابىيە بولسا دادىسىنىڭ نادانلىقى، رەھىمسىزلىكى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. ئاخىرى توي كۈنى دوستلىرى ھەسەن ۋە زوھرەلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قاچىدۇ. بۇ فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە بولغان قارشىلىق. لېكىن بۇ قارشىلىق شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈز بېرىش مۇمكىن بولغان ئازاتلىق يولىدىكى شەخسىي قارشىلىقتىن ئىبارەت. ھەممە يەردە فېئوداللىق تۈزۈم ھۆكۈم سۈرىۋاتقان، فېئوداللىق ئىدىيە كىشىلەرگە روھىي كىشەن بولىۋاتقان تارىخىي شارائىتتا "جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس" دېگەن ئىرادىگە كەلگەن بۇ ئىككى قەھرىمان ياشنىڭ شەخسىي قارشىلىقى، ئەركىن مۇھەببىتىنىڭ ئىستىقبالى قانداق بولىدۇ؟ سەيدىن، چىن مۇھەببەت دەردىدە مازارلاردا سەرسان بولۇپ، نالە - پەرياد قىلىپ ئاخىرى ۋاپات بولىدۇ. رابىيەچۇ؟ سەيدىننىڭ جەسىدىنى كۆرۈپ، لەنەتى زامانغا شىكايەت ئوقۇپ ئۆزىنى يامانيار دەرياسىغا تاشلاپ ئۆلىدۇ. رابىيە بىلەن سەيدىننىڭ دوست - يارلىرى، ئاتا - ئانىلىرى قارىلىق تۇتۇپ يىغلاپ قالىدۇ. ئەسەر تىراگېدىيە بىلەن تۈگەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە جاھالەتلىك زامانغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ.

شائىر ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ھەر خىل شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، داستان تەمىن ئەتكەن مەنبە ئارقىلىق، تارىخىي دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان تىپىك، تەسىرلىك مەنبەلەرنى تاللاپ ئالغان.

ئوپېراغا كىرگۈزۈلگەن ناخشىلارمۇ (شائىرنىڭ لىرىكىسى) قەھرىمانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيىۋىي ھالىتىگە، قەھرىمان دۇچ كەلگەن كونكرېت زىددىيەتكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ. روشەنكى، شائىر داستان تەمىن ئەتكەن تارىخىي ماتېرىيال ئاساسىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتنىڭ تىپىك خۇسۇسىيىتىنى، پېرسوناژلارنىڭ ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ئىدىيىۋىي ھېسسىياتىنى، خاراكتېرىنى توغرا ئىگىلىگەن. بەدىئىي قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ئوپېراغا كىرگۈزۈلگەن ۋەقەلەر، لىرىك ھېسسىياتلار، ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلگەن. يېڭىدىن قېتىلغان پېرسوناژلار، ۋەقەلىكلەرمۇ ئەينى تارىخىي شارائىتتا ماسلاشقان بولۇپ، تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، پېرسوناژلارنىڭ تىپىك شارائىتى ۋە خاراكتېرىنى

AltunOq

تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن. دېمەك، تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن سەنئەتتىكى ئومۇملاشتۇرۇش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. شۇڭا ئەسەردىكى ۋەقەلىكلەر تەبىئىي، پېرسوناژلار چىن ۋە تەسىرلىك.

يولداش ماۋزېدۇڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىدە: "گومىنداڭ پۈتۈنلەي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋە بېيياڭ جۇنفالار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى" دېگەن ئىدى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا قوراللىق باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈشتىن باشقا، قەستەن مىللىي ماجىرا تۇغدۇرۇش، ئاممىنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈش، ئىشپىيونلۇق تورلىرىنى كۆپەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتىنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان ئىدى. جەمئىيەتتە چېقىمچىلىق، كويدۇرگۈلۈك، ۋىجدانسىزلىق، ۋاپاسىزلىق ئەۋج ئالغان ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا رابىيە - سەيدىن ئوبرازى ئارقىلىق، ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى قوزغاپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ئىدى. شۇڭا، ئەخمەت زىيائىي ئوپېرالاشتۇرغان بۇ ئەسەرنى كىشىلەر 40 يىلدىن بۇيان چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن ئەسلىمەكتە.

«رابىيە - سەيدىن» ئوپېراسى مەيدانغا چىقىپ، 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ ئېلىمىز سوتسىيالىزىم شارائىتىدا تۆتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قەدەم قويغان بۈگۈنكى ئۇلۇق تارىخىي دەۋردە يولداش مەمتىلى زۇنۇن بىلەن يولداش سەمەت دۇگايلى «رابىيە - سەيدىن» نى قايتا ئوپېرالاشتۇرۇپ سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالغاندىن تاشقىرى، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

ئەجداتلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مىراسلىرىغا "يېڭى زۇمرەت قېتىش"، "يېڭى جان ئاتا قىلىش"، بەدىئىي ئىجادىيەتتە تېما دائىرىسىنى كېڭەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇ جەھەتتە ئىككى ئاپتور پايدىلىق ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئالاھىدىلىگى شۇكى، ھەر ئىككى ئاپتور ئەسەردىكى قەھرىمانلارنى تېخىمۇ كەڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشكە قويۇپ، قەھرىمانلارنى ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي كۈرەش ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە، رابىيە ۋە سەيدىن ئوبرازلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، خەلق كۈچىنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە تىرىشتى. مەمتىلى زۇنۇن، سەيدىننى مەنچىڭ ئەمەلدارى زوڭ دارىن، يەرلىك بايلار ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە قۇربان بولغان قىلىپ كۆرسەتسە، سەمەت دۇگايلى سەيدىننى، ھاشا جەريانىدا زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان غەلىيان (ئىسيان) دا زەخمىلىنىپ قۇربان بولغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مەمتىلى زۇنۇن رابىيە - سەيدىننىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېچىشقا دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلاردىن تەلىم ئالغان، بارلىق ئېسىل پەزىلەتنىڭ ئىگىسى ھۈنەر - كەسىپنىڭ ماھىرى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشسا، سەمەت دۇگايلى قەھرىمانلارنى توغرىدىن - توغرا درامىلىق توقۇنۇشلار ئىچىدە گەۋدىلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنى مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىكنى قوغداش يولىدا،

فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى تۇرغان غايىۋى قەھرىمان قىلىشقا تىرىشىدۇ. دىراماتىك قۇرۇلمىنىڭ ئىخچاملىقى، تىلىنىڭ ئاممىباپلىقى ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئوبرازلىقلىقى قاتارلىق بەدىئى ماھارەت جەھەتتە ئىككى ئاپتوردا روشەن پەرقلەرمۇ بار ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ ئىككى ئەسەرگە نىسبەتەن كەڭ كىتابخانلار "ئەسەردىكى پېرسوناژ، ۋەقەلەر سۇنئىي"، "ئەسەر تېخى خام"، "بەدىئى تەسىرچانلىقى ئاجىز" دەپ باھا بەرمەكتە. بۇ ھەقىقەتەن توغرا بېرىلگەن باھا. بۇ ئىككى ئەسەردىكى ئاجىزلىق، ئىككى مەسىلىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىرى — ھەر ئىككى ئاپتور ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەيدىن» داستانى ۋە ئەخمەت زىيائىنىڭ «رابىيە - سەيدىن» ئوپېراسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىنمىغان. تارىخىي ۋەقە بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرى بىر - بىرىگە ماس كەلمەيدۇ. ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ۋەقەدە پېرسوناژلار (بەدىئى قۇرۇلما) تارىخىي چىنلىققا، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

سەيدىن، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان ئاددى ئەمگەكچىنىڭ پەرزەنتى. ئۇ ئەركىن مۇھەببەت يولىدا، جاھالەت كۈچلىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ. توي كۈنى رابىيەنى ئېلىپ قاچىدۇ. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي شارائىتتا، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئىسيان كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىشى، مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن رەسمىي ئېلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

سەمەت دۇگايلى ئوپېراسىدا، سەيدىن دوستى ھەسەن بىلەن ھاشادىن قېچىپ كېلىپ، ئۇسسۇزلىقتىن بىر ئوچۇم قارنى ئاغزىغا سېلىپلا ئۆلىدۇ. مەمتىلى زۇنۇن ئوپېراسىدا سەيدىن تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ھەمدەمبېك ۋە ئۇلارنىڭ قول چوماقلىرى بىلەن بولغان "گىرەلىشمە جەڭ"دە قۇربان بولىدۇ. ۋەقە خىيالى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ئاپتور قەھرىماننىڭ مۇشۇ جىددى ۋەقەدىكى خاراكتېرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشتا ئامالسىز قالىدۇ. كىتابخانلارمۇ تەسادىپىلىق، سۇنئىيلىك ھېس قىلىدۇ.

رابىيەنىڭ دادىسى ياقۇپباي ئەسلىدە ئەمگەكچى، لېكىن بايلىققا بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، رابىيەنى سەيدىنگە بېرىشكە قوشۇلمايدۇ. رابىيە دادىسى بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىدۇ. بۇ، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى، پېرسوناژنىڭ تىپىك شارائىتىنى گەۋدىلەندۈرۈدىغان تىپىك سيۇژېت ئىدى. لېكىن ھەر ئىككى ئاپتور بۇ سيۇژېتقا سەل قارايدۇ. ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى مۇرەككەپ زىددىيەتنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇنى پەقەت ئىككى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئۆزگەرتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رابىيە تىپىك شارائىتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. قەھرىمانغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان سەھنە بولمىغانلىقتىن رابىيەنىڭ ئوبرازى جانسىز، تۇتۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھەر ئىككىلا ئاپتورنىڭ ئەسىرىدە، قەھرىمانلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئەينى تارىخىي شارائىتتىن ھالقىپ كەتكەن. مەمتىلى زۇنۇننىڭ ئەسىرىدە رابىيە ئالەمدىن ۋىدالىشىدىغان چاغدا:

"قۇرۇپ كەت ئەي جاھالەتلىك قارا ئالەم - قارا ئالەم،
قۇرۇپ كەت ئەي قارا ئالەم!
قۇرۇپ كەت، ئەرك - ئادالەتسىز بىنامۇس - بىھايا ئالەم،
قۇرۇپ كەت بىھايا ئالەم!

مۇھەببەت، ئەركنى سويگەنگە، قەپەزسەن، خۇددى زىندانسەن،
سىنىڭ قوينۇڭدا دەرت، ماتەم.
تۇمەن مىليونلىغان ئاپەت - بالا ئالەم، ۋابا ئالەم،
يوقال ئاپەت ۋابا ئالەم."

دەپ ناخشا ئېيتسا، سەمەت دۇگايلىنىڭ ئەسىرىدە:

«زامان ماڭا خوشاللىقنى رەقىپ ئەتتى،
ئەي ئۇلۇق سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن.
بەگنىڭ زۇلمى ئارام بەرمەي تەقىپ ئەتتى،
ئەي ئۇلۇق سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن.
ئېلىپ كەتكىن زالىم بەگلەر سۇزەلمىسۇن!
ئېلىپ كەتكىن ئۇلار چۇشۇپ ئۇزەلمىسۇن!
ئېلىپ كەتكىن جەسەدىمنى ئىزدەلمىسۇن!
ئەي ئۇلۇق سۇ مېنى بىللە ئېلىپ كەتكىن!»

روشەنكى، ھەر ئىككى ئەسەردە تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئى چىنلىقنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغان.

تارىخىي ئوپېرا — تارىخ ئەمەس بەلكى بەدىئى ئەسەر، تىياتىر تۇرلىرىنىڭ بىرى. بارلىق ئەدىبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە بولىدىغان تۇپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ جەزمەن تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئى چىنلىق ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى كېرەك. تارىخىي چىنلىق — تارىخنىڭ ئەينى قىياپىتىنى، تارىخىي ىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى كورسىتىپ بېرىش دىگەنلىك بولۇپ، تارىخىي درامىا يېزىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. بەدىئى چىنلىق — تەسەۋۋۇر، مۇبالىغە قاتارلىق بەدىئى ۋاستىلار، تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق تارىخىي چىنلىقنى قايتا نامايەن قىلىشتىن ئىبارەت. تارىخىي درامىا بولىدىكەن، ھامان تارىخىي چىنلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئالدى بىلەن تارىخىي چىنلىققا ھورمەت قىلىش لازىم. تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بەدىئى قۇرۇلما قىلىنغاندا، قەدىمقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى چوڭقۇر ئۇگىنىپ، شۇ تارىخىي دەۋردە پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ۋەقە ۋە پېرسۇناژلارنى تىپىكلەشتۇرۇش لازىم. ئەسەردە يېزىلغان ۋەقە ۋە پېرسۇناژلار بۇگۇنكى رىياللىقنىڭ ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن، كونكىرىت تارىخىي دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇشى، قۇراشتۇرۇلغان ۋەقەلەر، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋىي ھىسسىياتى (لىرىكىسى) ئەسەردىكى پېرسۇناژلار خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، مەجبۇرى تېڭىلماسلىقى، زامانىۋىلاشتۇرۇلماسلىقى كېرەك. تارىخىي ئەسەرلەردە، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە پەيدا بولغان ئىشنى يىغىنچاقلاپ، بىرەر تارىخىي شەخسنىڭ ئۇستىگە جەملەپ قويۇشقا، مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئاساسسىز ۋەقە ۋە پېرسۇناژلارنى زورمۇ - زور ئويدۇرۇپ چىقىشقا بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزىم كوز قارىشىدا تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزلەپ، تارىخىي چىنلىق بىلەن بەدىئى چىنلىقنىڭ بىردەكلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئېنگېلس ئوتتۇرىغا قويغان "تىپىك شارائىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى يارىتىش" تارىخىي درامىلارغىمۇ ئۇيغۇن.

بۇ ئىككى ئاپتورنىڭ ئوپېراسىدىكى يەنە بىر ئاجىزلىق — بۇ تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرنى قانداق قىلىپ بۇگۇنكى دەۋر ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغانلىقتىن ئىبارەت. تارىخىي درامىلارنىڭمۇ ھازىرقى دەۋردىكى ئىجتىمائى ئۇنۇمىنى ئويلىماي بولمايدۇ. تارىخىي درامىلارنى يېزىشتىمۇ "قەدىمقىنى بۇگۇنكى ئۇچۇن خىزمەت قىلدۇرۇش" پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئابدۇرېھىم نىزارى 19 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۆتكەن يازغۇچىسى بولغانلىقتىن، تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنىڭ سىنىپىي مەنبەسىنى ئېچىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مەرىپەتپەرۋەرلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، كىشىلەردە فېئوداللىق تۈزۈمگە نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلغان ئىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئەخمەت زىيائى دېموكراتىك مەيدانىدا تۇرۇپ، رابىيە - سەيدىن پاجىئەسى ئارقىلىق گومىنداڭنىڭ قانلىق زۇلمىغا كۈچلۈك زەربە بەردى. ھەر بىر گىراژدانغا ئۆز دەۋرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، رابىيە - سەيدىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۈگۈنكى كۈندە رابىيە - سەيدىن تىراگېدىيىسىنى قانداق قىلىپ بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، رابىيە - سەيدىن تىراگېدىيىسى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشنى ئەينەك قىلىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇش تەربىيىسى بەرگىلى، بولۇپمۇ رابىيە - سەيدىننىڭ ئوبرازىدىكى چىنلىق، گۈزەللىك ئارقىلىق بۈگۈنكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكىلى بولاتتى. گەرچە بۇ ئىككى ئەسەر خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئۆتمۈشنى قىسمەن تونۇتۇش، ئەسلىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن مەنىۋى جەھەتتىن كىشىلەردە ئورتاق ھېسسىيات قوزغىتالمىدى.

تارىخىي دىراممىلارنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە ئاتاقلىق يازغۇچى ماۋدۇن مۇنداق دېگەن ئىدى: «تارىخىي زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى چىنلىق بىلەن نامايەن قىلىشنىڭ ئۆزى — قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغانلىق.»

بۈگۈنكى كۈندە يېزىلغان ئىككى ياش يازغۇچىنىڭ ئوپېرالىرىدا ئەينى دەۋردىكى تارىخىي زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپى، تارىخىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلى قىياپىتى تولۇق گەۋدىلەنمىگەنلىگى، رابىيە - سەيدىندىن ئىبارەت تارىخىي شەخسنىڭ جاھالەت ئالدىدا تىز پۈكمەيدىغان، بايلىق ۋە نام - شۆھرەتكە بېرىلمەيدىغان، بىر - بىرىگە سادىق قەھرىمانلىق پەزىلىتى، گۈزەل روھىي دۇنياسى تولۇق ئېچىلمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى ئەسەر "قەدىمقىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش" رولىنى تازا جارى قىلالمىدى. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي دىراما سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەشكىلىي قىسمى. تارىخىي تېما، يازغۇچىلار قانچە يازسا تۈگىمەيدىغان پايانسىز دېڭىز. يولداش خۇياۋباڭ «سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمىي تارىخىمىز بار، ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈرەشلىرىگە ئائىت قانچىلىغان ھېكايە، رىۋايەتلەر بار، قانچىلىغان زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، زور ئىسلاھاتلار، قانچىلىغان قەھرىمان شەخسلەر، قانچىلىغان مۇتەپەككۇرلەر، سىياسىئونلار، ھەربىي شۇناسلار، تارىخ شۇناسلار، ئالىملار، سەنئەتكارلار ئۆتكەن - ھە! ئەنە شۇ ئەرباپلار مۇئەييەن تارىخىي رول ئوينىغان. بىز ئۇلارغا مۇئەييەن تارىخىي باھا بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئىدىيىمىزگە ئىلھام بېرىپ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى بېيىتىشىمىز لازىم."

بىزنىڭ ئۇيغۇر يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا تارىخىي تېمىلارنى يېزىش ئەمدى باشلاندى. تارىخىي دىراما ئىجادىيىتىنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تارىخىي چىنلىق بىلەن سەنئەت چىنلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، تارىخىي دىراممىلارنى قانداق قىلىپ بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى نەزەرىيە ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

# تۆھپىكار ئۇستازنى ئەسلەيمىز

شېرىپ خۇشتار



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى قاسىمجان قەمبىرى ئۇچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، ئىنقىلاۋىي شائىر، دىراماتۇرگ، ئۇستا چالغۇچى، ئاتاغلىق ئارتىست ۋە ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتىنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشىدىكى تۇنجى يېتەكچىلەردىن بىرى ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى 1910 - يىلى ئاتۇشنىڭ بوياماەت يېزىسىدا كەمبەغەل دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى نامرات ئائىلىدە ئۆتكەن. كېيىن ئۇ ئاتىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكۈزگەن.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى بىلەن رۇسىيىدە شەكىللەنگەن يېڭى تۇرمۇش قاسىمجان قەمبىرىنى يېڭىلىق ئۆگىنىشكە روھلاندۇردى. جۈملىدىن ئۇ، ئوقۇش دەۋرىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات - سەنئەتكە بېرىلىپ، ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش ۋە مەكتەپ سەھنىلىرىدە رول ئېلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۆزبېكىستاندىكى ئوقۇش يىللىرىدا ئۇنىڭ سەنئەت قابىلىيىتى خېلى يېتىلگەن ئىدى.

1932 - يىلى قاسىمجان قەمبىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ، مۇدھىش يىللار، جاھالەت ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ قارا تۇمانلىرى شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان، خەلق ئادالەت ۋە مەرىپەتكە تەشنا بولۇپ تۇرغان ۋاقىت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ چاغلاردا شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى بىلەن دېموكراتىك كۈچلەر ئويغىنىپ ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان مەزگىل ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى شىنجاڭ زېمىنىدە بولۇۋاتقان فېئوداللىزىمغا ۋە جاھالەتكە قارشى ئويغىنىشلارنى كۆرۈپ بۇنىڭدىن ئىلھام ۋە مەدەت ئالىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ خەلقنى مەڭگۈ جا-

AltunOq

هالەتتە قالدۇرۇش قارا نىيىتىگە قارشى كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. نەتىجىدە خەلقنىڭ مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك ئېتىپ «ئىناق» تەخەللۇسى بىلەن كوپلىگەن شېئىر، ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ ۋە ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ، ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

1934 ـ يىلىدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدە شېڭ شىسەي ئۆز ھوكۇمىتىنى تىكلەپ، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن «6 بۈيۈك سىياسەت» نى جاكالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىدا بىر قەدەر يۈكسىلىشلەر بارلىققا كېلىدۇ. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزلىرىنىڭ «ئاقارتىش ئۇيۇشما» لىرىنى قۇرىدۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن غۇلجىدا ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى بىرىنچى بولۇپ سانايى نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى) لىرىنى تەشكىللىگەن. بۇ، قاسىمجان قەمبىرى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىنى باشلىۋەتكەن ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا پۈتۈن ئىجتىماتى بىلەن تىرىشچانلىق كورسىتىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. سانايى نەپىسنىڭ قۇرۇلۇشى قاسىمجان قەمبىرىنىڭ سەنئەت پائالىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يول ئېچىپ بەردى. تالانتلىق شائىر ۋە ئارتىست قاسىمجان قەمبىرى سانايى نەپىسىگە يېتەكچى بولدى. ئۇ يىللاردا شىنجاڭ شارائىتىدا ئويۇن قويىدىغان كۇلۇب يوق ئىدى. مەيلى قەشقەر ياكى غۇلجىدا بولسۇن، سانايى نەپىسە ئويۇن كورسەتمەكچى بولسا، باغچىلاردىن، ھەر قايسى سەيلە ئورۇنلىرىدىن، شەخسلەرنىڭ قورالىرى ۋە چايخانىلاردىن پايدىلىناتتى. (ئۇ چاغدىكى چايخانىلاردا ھەر خىل مىۋە ـ چىۋە، تاماقلار سېتىلىپ تاماشىچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى، بۇ ياۋروپا بۇففېتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى مىللىيلەشتۈرۈلگەن بىر شەكلى ئىدى.) سەنئەت ھەۋەسكارلىرى بولسا سەھنە كىيىملىرىنى ئائىلىلەردىن ئارىيەت ئېلىپ كېلىپ، ئاددىيلا سەھنىلەرنى ياساپ ئويۇن كورسىتەتتى. ئۇلار قاسىمجان قەمبىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن ئىشتىياقى بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەھنە سەنئىتىگە دائىر تالانت ۋە تەجرىبىلىرىنى تەدرىجى ئوستۈرۈپ، ناخشا ـ ئۇسۇل ۋە ھەر خىل قىزىقچىلىقلارنى كورسىتىشتىن رەسمىي ئوپېرا ئويناشقا كوچكەن.

1936 ـ يىلى قاسىمجان قەمبىرى بىر قانچە زىيالىلار بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى «غېرىپ ـ سەنەم» ئاساسىدا «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى يېزىپ سەھنىلەشتۈرگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇكى، بۇ قېتىمقى «غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى ئىشلەش جەريانىدا تالانتلىق شائىر قاسىمجان قەمبىرى ئاز كۈچ سەرپ قىلمىغان. مەلۇمكى، خەلق داستانى «غېرىپ ـ سەنەم» نىڭ ئەسلى نۇسخىسى بىلەن سەھنىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ كورسەك، ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا سىڭدۈرگەن ئەمگىكى نامايەن بولىدۇ.

«غېرىپ ـ سەنەم» ئوپېراسىنى سەھنىلەشتۈرۈشتە دەسلەپكى خىزمەت يەنىلا قاسىمجان قەمبىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. ئۇ دادىل ھالدا رېژىسورلۇق قىلىپلا قالماي، غېرىپنىڭ رولىنىمۇ ئالىدۇ. ئەمدىكى يەنە بىر قىيىن مەسىلە، «سەنەم» رولىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى. ئۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي مۇھىت فېئوداللىق ئاسارەت بىلەن بېكىتىلىپ كەتكەنلىكتىن ئاياللارنىڭ سەھنىگە چىقىشى رەت قىلىنغان ئىدى. ھېچقانداق بىر شەخس شۇ مۇھىتتا ئۆز ئەۋلادىدىن بىرەر ئايالنىڭ سەھنىگە چىقىشىغا يول قويمايتتى ... قاسىمجان قەمبىرى ناھايىتى دادىللىق بىلەن ھەرقانداق پىتنە ـ ئىغۋالارغا قارىماي ئۆز ئايالى رازىيە خانىمنى «سەنەم» رولىغا تەربىيىلەپ ئۇنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان ئىدى. (شىنجاڭنىڭ سەھنە سەنئىتى تارىخىدا تۇنجى قېتىم سەھنىگە چىققان ئايال ئەنە شۇ رازىيە خانىم ئىدى.)

1936 - يىلىغا يەتكەندە سەنئەت ئىشلىرى خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، غۇلجىدا «مىللەتلەر كۇلۇبى» ياسالغاندىن كېيىن چوڭ تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى ئويناشقا باشلىغان. مەسىلەن: «قانلىق داغ»، «ئارشىن مال ئالان» دىرامىلىرى، «غېرىب - سەنەم»، «نوزۇگۇم»، «پەرھات - شىرىن» ئوپېرالىرى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئوينالغان ئىدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ خەلقنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئويغىنىشى، ساختا نىقاپقا ئورۇنىۋالغان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى ئەندىشىگە سېلىپ قويغان ئىدى. شېڭ شىسەي 1937 - يىلىدىن باشلاپ ۋەتەنپەرۋەر، زىيالىي كىشىلەرگە ھەر خىل باھانىلار بىلەن زادىيانكەشلىك قىلىشتەك ئاق تېررورلۇقنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان ئىدى. قاسىمجان قەمبىرىمۇ تەخمىنەن 1939 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، دەسلەپ غۇلجىدا، كېيىن ئۈرۈمچىدە شېڭ شىسەينىڭ 2 - تۈرمىسىدە ياتقان ئىدى. ئۇنىڭ بىر قانچە يىللىق تۈرمە ھاياتى، ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتلەر ئىچىدىمۇ، ئۈستۈن روھ، خۇشچاقچاق، ئىنقىلاۋىي كەيپىيات بىلەن ئۆتكەن ئىدى. ئۇ سوراق جەريانىدا كوپ قېتىم ئۇرۇلغان، ئېسىلغان ۋە ھەر خىل ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىينالغان ئىدى. ماڭىدىغان دەرمانى قالمىغان ھالدىمۇ قىلچە بىلىندۇرمەي كامېرغا كىرەتتى - دە، ناخشا ئوقۇش، ھەر خىل قىزىقچىلىق قىلىش بىلەن باشقىلارنىڭ دەرت - ئازاۋىنى يېنىكلىتەتتى، ئازاپلىق كۈنلەرنى ئۈمىتۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

ئاخىرقى يىللاردا شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ لىڭشىپ قېلىشى ھەم ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەر تۈرمىدىن بوشىتىلدى. بوشىتىلغان ئاتالمىش مەھبۇسلارنىڭ ئىسمىلىكى شىنجاڭ گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا ئارتىست دەپ ئالاھىدە يېزىپ قويۇلغان ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى شېڭ شىسەي تۈرمىسىدىن چىققاندىن كېيىن يەنىلا تەلتۆكۈس ئازات بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇ چاغدا قويۇپ بېرىلىدىغانلارنى بورۇنغا بېرىش (كېپىل بولۇش) رەسمىيىتىنى ئۆتەيتتى. قاسىمجان قەمبىرگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى (ئۇيۇشمىدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت گۇماشتىلىرى) كورۇنۇشتە ئۇنىڭغا كېپىل بولۇپ ئۇنى ئارتىست ۋە رېژىسسور قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رىجىم ئاستىدا ئىدى. ئۇنىڭ باشقا يەرگە بېرىشى چەكلەنگەن، مائاشى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. گەرچە ئۇ سەنئەت پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئازاتلىق ۋە دېمۇكراتىيە يولىدىكى كۈرەشنى توختاتمىدى، كۆپلىگەن شېئىر ۋە ناخشا تېكىستلىرىنى يېزىپ ئاھاڭغا سالدى. «شانلىق غەلىبە»، «زەينەپكە توھمەت» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى.

ئۈرۈمچى سەھنىسىدە «غېرىب - سەنەم» ئوپېراسى ئوينالماقتا ئىدى. غېرىب رولىنى قاسىمجان قەمبىرى، غېرىبنىڭ ئانىسىنىڭ رولىنى ئۇنىڭ رەپىقىسى، ئاتاقلىق ئۇسۇلچى قەمبەرخانىم ئالغان ئىدى. ئوپېرادا ئەكس ئېتىلىشىچە، غېرىب باغداتتىن سەنەمنى ئىزدەپ مېڭىش ئالدىدا ئانىسىغا "خوش ئانا" دېگەن، ئانىسى غېرىبقا "خوش بالام" دېگەن. بۇ، ئوپېرادىكى دىئالوگلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەخسى تۇرمۇش بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق گەپلەر ئىدى. لېكىن، ئەكسىيەتچىلەر بىر ئوچۇم فېئودال كۈچلەرنى كۈشكۈرتۈپ: "ئىككىڭلار ئەر - خوتۇن تۇرۇپ "خوش ئانا، خوش بالام" دېيىشتىڭ! بۇ، شەرىئەتكە خىلاپ ئىش. ئىككىڭ نىكادىن جۇدا بولدۇڭ" دەپ «شەرىئەت قائىدىسى» بويىچە 3 كۈنلۈك نىكادىن مەھرۇم قىلىپ ئەر - خوتۇننى ئايرىۋېتىدۇ ھەم

قاسىمجان قەمبىرىنى بىر قانچە ئون دەررە ئۇرغان ۋە تۈرمىۋىشىغا كوكۇلسىزلىك، خىزمىتىگە پۈتـ
لىكاشكىلارنى پەيدا قىلغان .

قاسىمجان قەمبىرىنى بۇ خىل تەھدىتلەرمۇ ئۆز خىزمىتىدىن روھسىزلاندۇرالمايدۇ. ئۇ ياش
سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيەلەشكە كىرىشىدۇ. ھەتتا شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئىچىدىن تۇنجى قېـ
تىم نوتا ئۆگىنىشكە كىرىشكەن مەھەممەتجان ئىسمايىلغىمۇ ئالاھىدە ئىلھام بېرىپ، "ئۇكام، ياۋـ
روپالىقلار نوتىسىز ناخشا، مۇزىكا ئورۇنلىيالمايدۇ، نوتا - مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ ئېلىپبەسى. كەلـ
گۈسىدە خەلقىمىز نوتىدىن ئىبارەت بۇ مۇزىكا يېزىغى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنى قىزغىنلىق بىلەن
ئىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىڭ، ئاندىن سىزمۇ باشقىلارغا ئۆگىتىڭ ...» دېگەن ۋە داۋاملىق ياردەم بەرـ
گەن ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرىنى بويسۇندۇرۇش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە بوـ
لۇپ قالىدۇ، ئۇلار ئاخىرى يەنە بىر غەيرى ئۇسۇل قوللىنىپ "جەرىمانە ئۈچۈن ئالغان قەرزنى
تولىمىدىڭ ۋە خىيانەت قىلدىڭ» دېگەن بانا بىلەن قايتا تۈرمىگە قامىتىپ قويغان. ئۇنى
تۈرمىگە ئېلىپ كېلىش بىلەن تەڭ ھاجەتخانا تازىلىتىشتەك مەينەت ئىشلارغا سېلىپ ئۇنىڭ ئابـ
رويىنى توكمەكچى بولغان ... بۇنداق قىلمىشلار ئۇنىڭ شان - شوھرىتىگە قىلچىمۇ تەسىر يەتـ
كۈزەلمىگەن، ئەكسىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ قاسىمجان قەمبىرگە بولغان مۇھەببىتى چوڭقۇر بولغانـ
لىقتىن ئۇنى تۈرمىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ ئېلىپ چىقىدۇ.

1944 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ئۇيغۇر ئويۇشما، سەنئەت ئۆمىكىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشنى
قارار قىلىدۇ - دە، غۇلجىدىن سازەندە ئېلىپ كېلىشنى لازىم تاپىدۇ. بۇ پەيت شىنجاڭدا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ غالجىرلىقى چېكىگە يەتكەن، ۋەھشىيانە بۇلاڭ - تالاڭ، قىرغىنچىـ
لىق قىلىۋاتقان ۋاقتى ئىدى. 3 ۋىلايەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغىلىڭىنىڭ
پارتلاش ئالدىدىكى كۈنلەر ئىدى. قاسىمجان قەمبىرى بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغانلىقى ئۈچۈن،
سازەندە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن غۇلجىغا بارىدۇ - دە، شۇ يول بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىـ
نىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە سېپىدە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا مەسئۇل خىزمەتلەرـ
نى ئىشلىگەن.

1945 - يىلىنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا قاسىمجان قەمبىرى 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ كېڭىيىشى
بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈرۈلگەن بىر كىچىك پارتىزان ئەترىتىگە باشلامچىلىق قىلىپ جەـ
نۇبىي شىنجاڭغا ئاتلانغان. بۇ پارتىزان ئەترىتى مۇزلۇق تاغلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۆزىدىن نەچـ
چە ھەسسە كۆپ ۋە كۈچلۈك بولغان مۇنتىزىم گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئېلىشىپ، باي ناھىيىـ
سى ۋە ئاقسۇ كونىشەھەرنى گومىنداڭچىلاردىن ئازات قىلغان. گومىنداڭ بىلەن تۈزۈلگەن 11 بىتـ
تىمگە بىنائەن بۇ ئەترەت غۇلجىغا پۈتۈن پولك بولۇپ قايتىپ كەلگەن. بىتىم دەۋرىدە بولسا
قەشقەر ۋىلايىتىدە ۋالىي ئورۇنباسارى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ دەۋردە قاسىمجان قەمبىرى جەنۇبىي
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە يېتەكچىـ
لىك قىلغۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە گومىنداڭچىلارغا قارشى ئوتكۇر سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بارغان.

1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى 11 بىتىمنى
يىرتىپ تاشلاپ قاسىمجان قەمبىرى، ئابلىز مۇھەممىدى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئىنقىلاۋىي زىيالىـ
لارنى تۇتقۇن قىلغان ئىدى. ئۇ تۈرمىدە ئىككى يىلغا يېقىن ئازاپ - ئوقۇبەت چەكتى. شىنجاڭ
ئازات بولۇش ھارپىسىدا تۇرغان كۈنلەردە گومىنداڭ دائىرىلىرى قاسىمجان قەمبىرى باشلىق كىـ

شىلەرنى تۈرمىدىن بوشىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ تۈرمىدىن بوشىتىلىپ ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل «ھەقىقەت» گېزىتىدە ئىشلىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى يەكەن ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ 4 يىلغا يېقىن ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ۋالىيلىق خىزمىتىنى ئوتەپلا قالماستىن، يەكەن ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور كۈچ قوشتى. 12 مۇقامنى رەتلەش ۋە لېنتىغا ئېلىۋېلىش ئىشلىرىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

قاسىمجان قەمبىرى 1954 - يىلدىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرى مەھكىمە مۇدىرىيىتىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ ئىشلىدى، ئۇ بۇ جەرياندا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دېپۇتاتى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھوكۇمىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان ئىدى. شۇ يىللاردىمۇ بوش ۋاقىتلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭ، خۇسۇسەن قەشقەر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ۋە ئۇچمەس تۆھپە قوشقان ئىدى.

شېڭ سىسەي، گومىنداڭ تۈرمىلىرى، كوپ يىللىق ئازاب - ئوقۇبەتلىك ھايات، ئۇنىڭ يېڭىلمەس روھىنى سۇندۇرالمىدى. ئەكسىيەتچى كۈچلەر، غالجىرلاشقان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر، جاھىللىق بىلەن ئوزىنى كورسىتىۋاتقان يىللاردا قاسىمجان قەمبىرى بىر ئىلغار مەرىپەتچىدىن، قەيسەر ئىنقىلابچى بولۇپ يېتىلدى. ئۇ، 3 ۋىلايەت كۈرىشىنىڭ ئوتلۇق جەڭلىرىدە بولدى.

قاسىمجان قەمبىرىنىڭ قايغۇسىمۇ، خوشاللىقىمۇ خەلقىنىڭ قايغۇسى ۋە خوشاللىقى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ قەلبىدە خەلق مۇھەببىتى ياناتتى. سويۇپ ئوقۇيدىغان «مەن دۇتار بىلەن» دىگەن شېئىرىدا بۇ غايە ئوز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى:

مەن دۇتار بىرلە توغۇشقان بىر غېرىپ دىۋانىمەن،
ئول توغۇشقانىم بىلەن بىر ئوتتا دائىم يانىمەن.
مەن دۇتارنىڭ پەدىسىگە بېكىنىپ چالسام ئەگەر،
پەدىلەرنىڭ ھەر بىرى بەرگەي تۈمەن غەمدىن خەۋەر.
يوق ئىشىم ھاكىم، ئەمەلدار، شاھى، خاقانلار بىلەن،
بىرگەدۇرمەن دائىما غەم - دەردى بولغانلار بىلەن.

ئازادلىقتىن كېيىن قاسىمجان قەمبىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلقىمىزنىڭ پارلاق كۈنلەرگە ئېرىشكەنلىكىگە چوڭ خوشاللىق بىلەن زوقلانغان ئىدى. مۇشۇ خوشاللىقنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىجتىمائى كۈرەشلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى.

قاسىمجان قەمبىرى كوپ يىللىق تۈرمۇش ئازابلىرى نەتىجىسىدە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىدى، شۇ كېسەل سەۋەبى بىلەن 1956 - يىلى 3 - مارت كۈنى قەشقەردە 46 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى قەشقەر قوغان رايون ھەزرەت يېزىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ باغچىسىغا دەپنە قىلىندى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سادىق پەرزەندى قاسىمجان قەمبىرى ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ۋاقىتسىز كەتتى، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ. بىز ئۇنىڭ تىرىشچان، پىداكارانە، جۇشقۇن روھىدىن ئۆگىنىپ، چېچەك ئاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت بېغىمىزدا تېخىمۇ يېڭى گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، دولىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇناسىپ ھەسسە قوشىشىمىز لازىم.

# ئارتىستنىڭ قايناق ھېسسىياتى نەدىن كېلىدۇ؟

سۇن يەن

يولداش × × ×

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. ئايرىلغىنىمىزغا ئەمدىلا بىر يىل بولغان بولسىمۇ ئاكتىيورلۇققا دائىر شۇنچە كۆپ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغىنىڭىزغا قاراپ سىزدە زور ئىلگىرىلەشلەر بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سىز ئەمدى خىلمۇ - خىل مودىلىق كىيىملەرگىلا مەستانە بولۇپ، چاچ پوسونى ئۈچۈن نەچچە سائەتلەپ ۋاقتىنى ئەينەك ئالدىدا ئىسراپ قىلىدىغان ئادەتلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، ئارتىست بولۇش ئۈچۈن پەقەت سىرتقى جەھەتتىكى گۈزەل كۆرۈنۈشنىڭلا كىپايە قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپسىز. سىز ھازىر قېتىقىنىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە تىرىشىپ ئىزدىنىپ ئۆزىڭىزگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان بولۇپسىز. بۇ نىمەدېگەن قەدىرلەشكە ئەرزىگىدەك خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىش - ھە ! مانا ئەمدى سىز سەنئەت ئىجادىيىتى كوكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلالايسىز.

سىز ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم. سىز بولۇپمۇ رول ئالغاندا ئۆزىڭىزدە قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇتۇشتا قىينىلىۋاتقىنىڭىزنى يېزىپسىز. بۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلە. بىز بۇقېتىم مەخسۇس رول ئېلىشتىكى قايناق ھېسسىيات مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىرلىشىپ باقايلى.

شۇنداق، سەنئەت ئىجادىيىتى تولۇپ - تاشقان قايناق ھېسسىياتقا مۇھتاج. بولۇپمۇ ئاكتىيورلۇق (رول ئېلىش) سەنئىتىدە بۇنداق قايناق ھېسسىيات ئوبراز يارىتىشنىڭ دەسلىۋىدىن تارتىپ تاكى پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىدا داۋاملىشىشى لازىم.

بىز ئارتىستلار "ئىجات قىلغۇچى" ھەم شۇنداقلا "ئىجادىيەت ماتېرىيالى" بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەگەر بىزدە قايناق ھېسسىيات كەم بولىدىكەن ياكى زادىلا بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا بىزنىڭ زورمۇ - زور ياراتقانلىرىمىز كىشىنى ئۈمىتسىزلەندۈرىدىغان بىرلاك مال، يەنى جانسىز، ھاياتىي كۈچى يوق "ئوبراز" لا بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

ئەلۋەتتە، ئاكتىيورلۇق سەنئىتى ناھايىتى باي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھاياجانلىنىش ھەممىگە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ تونۇيمەن.

مېنىڭچە، سىزنىڭ بەزى مەسىلىلەردە قىيىنلىق ھېس قىلىشىڭىز، ئىزدىنىشكە باشلىغانلىقىڭىزدۇر. سىز ئېيتقاندەك زورۇقۇپ ھاياجانلانغىلى بولمايدۇ. بۇرۇنقى روھىي ھالىتىڭىزدە سىزنىڭ قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇتالىشىڭىز تەس گەپ ئىدى. بەزىدە تەسادىپىي ھالدا ئاز - تولا ھاياجانلانغاندەك قىلسىڭىزمۇ، ئۇ خىل ھېسسىيات تولۇپ - تاشقان كۈچكە ئىگە بولمىغانلىقتىن، باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرۇش قىيىن بولاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟

AltunOq

## 1. ئۆز كەسپىنى قىزغىن سۆيۈش، مۇستەھكەم كەسپىي كۆز قاراش بولۇشى لازىم

بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالسام، بەلكىم سىز مېنى تېمىدىن يىراقلاپ كەتتىڭىز، دېيىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن مەن سىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىڭىزغا توسالغۇ بولىۋاتقان ئاساسىي مەسىلە دەل مۇشۇ دەپ قارايمەن.

بىلىشىمچە، بۈگۈن سىز ھامان ئۆزىڭىزنىڭ گۈزەللىكىڭىز ۋە ئاۋازىڭىز بىلەن مەغرۇرلىناتتىڭىز. ئەمما بىر ـ ئىككى ئوبراز يارىتىشتا مەغلۇپ بولۇشىڭىز بىلەنلا، ئارتىست بولۇش ئىشەنچىڭىزنى يوقۇتۇپ، كەسپىي جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلىشىڭىزدىن گۇمانلىناتتىڭىز. سىز كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قوزغىيالايدىغان ئوبرازلارنى يارىتىشنى ئارزۇ قىلىپسىز. لېكىن بىر ـ ئىككى ئېغىز ئۆتكۈر، سەممىي تەنقىدىي پىكىرنى ئاڭلاش بىلەنلا، ئەرۋايىڭىز قىرىق گەز ئۆرلەپ، ماڭا زەربە بېرىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ، ئارتىستلىقنى ئاۋارىگەرچىلىكى تولا ئىكەن، دەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە ئارانلا تۇرۇپسىز. بۇنىڭ بىلەن ئوبراز يارىتىشقا تۈرتكە بولىدىغان قودرەتلىك كۈچنى نەدىن تاپقىلى بولسۇن؟ ھالبۇكى، روھىي ھالىتىڭىز بىر قەدەر ياخشى چاغلاردىمۇ، ئەگەر سىز ئارتىستلىقنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە ئالىيجاناپ كەسپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەي تۇرۇپ، بەلكى تاماشىبىنلارغا چىرايلىق كۆرۈنىدىغان گۈزەل قىزلارنىڭلا رولىنى ئويناشنى خالىسىڭىز، بۇخىل روللارغا دۇچ كەلگەندە، قارىماققا سىزنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىڭىز تولۇپ ـ تاشقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇخىل ھاياجانلىنىش ياسالما بولىدۇ. بۇ دەل «قەلبىڭىزدىكى سەنئەتنى سۆيۈش» بولماي بەلكى «سەنئەت ئىچىدە ئۆزىڭىزنىلا سۆيۈش» بولۇپ قالىدۇ. بۇخىل نۇقتىئىنەزەردىن پەيدا بولغان سۈنئىي ھاياجانلىنىش، ئانچىكىلا زەربىلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. كېلىشمەسلىككە ئۇچراش بىلەنلا ئۆچۈپ قالىدۇ ـ دە، ئىجادىيەتتە ئۆز ـ ئۆزىگە مەستانە بولۇشتەك تۈيۈق يولغا كىرىپ قېلىپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ.

مۇبادا سىز مۇستەھكەم كەسپىي كۆزقاراشنى تىكلەپ، ئۆز ئەمگىكىڭىز ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولۇشىڭىز لازىملىقىنى تونۇپ يېتەلەيدىكەنسىز، سىزدە ئۆز ئىجادىيىتىڭىزگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇغۇلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا ئىجادىيەت قىزغىنلىقىڭىز مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولالايدۇ.

سىز مېنى قىزغىن ھېسسىياتلىق ئارتىستكا دەپسىز. مېنىڭمۇ ئۆزەمدە قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇتالماي قىينالغان ۋاقىتلىرىم بار ھەمدە مەغلۇبىيەت ساۋاقلىرىممۇ بار. ئوتتۇز بىر يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىم جەريانىدا قۇرۇق، ھېچقانداق ھاياتىي كۈچ يوق ئوبرازلىرىممۇ ئاز بولمىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئويۇنلاردا مېنىڭ زورۇقۇپ رول ئوينىغان، قېلىپبازلىق بىلەن تەكرارلىغان ۋاقىتلىرىممۇ بولغان. ئەسلىدە كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئوبرازلارمۇ، مېنىڭ شۇنداق ئوينىغانلىق كاساپىتىمدىن قۇرۇق ئىسكىلىتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. لېكىن مەن ئۆزەمنىڭ قايناق ھېسسىياتقا ئېتىۋار بېرىدىغان ئارتىستكا ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئۇنداقتا مەندىكى قايناق ھېسسىيات نەدىن پەيدا بولغان؟ مەن سىزگە قايناق ھېسسىياتىمنىڭ ئالدى بىلەن دىراما ئىشلىرىغا بولغان ئىشتىياقىمدىن پەيدا بولغان، دەپ ئىككىلەنمەي جاۋاپ بېرەلەيمەن. مەن ئارتىستلىققا كىچىكىمدىن تارتىپلا قىزىقاتتىم. ئۇچاغدا مەن رول ئېلىش، ئويۇن قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەيتتىم،

ئەلۋەتتە. 18 يېشىمدا ئىشىم ئوڭدىن كېلىپ ئازاتلىق ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىستكا بولۇپ كىردىم. تەشنالىق بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئويۇن قويۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تىياتىر سەنئىتىنىڭ كۈچىنى پەيدىن ـ پەي تونۇپ، ئارتىستلىق كەسپىنىڭ ئۇلۇق ۋە مۇشەققەتلىك مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئادەتتىكى ھەۋەسكارلىقتىن ئۆتۈپ، ئۆمۈر بويى ئارتىست بولۇش ئىرادىسىنى تىكلىدىم. ئارتىستلىقنى ئۆزەمنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىم دەپ بىلگەچكە، كېيىنكى كۈنلەردە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرۇساممۇ، كەسپىي كوز قارىشىم قىلچە تەۋرەنمىدى. ھەتتا ماڭا خاتا ھالدا ئوڭچى قالپىقى كىيگۈزۈلگەن چاغلاردىمۇ، مەندە ئوبراز يارىتىشتىكى قايناق ھېسسىيات يوقالغان ئەمەس. شۇچاغدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرەي.

ئەينى ۋاقىتتا ماڭا بېرىلگەن زەربە، سىز ئۇچرىغان ھېلىقى ئاتالمىش «زەربە»دىن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە ئېغىر ئىدى. مەن پارتىيىگە، سوتسىيالىزىمغا قارشى دۈشمەن بولۇپ قالارمەن دەپ ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ ئويلىمىغان ئىدىم. مەن چەكسىز ئازاپلاندىم ۋە قايىل بولمىدۇم ھەمدە بۇ خاتا قارارنىڭ تۈزىتىلىشىنى كۈتتۈم. مەن پەقەت مېنىڭ ئويۇن قويۇش ھوقۇقۇمنى تارتىۋالمىسىدى دەپلا قورقاتتىم. كېيىنكى كۈنلەردە گەرچە مېنىڭ رول ئېلىشىمغا يول قويۇشقان بولسىمۇ، مېنى قايسى شەكىلدە ئىشلىتىشۋاتقىنى ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇخىل شارائىتتا قانداق قىلىپ ئوبراز يارىتىشقا كىرىشكىلى بولسۇن؟ قايناق ھېسسىيات نەدىنمۇ كەلسۇن؟ كەسكىن ئىدىيىۋى كۈرەشلەردىن كېيىن مەن، پارتىيە بىركۈنى مېنىڭ پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىمنى، سوتسىيالىزىمنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىمنى چۈشىنىدۇ، مەن ھاياتىمنى بوش ئۆتكۈزمەسلىكىم كېرەك، دەيدىغان قەتئىي ئىرادىگە كەلدىم. نەتىجىدە ھەربىر ئەمەلىي پۇرسەتنى بوۇرۇنقىدەكلا، بەلكى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك قەدىرلەيدىغان، ھەربىر ئىجادىيەت ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ تىرىشىپ بېجىرىدىغان، مەيلى باش رول بولسۇن، كىچىك رول بولسۇن، ئىجابىي رول بولسۇن، ياكى سەلبىي رول بولسۇن، قېرى بولسۇن، ياكى ياش بولسۇن، ئۆزەم قىزىقىدىغان رول بولسۇن، ياكى قىزىقمايدىغان رول بولسۇن، ھەممىسىنى تىرىشىپ ئوينايدىغان بولدۇم. ئەينى ۋاقىتتا مەن 20 نەچچە ياش بولسامۇ، ئوينىغان روللىرىم ساپلا ئۆزەمگە نىسبەتەن ياش قۇرامى جەھەتتە پەرقى چوڭ بولغان – «يالقۇنتاغدا قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە» دىكى خەلپىتىغان، «ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ» تىكى ئايسىخان، «ئايگۈل» دىرامىسىدىكى قاسىمنىڭ خوتۇنى، «مول ھوسۇلدىن كېيىن» دىكى لاۋ سىننىڭ خوتۇنى قاتارلىقلار ئىدى. ئارتىستلىق كەسپى مېنىڭدىن ھەرخىل سالاھىيەت، ھەرخىل خاراكتېرلىق ئوبرازلارنى يارىتىشىمنى تەلەپ قىلغاچقا، بۇ جەريان مېنىڭ ئۈچۈن ھەرخىل تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىجادىيەت يولۇمنى كېڭەيتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بولدى. ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزەم ياراتماقچى بولغان ئوبرازلىرىمغا يېقىنلىشىپ، «ئۇلار» نى چۈشىنىپ، «ئۇلار» غا نىسبەتەن ھېسسىيات تىكلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر مەندە توغرا ئىجادىي پوزىتسىيە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ھاياجانلىق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولدى.

## 2. ھەرخىل تەسىر قىلغۇچى شەيئىلەردىن پايدىلىنىپ قايناق ھېسسىيات قوزغىتىش كېرەك

بىز ئارتىستلار بىرەر رول ئالغاندا ھامان پاسسىپ ھالەتتە تۇرىمىز. ئەگەر بىزگە ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان روللار بولۇنۇپ قالسا، بىزدە ھېسسىيات مۇقەررەر ھالدا ئاسانلا قوزغىلىدۇ ھەم تولۇپ

تاشقان بولىدۇ. ستانىسلاۋىسكى: «ئارتىستنىڭ مەھلىيا بولۇشى ئىجادىيەتنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر» دەپ ئېيتقان. «ئارتىستنىڭ خوشاللىقى ۋە مەھلىيالىقى سەۋەبىدىن قوزغالغان ھېسسىيات تۈيدۈرماستىن، پۈتۈن ئوبراز بويلاپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يېتىپ بارىدىغان ئىنتايىن راۋان، توغرا يولنى تېپىپ چىقىدۇ. قەلبىنىڭ بۇخىل چوڭقۇر قاتلىمىنى كوز بىلەن كورگىلى، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغىلى. ئىدراك بىلەن بايقىغىلى بولمايدۇ. پەقەتلا ئارتىستنىڭ كونترول قىلىشى ئىنتايىن قىيىن بولغان ھېسسىياتىلا بۇنى ئىختىيارسىز پەرەز قىلالايدۇ». «قان ياشلىق نورۇز گۈلى». دىرامىسىدىكى يىڭ جۈزنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا مېنىڭدە دەل شۇخىل خوشاللىق ۋە مەھلىيالىق قوزغاتقان ھاياجانلىق ھېسسىيات بولغان ئىدى. گەرچە مەن ھازىرغا قەدەر بۇ ئوبرازنىڭ يارىتىلىشىدا نۇرغۇن يېتەرسىز جايلار ۋە ھەتتا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغان جايلىرىمۇ بار، دەپ تونۇسامۇ، لېكىن شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، پۈتكۈل ئىجادىيەت جەريانىدا مەندە قايناق ھېسسىيات بار ئىدى.

«قان ياشلىق نورۇز گۈلى» يېڭى تېمىدىكى لىرىك دىراما بولۇپ، مېنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. يىڭ جۈزنىڭ رولىنى ئېلىش ۋەزىپىسى ماڭا تەقسىم قىلىنغاندا مەن چەكسىز ھاياجانغا ۋە شات ـ خۇراملىققا چۆمدۈم. مەن ياپونىيىلىك ئاياللارنىڭ مۇلايىم، تارتىنچاق خاراكتېرىگە مەستانە بولدۇم. يىڭ جۈزنىڭ چىڭتاۋغا بولغان ساپ مۇھەببىتى ۋە ئالىي پەزىلىتىگە قايىل بولغانلىقىمدىن ئۆز رولۇمنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مېنىڭ ئىجات قىلىش ئارزۇيۇم شۇنچە كۈچلۈك بولدىكى، ئازغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئوبرازنىڭ ۋەزنىنى ئىگەللەپ، ئۇنىڭ گۈزەل قەلبىنى چۈشىنىپ، ئوبرازنىڭ خاس خاراكتېرىنى، يۈرۈش ـ تۇرۇش ۋە سىرتقى ھەركەت ئارقىلىق ئىپادىلەش شەكلىنى ئىگەللىۋالدىم. ھەر قېتىم رېپېتىتسىيىگە كىرىشكەندە ئۆز ھاياجىنىمنى باسالماي قالاتتىم. لېكىن بارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ۋە ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىلا مېنى ئۇ قەدەر ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە مەھلىيا قىلغان ئەمەس ئىدى.

ئارتىستنىڭ ئۆمرىدە ئۆزى سۆيمىگەن رولنى ئويناش پۈرسىتى بەكمۇ ئاز بولىدۇ. بۇ ھالدا بىز ئۇچرىشىدىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، قايناق ئىجادىي ھېسسىيات قوزغايدىغان پۈرسەتنى ئىزدىشىمىز كېرەك. «ئۇنى قۇتقۇزۇڭلار» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى مەن ياخشى كورمەيتتىم. ئەسەردىكى فاڭ مۇئەللىمنى ئولتۇرسا ـ قوپسا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنىلا بىلىدىغان، جانسىز، ئۆلۈك ئوبراز دەپ قارايتتىم. سەھنە ئەسىرىنى قايتا ـ قايتىلاپ ئوقۇش ۋە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ئىجادىيەتتىكى قايناق ھېسسىياتىنى، ئۇنىڭ جەمئىيەتكە ۋە ئازغان ياشلارغا نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقىنى، شۇنداقلا فاڭ مۇئەللىمنىڭ ئېغىزى ئارقىلىق "بالىلارنى قۇتقۇزۇڭلار" دەپ مۇراجىئەت قىلىشىنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ ئەسەرنىڭ تۈپ ئىدىيىسى، دەل فاڭ مۇئەللىمنىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەن جەمئىيىتىمىزنىڭ فاڭ مۇئەللىمگە ئوخشاش كىشىلەرگە نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە فاڭ مۇئەللىم بىلەن ئىدىيە جەھەتتىكى پەرقىمنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش بىلەن ئۆزەمنىڭ دەۋرىمىزدىكى ياشلارغا نىسبەتەن بىر تەرەپلىمىلىك قاراشتا بولغان خاتا پوزىتسىيەمنى كورۈۋالدىم. تەربىيە ئېلىش جەريانىدا ئۆز رولۇم — فاڭ مۇئەللىمنى قانداق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى سەزمەي قالدىم. ئاپتوردىكى ۋە فاڭ مۇئەللىمدىكى كۈچلۈك ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت مېنىڭدىمۇ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى قوزغاپ، ئىجادىيىتىمدە قايناق ھېسسىيات پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ئويۇن قويۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، يولدىن ئازغان ياشلارنىڭ ئۆتمۈشىدىن نەپرەتلىنىپ ئۆكسۈپ يىغلىغانلىقىنى، يولدىن ئازغان بىر ياشنىڭ دادىسى، ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن كۆز ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا: "سىلەرنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئويۇنلارنى قويغانلىقىڭـ

لارغا رەخمەت!“ دىگەن يۈرەك سوزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، فاك مۇئەللىمدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى تېخىمۇ ياخشى يارىتىشنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇدۇم. سەھنە ئەسىرى ۋە ئوبرازنى بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەندىن كىيىن، بۇ ئوبرازغا مەھلىيا بولۇپ، ئىجادىيەتكە تەلپۈنگەنلىگىمنى ھىس قىلدىم. رىپېتىتسىيە ۋە ئويۇن قويۇش جەريانىدا پەيدىن - پەي ئوزەمدىكى سۇنئى، زورمۇ - زور ئوينايدىغان يارىماس ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئوبرازنى جانلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدىم.

ھىس قىلغانلىكى نەرسىنى شۇ ھامان چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت چۈشىنىپ يەتكەن نەرسىنىلا چوڭقۇر ھىس قىلغىلى بولىدۇ. ستانىسلاۋىسكى سىستېمىسىدا: ”مەھلىيا بولغاندىن كىيىنلا ئۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، چۈشەنگەندىن كىيىن تېخىمۇ كۈچلۈك مەھلىيالىق قوزغىلىدۇ، بۇلار ئوز ئارا بىر - بىرىنى قوزغىتىدۇ ۋە ئوز ئارا قوللايدۇ. چۈشىنىش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا تەھلىل قىلىش لازىم. ئارتىستىنىڭ مەھلىيالىقىنى قوزغىتىش ئۈچۈن چۈشىنىش لازىم...“ دىيىلگەن.

سەھنە ئەسىرىنى ئوقۇش بىلەنلا ئوبرازغا مەھلىيا بولۇپ كېتىش ناتايىن. تۇرلۇك پەيتلەردە، ئوخشىمىغان شەيئىلەرنىڭ تەسىر كورسىتىشى بىلەن ئىجادىيەت قىزغىنلىقى قوزغۇلىدۇ. جەمىيەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق ياكى سەھنە ئەسىرىنىڭ شەكلىنىڭ يېڭى بولۇشى، ئوبرازنىڭ ئالىجاناپ پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى ياكى ئەسەردە جانلىق سۈرەتلىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسى قايناق ھىسسىياتنى قوزغاتقۇچى ئامىل بولىدۇ، بىز بۇلارنى كورۈۋېلىشقا ماھىر بولىشىمىز، ئۇلارنى تولۇقلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئوزىمىزدە ئوبرازغا نىسبەتەن زوقلىنىش ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمىزنى قوزغىتىشىمىز لازىم. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدىن كىيىن كەسپىي پائالىيەت ئەسلىگە كېلىپ دەسلەپ تەييارلىغان ئويۇنىمىز «تىنىچسىز دېڭىز ساھىلى»دا ماڭا ئىشپىيون ئوۋيىاڭ شياۋخۇينىڭ رولى تەقسىم قىلىندى. بۇ مەزگىلدە مەن ئايرىلغىنىمىزغا ئۇزۇن يىل بولغان تىياتىر سەھنىسىگە قايتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتقان چاغلىرىم بولۇپ، ئىجادىيەت قىزغىنلىغىم ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. قانداق سەھنە ئەسىرى ۋە قانداق رول تەقسىم قىلىنىشى مېنىڭ ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭ ئىجادىيەتتىكى قايناق ھىسسىياتىم دەل مۇشۇ يەردىن باشلانغان ئىدى.

ھەجۋى كومىدىيە «ئېرەن يوپۇرمىقى قىزارغاندا» دا مەسخىرە قىلىنىدىغىنى ”توت كىشىلىك گورۇھ“ ئىدى. ھەجۋى كومىدىيىدە مۇبالىغىلاشتۇرۇلغان رولنى تەبىئى ئويناش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جياڭ چىڭدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى چوڭقۇر پاش قىلىش ۋە قامچىلاش نىيىتىم بولغاچقا، چېن شىنىڭ رولىنى ئويناشتا مەندە قايناق ھىسسىيات ئۇرغۇپ تاشتى.

### 3 . ئوبرازنىڭ روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر چوكۇپ، پەيدىن - پەي ئوز قەلبىنى ئوبراز قەلبىگە باغلاش كېرەك.

ئوزىمىز ياخشى كورىدىغان ياكى ياخشى كورمەيدىغان رول تەقسىم قىلىنسۇن، ئوبرازنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، ئىجادىي ھاياجان قوزغىتىدىغان شەيئىنى تېپىپ ئوبراز يارىتىشىمىز، ئاندىن ئىجادىيەتكە كىرىشىشىمىز زورۇر. مېنىڭ ھىس قىلىشىمچە، سىزنىڭ بۇرۇنقى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىڭىز بەكمۇ قاتمال، سوغۇق، شۇنىڭدەك يۈزە ۋە ھىسسىياتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مىخانىكىلىق ھالدا زورمۇ - زور رول ئوينىشىڭىز مۇقەررەر. شۇڭلاشقا ئوبرازنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوكەلمىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوبرازنىڭ قەلبى بىلەن باغلىنىپ كېتىشتىن تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايتتى. نەتىجىدە ئوزىڭىزدە ئەسلىدە بار بولغان ئىجادىي ھاياجانلىنىشمۇ ناھايىتى سۇس بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ”لاپ“ قىلىپلا ئوچۇپ قالاتتى.

سىز مېنىڭ خاتا ھالدا ئوكچى قالىپقى كىيگۈزۈلگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ قانداق قىلىپ تو-

لۇپ - تاشقان ھاياجان بىلەن «ماۋجۇشىغا ئەگىشىپ» دېرامىسىدىكى ئايسىخاننىڭ ئوبرازىنى ياراتقانلىقىمنى سۆزلەپ بېرىشىمنى سوراپسىز.

بۇ قېتىمقى ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى مېنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادىيەت دۇنياسىغا باشلاپ كىردى.

ئۇ مەزگىلدە مەن ھەددىدىن زىيادە خورلۇق ۋە قايغۇ - ھەسرەتتە قالغان، زور ئىدىيىۋى بېسىمغا ئۇچرىغان ئىدىم. يىغلىسام: ”قايىل بولمىدى، قارشىلاشتى“ دەيتتى. كۈلسەم ”ھەددىدىن ئاشتى، ئۆزىنى كۆرسەتتى“ دەيتتى. مېنىڭ رېژىسسور ۋە ئارتىستلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم، نازارەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىنىش مۇناسىۋىتىگە ئايلانغان تۇرسا، مەن قانداقمۇ سەنئەت ئىجادىيىتىگە كىرىشەلەيمەن؟ ھاياجانلىق ھېسسىيات ماڭا نەدىنمۇ كەلسۇن؟

مەن بارلىق زېھنىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوبرازنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تەتقىق قىلىشقا ئۆزەمنى مەجبۇرلىدىم. بارا - بارا ئەسەردىكى ئايسىخاننىڭ پارتىيىگە، ماۋجۇشىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى مېنىڭ ھېسسىياتىم بىلەن خېلىلا ئوخشىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم. ۋاھالەنكى مەن بولسام ئويلىمىغان يەردىن پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى دۈشمەن بولۇپ قالغان ئىدىم. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مەندىكى ئىجادىي قايناق ھېسسىيات گويا يانار تاغدەك لاۋۇلدىدى. ئۆزەم ياراتقان ئوبراز — ساپ، ئاقكۆڭۈل، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى، ماۋجۇشىنى چەكسىز سۆيىدىغان ئۇيغۇر مومايىنىڭ تىلى ئارقىلىق پۈتۈن ئالەمگە ئۆزەمنىڭ چوڭقۇر قەلبىمدىكى ”ئېھ! پارتىيە، مەن سېنى قىزغىن سۆيىمەن!“ دىگەن يۈرەك سۆزۈمنى جاكالىدىم. مۇشۇنىڭ بىلەن مەن ئوبراز بىلەن بىرجان - بىرتەن بولۇپ، ئۆزەمنىڭ ئەڭ سەمىمى، قىزغىن ھېسسىياتىمنى تامامەن ئوبراز قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ئوبراز ئارقىلىق سەھنىگە كۈچلۈك نامايەن قىلدىم.

شۇ خىل كۈچلۈك قايناق ئىجادىي قىزغىنلىق تۈپەيلىدىن ئەينى ۋاقىتتىكى سەرگۈزەشتىلىرىمنى ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ، ئۈزلۈكسىز بېرىلىۋاتقان زەربىلەرگە، ئازابلاشلارغا تاقابىل تۇرۇپ، ئوبرازنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەلتۆكۈس چۆكەلىدىم، يايرىدىم، ئوينىدۇم! كۈلدۈم! ئايسىخاننىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي ھېسسىياتىنى قانغىچە ئىپادىلىدىم! مانا مېنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئادەتتىن تاشقىرى مەھسۇلاتىم — ئۆز قەلبىمنى ئوبراز قەلبى بىلەن بىرجان - بىرتەن قىلىپ يۇغۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

**4. ئىجادىيەتتە مەڭگۈ قانائەتلەنمەسلىك، يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، توختىماي تەتقىق قىلىش لازىم.**

سىز قانداق قىلغاندا ئىجادىيەتتىكى قايناق ھېسسىياتنى باشتىن - ئاخىر ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ، دىگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. ئىجادىيەتتىكى تولۇپ - تاشقان قايناق ھېسسىياتنى ساقلاپ قېلىش دىگەنلىك — بىز داۋاملىق ئېيتىدىغان — ئىجادىيەتتە يېڭىلىق تۇيغۇسىنى ساقلاپ قېلىش دىگەنلىكتۇر، دەپ چۈشىنىمەن. ستانىسلاۋسكى: ”ئۈچىنچى قېتىملىق ئويۇنىدىن باشلاپلا بىر قېلىپقا چۈشۈپ قېلىش — مانا بۇ كوللىكتىپ ئىشىغا نىسبەتەن جىنايەت، بۇ، ئويۇنغا قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق“ دىگەن ئىدى. ئوبرازنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە ئۇنىڭغا بولغان يېڭىلىق تۇيغۇسىنى قانداق قىلىپ ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ستانىسلاۋسكى سىستېمىسىدا بىر قاتار قائىدە - قانۇنلار بار. مەسىلەن: ئوبرازنىڭ ئۆزگەرمەس بولۇپ شەكىللىنىپ قالغان پىلانىنى قايتا تەكرارلاۋېرىشتىن ساقلىنىپ، ھەر نۆۋەتلىك ئويۇندا شۇ كۈنكى يېڭى تۇرمۇشنى باشتىن ئۆتكۈزۈش لازىم. مۇقىملاشتۇرۇلغان ھالىتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم. بىۋاستە ھېسسىياتقىلا بېرىلمەسلىك، بەلكى مۇقىملاشتۇرۇلغان ھالەتتە ھەركەتلىنىش لازىم، ۋاھاكازالار.

سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنە بىر مۇھىم مەسىلە — ئىجادىيەتتە قانائەتلىنىپ قالماسلىق

AltunOq

مەسىلىسى دەپ قارايمەن. سىز ئوبرازغا نىسبەتەن ئەقەللى، ناھايىتى يۈزەكى چۈشەنچە ھاسىل قىلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىسىز. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا بىر قېلىپتا ياتلىۋالغان تېكىست ۋە جارىڭلىق، يېقىملىق ئاۋازىڭىز بىلەن چەكلىنىپ قالىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن مەيلى قانداقلىكى رول ئالسىڭىز ئۆزگەرمەيدىغان بىر خىل مېڭىش - تۇرۇش، قول ھەركەتلىرىڭىز ۋە رەڭدار، مودىلىق كىيىم - كېچەكلەر بىلەن قانائەتلىنىسىز - دە، ئىش تامام، ۋەسسالام دەپ ئويلايسىز. سىز ھازىر ئىجادىيەتتىكى بۇ خىل قانائەتلىنىپ قېلىشنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ھادىسە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىۋاتسىزغۇ دەيمەن! ئىجادىيەتتىكى مۇنداق قانائەتلىنىش نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق - ھە! بۇ، ئىجادىي قىزغىنلىقنى بوغىدىغان جاللاتتۇر!

بەزى ۋاقىتلاردا مەن ئويۇندىن كېيىن بىر خىل ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىمەن. قايناق ھېسسىياتنىڭ يوقلىقى ۋە ئوبرازنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا چوكەلمىگەنلىكىمنى سېزىمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاختۇرۇپ كورىدىغان بولسام، بەزىبىر ماختاش سوزلىرى ۋە ياخشى باھالارنى ئاڭلاپلا، ئوزەمنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەم بىلەن قانائەتلىنىپ، مەلۇم ھەركەت ۋە قىياپىتىمگە مەستانە بولۇپ، ئېزىتقۇ سارىيىغا كىرىپ قېلىپ، ھېسسىياتنى ئوقۇللا تەكرارلاۋېرىشتەك تۇيۇق مۇساپىنى بېسىۋاتقانلىقىمنى بايقايمەن.

سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ چېكى يوق. قاچان قانائەتلىنىپ قالىدىكەنمىز، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمىز ئۆچىدۇ - دە، ئوبرازنىڭ ھاياتىمۇ توختاپ قالىدۇ. ئىزلەن، ئىزلەن، يەنە ئىزلەن. مەڭگۈ توختىماي ئىزلەن!

مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان ئىجادىي روھ بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى مەسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىشىمىز، قارىغۇلارچە تۇيۇق يولغا كىرىپ قالماسلىقىمىز لازىم.

رېپېتىتسىيە بىر باسقۇچقا يەتكەندىن كېيىن ياكى بىر باسقۇچلۇق ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، مەن داۋاملىق "مېنىڭ رولۇمغا پىكىر بەرسىڭىز" دەپ رېژىسسورنىڭ كەينىگە كىرىۋالىمەن. ھامان رېژىسسورنىڭ ماڭا ئۈزلۈكسىز يېڭى ئىلھام بېرىشىنى ۋە يېڭى تەلەپلەرنى قويۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن. «قان ياشلىق نوروز گۈلى» دىرامىسى ئوينالغاندىن كېيىن، رېژىسسور مېنىڭ رولۇمنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇلايىملىقنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن مۇلايىم خاراكتېرلىق ئادەملەرنىڭ پىسخىك خاراكتېرىنى، قىياپىتى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىزدىشىپ تەتقىق قىلدىم. «ئۇنىسى قۇتقۇزۇڭلار» دىرامىسى قويۇلغاندىن كېيىن، ماڭا نىسبەتەن سەممىي پىكىر قىلالايدىغان بىر نەچچە يولداشتىن مەندىكى رول ئېلىش ماھارىتى جەھەتتىكى مەسىلىلەر ۋە ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى ئايىماي كورسىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. رېژىسسورنىڭ تەلىۋى ۋە يولداشلارنىڭ ئوتكۈر تەنقىدى مېنى ئىزدىنىشكە ئۈندىدى ۋە ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى. رېژىسسور ۋە يولداشلارنىڭ ياردىمىدىن سىرت ئوزەمدىمۇ داۋاملىق ئوبراز باشتىن - ئاياق ئىزچىللاشتىمۇ - يوق، بىر پۈتۈن ئوبراز تىكلەندىمۇ - يوق، مول ھېسسىياتقا ئىگە بولدىمۇ - يوق، قانداق قىلسام خاراكتېر تېخىمۇ تەبىئىي ۋە تېخىمۇ يارقىن بولىدۇ؟ ۋاھاكازالار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدۈم.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ جەھەتتىكى يېڭى مەسىلەرنى بايقىشىمىز، يېڭى ئىلھامغا ئىگە بولىشىمىز، قايتىدىن تونۇشىمىز، قايتىدىن ئۆگىنىشىمىز، قايتا ئەمەلىيەتتىن ئوتكۈزۈشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا بىزنىڭ ئىجادىيەتتىكى قايناق ھېسسىياتىمىز ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ، مەڭگۈ تولۇپ - تاشقان بولىدۇ.

خەنزۇچىدىن: ماھىرە زاكىر تەرجىمىسى

# تېكىستسىز لىرىك ناخشا

— گرىگورسكونىڭ ماي بوياق رەسىمى «كۈتۈش» توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

ماكې

رەڭگا - رەڭ رەسىملەر ئىچىدىكى بەزى ئەسەرلەر كىشىلەرنى جانلىق ۋەقەلىكلىرى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلسا، بەزى ئەسەرلەر تەسىرلىك يارىتىلغان ئوبرازلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بەزى ئەسەرلەر بۇنىڭ ئەكسىچە مەنزىرە يېڭىلىقى ۋە ھېسسى گۈزەللىكى بىلەن تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ. رۇمىنىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مەشھۇر رېئالىستىك رەسسامى گرىگورسكونىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ يېزا مەنزىرىسى ۋە دېھقانلار ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن ماي بوياق رەسىملىرى ئۆزىدىكى شېئىرى تۈس ۋە قويۇق يەرلىك پۇراق بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىدۇ.

گرىگورسكو ئۆز ئۆمرىدە يېزا ئاياللىرى تېمىسىدىكى نۇرغۇنلىغان ماي بوياق رەسىملەرنى سىزغان. «كۈتۈش» ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. بىز بۇ رەسىمگە قاراپ، ۋەزنىلىك شېئىر ئوقۇۋاتقاندەك، تېكىستسىز ناخشا ئاڭلاۋاتقاندەك بولىمىز. رەسسام بۇ ئەسىرىدە سەممىي ھېسسىيات، ئويناقى ئۇسلۇب، رەڭدار بوياق ئارقىلىق رۇمىنىيىلىك دېھقان قىزىنىڭ تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان. ئەنە قاراڭ، ئۇ چۆرىسىگە جىيەك تۇتۇلغان ئاددىي مىللىي كىيىمنى كىيگىنىچە بۇك - باراقسانلىقتا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، كەيپىياتىمۇ تەبىئىي. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان چىرايى قالتىس سۈرەتلەنگەن: يېيىلىپ تۇرغان چاچلىرى، قىيا بېقىشلىرى، بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىلىپ تۇرغان لەۋلىرى ئۇنىڭ جانلىق روھىي ھالىتىنى ۋە مەنىۋى دۇنياسىدىكى گۈزەللىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ توقۇش توقۇغاچ بىركىمنى كۈتۈۋېتىپتۇ. ئۇ كىمنى كۈتىۋاتىدىغاندۇ؟ رەسسام بۇنى چۈشەندۈرمىگەن، بەلكى تاماشىبىنلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىپ چۈشۈنىۋېلىشىغا قالدۇرغان. مۇشۇنداق بىرتەرەپ قىلىنغانلىقتىن، بۇ رەسىم يوشۇرۇن مەنىگە ۋە تۇرمۇش پەيزىگە باي ئەسەر بولۇپ چىققان.

گرىگورسكونىڭ رۇمىنىيە يېزا قىزلىرىنىڭ خاراكتېرىنى شۇنچە چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، يېزا تۇرمۇشىدىكى يېڭى ۋە ساغلام شېئىرىي پىكىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرەلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇ 1838 - يىلى، رۇمىنىيىنىڭ بىر يېزىسىدىكى نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپلا 10 يېشىدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن شۇ جايدىكى رەسسام ئانتونى خىراۋكودىن ئىلاھلار سۈرىتى سىزىشنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن مۇئەللىمىدىن ئايرىلىپ جەمئىيەتكە يول ئالغان.

1861 - يىلى پارىژغا بېرىپ ئۆگەنگەن. ئۇ يەردىكى مۇزېيدا سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىققاندىن سىرت، پارىژغا يېقىن يېزىلاردا كۆپرەك تۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئۆز رەسىملىرىگە تېما ئىزلىگەن. شۇچاغدا فونتېن بىلۇدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بابىكون ئېقىمىدىكى رەسساملار ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە رەسىم كۆرگەزمىسى ئاچقان. ئەمما ئۇنىڭ قەلبى ۋەتىنى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغاچقا، 1864 - يىلىدىن باشلاپ پات - پات ۋەتىنىگە قايتىپ، ۋەتەن مەنزىرىسى ۋە ئەمگەكچى خەلقلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ياراتقان. 1873 - يىلى بۇخارېستتا تۇنجى قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ ۋەتەننى ۋە خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان رەسسام، ئۇنىڭ سەنئىتى خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان ھەرخىل دېخانلار ئوبرازىنى يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى رۇمىنىيىنىڭ تەبىئىي گۈزەللىكىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تاماشىبىنلارنىڭ ۋەتەنگە، خەلققە، زېمىنغا، قۇياش نۇرىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئۇرغىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى تا ھازىرغىچە دۆلەتلىك مۇزېيدا كۆرگەزمە قىلىنماقتا. ئۇنىڭ نەشر قىلىنغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى دېخانلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. 1977 - يىلى ئېلىمىزدە ئۆتكۈزۈلگەن «رۇمىنىيىنىڭ 19 - ۋە 20 - ئەسىردىكى رەسىملىرى كۆرگەزمىسى» دىمۇ ئۇ سىزغان 9 پارچە رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپ، ئېلىمىز تاماشىبىنلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

رۇمىنىيە يازغۇچىسى ئا.ۋىلائۇسىنىڭ ماقالىسىدا ئېيتىلىشىچە، رۇمىنىيىدە مەلۇم ۋاقىت تۇرغان بىر فىرانسۇز ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە: «ھازىرقى رۇمىنىيىنى چۈشەنمەكچى بولساڭلار، گىرىگورسكونىڭ ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈڭلار،» دېگەن. گىرىگورسكو مۇشۇ باھاغا مۇناسىپ. چۈنكى ئۇنىڭ سەنئىتى باشتىن - ئاخىرغىچە ئۆز ۋەتىنىدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ رەسىملىرى مەڭگۈ رۇمىنىيە خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى بولۇپ قالىدۇ.

خەنزۇچىدىن: غوپۇر قادىر تەرجىمىسى



# قەلەمنى ئاغزىدا چىشلەپ رەسىم سىزغۇچى ئادەم

سى تۇشۇي

1973 - يىلى، لوس - ئانگېلىس شەھىرىدىكى ئامېرىكا كالىفورنىيە داشۆيىسىنىڭ مەشھۇر رەسساملىق سەنئىتى پىروفېسسورى ژان. ستوس، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر تاپشۇرغان ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەن تالانت ۋە ماھارەتكە ئاساسلىنىپ بىر يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدۇ. بىراق بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ پۇت - قولى پالەچ، باش قىسمىلا 30 گىرادۇس ئەتراپىدا ھەركەتلىنىش ئىختىدارىغا ئىگە ياش يىگىت ئىكەنلىكىگە ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ. بۇ يىگىتنىڭ پۇتى باسماس، قولى تۇتماس بولۇپ، تاماق يېيىشتە ۋە باشقا جەھەتلەردە پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىناتتى. خېلى يۇقۇرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان ھىلىقى رەسىمنى ئۇ، قەلەمنى ئاغزىدا چىشلەپ ناھايىتى تەسلىكتە سىزىپ چىققان ئىدى.

ئۇنىڭ ئىسمى مارك. ھېكس بولۇپ، 23 ياشتا ئىدى. ئۇ 12 ياشقا كىرگەندە دەرەختىن يىقىلىپ، ئومۇرتقىسى سۇنۇپ كەتكەنلىكتىن پۇت - قولى مەڭگۈلۈك پالەچ بولۇپ قالغان.

ماركنىڭ بەدىنىدىكى پۈتۈن موسكۇللىرى تارتىشىپ قالغان بولۇپ، ئالاھىدە ياسالغان چاقلىق ئورۇندۇقتا كىچىك بالىدەك سولۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئەمما ئۇنىڭ باش قىسمى نورمال يېتىلگەن، بۇرنى قاڭشالىق، كالپۇكلىرى نېپىز بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كوزلىرىدىن بىر خىل جۇشقۇن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كوزلىرىدىن قەيسەرلىك، قەتئىيلىك ۋە ئوز-ئوزىگە ئىشىنىشتەك خىسلەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كورگەن پىروفېسسور ژان ئۇنى قوبۇل قىلىپ، يەنىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈشنى قارار قىلىدۇ.

مارك بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. كېيىن يىقىلىپ چۈشۈپ 10 ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ چىقىپ رەسىم سىزىشنى يەنە يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش نىيىتىگە كېلىدۇ. ئۇ، بەدىنىدىكى نەرسە تۇتالىغىدەك بىردىن - بىر ئەزا بولغان چىشى بىلەن قەلەمنى چىشلەپ رەسىم سىزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ جەرياندا كۈنىگە نەچچىلىگەن قەلەم سۇنۇپ كېتىدۇ، ئاغزى قەلەم سۇنۇقلىرىغا تولىدۇ. لېكىن ئۇ، مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى چىش مىلىكلىرىنى كۈچلۈك قىلىپ چېنىقتۇرۇپ چىقىدۇ. ئۇ چاقچاق قىلىپ: "ئەگەر بەدىنىمدىكى پۈتۈن مۇسكۇللار، مۇشۇ چىش مىلىكلىرىمدەك تەرەققى قىلغان بولسا ئىدى، بىرەر ئىمارەتنى ئورنىدىن يۆتكەشمۇ مەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس ئىدى" دەيدۇ.

كېيىنچە، دادىسى ماركقا ئاتاپ بىر ئۇچىدا سولياۋدىن چىشلەيدىغان جايى بار، يەنە بىر ئۇچىغا قەلەم ئورنىتىشقا بولىدىغان 12 دىيوم ① ئۇزۇنلۇقتىكى ئىچى كاۋاك تاياقچىدىن بىرنى ياساپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن مارك ئەتىدىن - كەچكىچە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ 11 يىل قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، ئاددى تەسۋىر، ماي بوياق رەسىم قاتارلىقلارنى سىزىپ ئۆگىنىدۇ، سەنئەت نەزىرىيىسى ۋە رەسساملىق ماھارىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا

① دىيوم — ئېنگلىز سۆكى.

يەنە ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمى بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىرىنى ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىنىڭ دەرسلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىدۇ.

دەسلەپ پىروفېسسور ژاننىڭ باشقا ئوقۇغۇچىلىرى ماركنى پەس كۆرىدۇ ۋە ئۇ مۇشۇ ئەلپازى بىلەن رەسىم سىزىشنى قانچىلىك ئۆگىنەلىسۇن دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشالمايدۇ. بىر كۈنى پىروفېسسور ژان پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، قەلەمنى ئاغزىدا چىشلەپ تۇرۇپ، بىر پارچىدىن رەسىم سىزىپ چىقىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ماركنىڭ رەسىم سىزىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنى بىۋاستە چۈشىنىدۇ، ئىرادىسىگە قايىل بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇلاردا ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. پىروفېسسور ژاننىڭ ئەستايىدىل يېتەكلىشى ئارقىسىدا مارك ئۆز تالانتىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ تېز ئالغا بېسىپ، باشقا ساۋاقداشلىرىدىن خېلى ئۆزاپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ماركنىڭ قانچىلىك تەر ئاققۇزغانلىقى، قانچىلىك يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. پىروفېسسور ژان كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن ئىدى: " مارك ئەزەلدىن ئۆزىنى بىچارە دەپ تونىمايدۇ. ھەر قانداق قىيىنچىلىق ئالدىدىمۇ قىلچە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم، لېكىن مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇ يەنە مېنىڭ ئوقۇتقۇچىمدۇر."

پىروفېسسور ژان، ماركقا ئوخشاش بۇنداق ئۇلگە ھەر قانداق كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ دەپ ئويلاپ، ماركنىڭ ئىش - ئىزلىرى ھەققىدە بىر كىنو ئىشلەپ، كىشىلەرگە شەرت - شارائىت قانچە قىيىن بولسۇن، جۈرئەت ۋە ئىرادە بولسىلا موجىزىلەر ياراتقىلى، ھەر قانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىش نىيىتىگە كېلىدۇ. پىروفېسسور ژان كىنو ئىشلەش جەھەتتە ئىنتايىن نائۇستا ئىدى. لېكىن ئۇ: "مارك رەسىمنى ئەپلەشتۈرۈپ سىزالىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە مەنمۇ كىنونى ئەپلەشتۈرۈپ ئىشلىيەلەيمەن" دەيدۇ.

كىنوغا ئېلىش جەريانىدا، رەسساملىق ساھەسىدىكى بەزى مەشھۇر ئەربابلارمۇ ماركنىڭ تىرىشچانلىق ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن تالانتىنى كۆرۈپ، سان - فرانسىسكودا ئۇنىڭ رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى ئاچىدۇ. رەسىملەر كۆرگەزمىسى ئىنتايىن زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ، مارك چاقلىق ئورۇندۇقتا كۆرگەزمىگە كېلىپ، ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ زور بەختتىن بەھرىمان بولىدۇ. ئۇ: "مېنىڭ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. لېكىن مېنىڭ ئۇژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئامالىم يوق" دەيدۇ.

كىنو ئىشلىنىپ بولاي دېگەندە، بەختسىزلىك يۈز بېرىدۇ. مارك تاماق يەۋېتىپ، تاماق نوپكىسىغە كېتىپ ۋاقتىدا داۋالانماي ۋاپات بولىدۇ. پىروفېسسور ژان ئۆز قايغۇسىنى بېسىپ يۈرۈپ، مارك. ھېكىسىنىڭ بۇ ئاجايىپ كىنوسىنى ئىشلەپ تاماملايدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتە: "مەن ماركنى كىنولاردا مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە، خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ قەدىرلىنىش ئىمكانىيىتىگە، تالانت ئۇرغۇپ تۇرغان ئەسەرلىرى بىلەن مەڭگۈ ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن" دەيدۇ.

كېيىنچە بۇ كىنو سان - فرانسىسكودا ئۆتكۈزۈلگەن كىنو بايرىمىدا ئالتۇن مېدال لائورىياتىغا ئەڭ شەرەپلىك ئوسكار مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. پىروفېسسور ژان قىزغىن چاۋاك سادالىرى ئىچىدە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا، ئوسكار مۇكاپاتى ھەيكىلىنى ئېگىز كۆتىرىپ تۇرۇپ: "مارك، شان - شەرەپ ساڭا مەنسۇپ!" دەپ توۋلايدۇ.

خەنزۇچىدىن: ئەنۋەر ئېزىز تەرجىمىسى

AltunOq

# سەھنە ئىلھاملىرى

(سىكىل)

## ئىبراھىم ئىزاق

بىنا پىنىڭ شاتلىنىپ كۆڭلى ئېچىلغۇسى ئويۇن كۆرسە.
تەپەككۇر كۆكىدە چاقماق چېقىلغۇسى ئويۇن كۆرسە.
چۈشۈپ خىزمەت ۋە يا ئىشتىن ئاراملىق ئىزلىسە ھەركىم،
ھېرىش - چارچاشقا ئاراملىق تېپىلغۇسى ئويۇن كۆرسە.
بېرىپ روھىي ئوزۇق سەنئەت، ھەۋەسنى ئويغۇتار ھەيھات.
كى ئىلھام پىلتىسىگە ئوت يېقىلغۇسى ئويۇن كۆرسە.

### سايرا بىر ئومۇر، ۋەتەن بۇلبۇلى①

كۆرسەت رۇخسارىڭ، خۇش كەل مەرھابا،
ياڭرات ناخشاڭنى، سەھنە كەڭتاشا،
تاپسۇن كۆڭۈللەر ناخشاڭدىن شىپا،
سايرا بىر ئۆمۈر، ۋەتەن بۇلبۇلى.

«زەپمۇ چىرايلىق كەلدى نەۋ باھار»،
ئۇقى باھارغا مەدھىيە - ئەشئار،
دىلىڭدا ئارمان قالمىسۇن زىنھار،
سايرا بىر ئۆمۈر، ۋەتەن بۇلبۇلى.

ياڭرىتىپ بىر چاغ «ئازات زامان» نى،
مەھلىيا قىلدىڭ ئىشچى - دىخاننى،
ئېيتتىڭ «يار - سېنىڭ دەردىڭ يامان» نى،
سايرا بىر ئۆمۈر، ۋەتەن بۇلبۇلى.

ئىستىقبال پارلاق، كەڭ ئىجات يولى،
ئېچىلدى سەنئەت، مەرىپەت گۈلى،
خەلقىم ئابرۇيى، شەرەپ - غۇرۇرى،
سايرا بىر ئۆمۈر، ۋەتەن بۇلبۇلى.

دەۋرىمىز بەردى سايراشقا ئىمكان،
ساڭا تالىقتۇر گۈلزارلىق بوستان،
شائىر قەلبىگە سىڭىپ ھاياجان،
سايرا بىر ئۆمۈر، ۋەتەن بۇلبۇلى.

---

① بۇ شېئىرنى ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشانغا بېغىشلايمەن.

## ئۇسۇلچى

باشىدا قاما، كوينىگى شەلپەر،
قۇرغۇيدەك ئەگىپ، سىلكىنىپ پەي - پەر،
خۇلقىسى بەلەن، سىياقى پەيكەر،
تاماشابىنغا دىلدار ئۇسۇلچى.

ئەۋرىشىم بەدەن تالدەك تولغۇنار،
ئايلانسا كوينەك دولقۇنلار ياسار،
گاھى قولىدا كوكسىنى باسار،
زىننەتى توزدەك رەڭدار ئۇسۇلچى.

ئەسلىتەر ھوسنى بىر دەستە گۇلنى،
ھەسرەتتە قويار چىچى سۇمبۇلنى،
ئوينىتسا بارماق، بىغىشىنى - قولنى،
ئىقىدلنى ھەيران قىلار ئۇسۇلچى.

ھەركىتى رەتلىك، قەدىمى چاققان،
توسۇپ ئالقاننى گاھ قىيا باققان،
تۇتۇپ پىشىنى يورغۇلاپ ماڭغان،
رەقىس بابىدا داڭدار ئۇسۇلچى.

كۆلكىسى نازى ئەينەن قىياپەت،
كورسىتىپ سەھنە ئۇزرە ماھارەت،
دەستە چىنىگە بىرىپ كاپالەت،
باشىدا قويۇپ ئوينار ئۇسۇلچى.

## ئورلە يەنە سەنئەتچىلەر

### مەتقۇربان ئىسمائىل

دەۋرىم باھارى نۇرىدا،
سەنئەت گۇلى چاچتى پۇراق.
خۇشبۇي ھاۋادىن زوقلۇنۇپ،
ئەركىن نەپەس ئالدى دىماق.

كومپارتىيىنىڭ شەنىگە،
يىڭى ھايات گۇلشەنىگە.
بۇلبۇللار خۇشخۇي سايرىشىپ،
توكتى دىلىدىن كۇي - قوشاق.

ئورلە يەنە سەنئەتچىلەر،
تاڭدا ئىچىلغان غۇنچىلار،
تەھسىن ئوقۇپ شات خەلقىمىز،
قۇتلاپ سىنى ئاچتى قۇچاق.

بەزەن قولىغا تەخسىنى ئالسا،
تەخسىگە تەڭكەش چوكىنى ئۇرسا،
تەلەپ ياڭرايدۇ تازىم قىپ يانسا،
ئالقىش سۈيىدە ئاقار ئۇسسۇلچى.

## تاشۋاي

مۇزىكا سەنئىتى ئىچرە يىگانە پېشۋا تاشۋاي،
يۈرەكنى تىترىتەر مۇڭى چېلىنسا خۇش ناۋا تاشۋاي.

راۋاپنىڭ تارىغا زەخمەك ئۇرۇلسا ئويغۇتار دىلنى،
جىمى ساز ئەۋجىگە ئورلەپ جاراڭلايدۇ راسا تاشۋاي.

ئەزەلدىن سازغا چىن خۇشتار غورۇرلۇق بىر يىگىت ئەردىم،
يۈرەكنى ئەزدى، مۇڭلاندىم، كوڭۇلگە دىلرابا تاشۋاي.

شۇبۇ مۇزىكا تاشۋاينىڭ جاپاكەش ئومرىگە سىمۋول،
غېرىپ، سەرسانە سازەندە، كۈنى — بەختى قارا تاشۋاي.

ئەگەر كىم ئاڭلىسا جاندىن سويۇپ زېھنى بىلەن سەندەك،
كوڭۇل ئىكرانىدا پەيدا قىلۇر ئەكسى سادا تاشۋاي.

ئىجاتنىڭ ھورمىتى چەكسىز، ئىجاتكار ئولمىگەي ئەسلا،
يۈرەكلەرگە بېغىشلاپ زوق، يەنە مەڭگۇ ياشا تاشۋاي.

# كېلىننى كۈتۈۋېلىش

(يولداش يۇسۇپجان سىزغان شۇ ناملىق ماي بوياق رەسىمنى كورگەندىن كېيىن)

### ھەبىبۇللا ئوسمان

قىز كوچۇرۇپ خوشال - خورام كەلدى تويچىلار،
ئىشچان يىگىت ئولتۇراقلىق يېڭى مەلىگە.

قىز-جۇۋان ھەم قېرىلار تەڭ قىلدى تەنتەنە،
مول ھوسۇللۇق كۆزدە كەلگەن بۇ قوش غەلىبىگە.

ياڭرىغاندا داپ - دۇمباقلار، ناخشا - ئۇسۇللار،
چاڭ كەلتۈردى بوستانلىقنى شاتلىق ساداسى.
زەپمۇ گۈزەل ئاۋات يېزا ھوسنىدە چاقنار،
كەچكى شەپەق نۇرلىرىنىڭ ئالتۇن جۇلاسى.

چوغلۇق شەلپەر چىگىپ توسقان ئاغامچا تارتىپ،
زوقتا چومگەن نۇرلۇق گۈڭشې ئوغۇل - قىزلىرى.
دۈيلەر ئارا تېرەك بوستان تۇتاش يوللارغا
نەقش چېكەككەن ئات - ئولاقنىڭ تۇياق ئىزلىرى.

ئەنە، قاراڭ ئات كەينىگە مىنگەشكەن كېلىن،
تىكىلمەكتە مىڭلىغان كوز قۇتلۇقلاپ خوشال.
بۇندا ھەركۈن ھايات قايناق، تۇرمۇش قەن - ناۋات،
باھار كېلىپ، مەڭگۈلۈككە يوقالغاچ توقال!

## چالۋەرمەمسەن

ئومەك باشلىغى، ئوركېستىر ئومىگى مۇزىكا ئورۇنلاۋاتقاندا نوۋەت بويىچە دەم ئېلىۋاتقان راۋاپچىغا قاراپ:

— نېمە قاراپ ئولتۇرىسەن، چالمامسەن، — دەپ ۋاقىرىۋىدى، راۋاپچى:

— يوغۇسۇ، ماڭا ھازىر 20 تاكت دەم ئېلىش، — دەپ جاۋاپ بەردى.

— تاكت - پاكت بىلەن كارىڭ نېمە، چالۋەرمەمسەن، — دېدى ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىلىشىپ.

## دەمەلدىم

ناخشىچى قىز بىر ئوسمۇرنىڭ يىقىلىپ كەتكىنىنى كورسىمۇ، كورمەسكە سېلىپ كېتىۋېرىپتۇ. بالا بېشىنى كوتىرىپ:

— ھەدە، تۇنۇگۈن لېي فېڭ ناخشىسىنى ھەجەپ ياخشى ئېيتقان ئىدىڭىزغۇ...

— ھە، ئېيتسام نېمە بوپتۇ!؟ مېنىڭ لېي فېڭ ناخشىسىنى ئېيتقانلىقىم — مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن دېگەنلىكىم ئەمەس، — دېدى.

ئايشەم توختى

# تەنبۇر ھەققىدە غەزەل

## ئابدۇللا ساۋۇت

ئەگەر قىلساڭ مۇقام ئىچرە مۇقامنى ئىپتىدا تەمبۇر،
يۈرەكنى تىترىتەرسەنكى بىرىپ ياڭراق سادا تەمبۇر.

مۇقام داستانلىرى ئىزھار ئېتىلسە رىشتە تارىڭدىن،
كېلەر لۇتپى، فارابىدىن، قىدىرىدىن خۇش نىدا تەمبۇر.

مۇجەسسەم بىر ئۇلۇغلۇق بار سېنىڭ كاسايۇ ــ دەستەڭدە،
ئۇزۇن تارىڭ ياسالغاندۇر "نەفىس"①نىڭ زۇلپىدا، تەمبۇر.

مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ سوزلەر ئاجايىپ قىسسە تارىختىن،
ئۇنىڭ مەرغۇللىرى قىلغاي بىمارغا جان ئاتا، تەمبۇر.

ناۋايىمۇ چېلىپ ئۆتتى توكۇپ پەريادىنى كۈيدە،
كېچە ـ كۈندۈز ناۋا ئەيلەپ ئىجات قىلدى «ناۋا» تەمبۇر.

تاقاپ ناخۇنى سازەندە كۈمۈش تارىڭنى چەككەندە،
قونار دەستەڭگە بۇلبۇللار كويۇپ گۈل ئىشقىدا، تەمبۇر.

مۇقام ئەۋجىدە جەۋلانىڭ سامانى ئەيلىسە ھەيران،
سېنى تىڭشايدۇ زوقمەنلەر، غەنى، شاھ ھەم گەدا، تەمبۇر.

راۋاپ، دۇتار، ساتار زىلۋا بويۇڭغا بىقارار ـ ئاشىق،
جىمى ساز ئەھلى مۇشتاقدۇر، شۇڭا ھەم مۇقتىدا، تەمبۇر.

بايان قىلساڭ بايات، ئۇزھال، سىگاھ بىرلە گۈزەل راكتىن،
مۇقام ئاشىقلىرى ھەردەم قىلۇر مىڭ ئىقتىدا، تەمبۇر.

مۇغەننىلەر قولى بىرلە كۆلۈپ يەتكىن كامالەتكە،
قولۇم ئەھلى ساڭا ئەيلەر ھاياتىنى پىدا تەمبۇر.

---

① نەفىس

Altunoq

# گۈزەل تۇرپان

(يالغۇز كىشىلىك ناخشا)

سۆزى: مەھەممەت ئاتا لاتمىنلىق
مۇزىكىسى: ئەمەتجان ئىنسانلىق

D = 1 $\frac{2}{4}$
(تېز تېمپىدا ئېيتىلىدۇ)



## تولۇق تېكستى

قىزاردى شەرق ئۇپۇق يېرىپ،
ئەجەپ خۇشخۇي بىر تاڭ ئاتتى.
تاڭ شامىلى خەۋەر بېرىپ،
ھەممە ئەلنى تەڭ ئويغاتتى.

پاختىزار يېشىل دېڭىز،
تۇتىشىدۇ يالقۇن تاغقا.
قولىدا كەتمەن، يىگىت-قىزلار،
كېتىشىدۇ گۈزەل باغقا.

پاختىكارلار كەلگىن ئېتىزدا،
ئاق بۇلۇتتەك ئۈزۈشىدۇ.
مول-ھوسۇلنى كۆزلىشىدۇ،
كېلەچەكتىن سۆزلىشىدۇ.

ئەجەپ گۈزەل بىزنىڭ تۇرپان،
ئەمگەك سۆيەر خەلقى ئىشچان.
تېخى گۈزەل بېغى بوستان،
باغ-باراقسان گۈل-گۈلستان.

# دۇتتار نەغمىسى

(ياغۇز كىشىلەر ناخشىسى)

سۆزى: ئابابەكرى ئەھمەتىدى

مۇزىكىسى: ئابدۇقادىر



## تولۇق تېكستى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئامرىقى دۇتتار،
مۇقام يۇرتىنىڭ بايرىقى دۇتتار،
ئازادە دىيارنىڭ شاتلىقى دۇتتار،
غەملەرنى كۆڭۈلنىڭ ئارامى دۇتتار،
ھەركۈن يېڭى كۈي قىلىسەن ئىزھار،
ئېيتقىن سېنىڭ بۇ قانچىلىك كۈي بار.

بولغا كۆلۈچنى تۇتقان قوللار مۇ،
كەتمەن، جوتۇنى چاپقان قوللار مۇ،
ماتىق گىرانات ئاتقان قوللار مۇ،
قەلەمدە گۆھەر قازغان قوللار مۇ،
سايرىتار سېنى يايراپ دۇتتار،
ئەلنىڭ تىلى بوپ سايراپ دۇتتار.

قىز-يىگىتلەرنىڭ رىشتە تارىڭ،
شاتلىقتا غەمگە شېرىك سادايىڭ،
مەھەللىدە قىلدى بۇلبۇلنى سازىڭ،
شۇنچا ئالەمچە شۆھرەتلىك شانىڭ،
ناخشا قايناغان بۇلاقسەن دۇتتار،
دىلنى يورۇتقان چىراقسەن دۇتتار.

# ۋەتەن بېغدا

(مۇزىكا)

ئەبەيدۇللا تۇردى

1 = F 4/4



# يۇرتۇم باھارى

(يالغۇز كىشىلىك ناخشا)

سۆزى: تۇرغان شاۋۇدۇننىڭ
مۇزىكىسى: ئابلىز رەھمىنىڭ

G=1 $\frac{2}{4}$



## تولۇق تېكىستى

ھۇسنىگە تولدى باھارنىڭ نۇرىدا يۇرتۇم بېغى.
نەقا سۇردى دەل-دەرەخلەر تولدى گۈلگە شاخ-شېخى.
سايرىدى بۇلبۇل چىمەندە ئۇيغۇتۇپ تاڭ سۈبھىنى،
تاڭ ساباسىدا ئۇسۇلغا چۈشتى گۈللەر ياپرىغى.
گۈلدى يۇرتۇم تاج تاقاپ گۈلدىن گۈزەللىك ئالىمىدە،
ياڭرىدى ھەر ياندا كۆي جۇش ئۇردى دىلنىڭ شاتلىغى.

# ژورنىلىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئىتى

مەسئۇل مۇھەررىر: سەيپۇل يۇسۇپ

مۇئاۋىن مەسئول مۇھەررىرلەر: مەھەممەت رەھىم
تاش مامۇت

تەھرىر ھەيئەتلىرى

ياسىن خۇدابەردى، قۇرمان غەلى، سەيپۇل يۇسۇپ، قەمبەرخان، مەمەت تاتلىق، سىراجىدىن زۇپەر، ھۇسەنجان جامى، غازى ئەمەت، ئىمىن گايىت، مەھەممەت رەھىم، تاش مامۇت.

## ژورنىلىمىزنىڭ 5 - سانىغا تۈزىتىش

| بەت | يۇقۇرىدىن | تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| -46 | 8- قۇر | — | پىرما | پىرىما. |
| -46 | -13 | — | كامانچىلىق چالغۇ ئەسۋاپلىرى | ئۇرغۇلۇق چالغۇ ئەسۋاپلىرى |
| -49 | -13 | — | ئەبۇ نەسىر فاراسىنىڭ | ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ |
| -49 | -15 | — | ئۇدۇقا | ئۇدقا |
| -51 | — | 2 - قۇر | ھىران. | ھىرات |
| -52 | -15 | — | چەك | چەك |
| -54 | — | -10 | ئوخشىمىسىمۇ | ئوخشىسىمۇ |
| -109 | — | -8 | سىكىسپىر. | شېكىسپىر |
| 120 | -8 | — | كوزاكوۋ | كورساكوۋ |

شىنجاڭ سەنئىتى XINJIANG ART (قوش ئايلىق ژورنال)

«شىنجاڭ سەنئىتى» تەھرىر بولۇمى تۈزدى. (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. رەڭلىك رەسىملەر تيەنجىن شەھەرلىك خەلق باسما زاۋۇتىدا سىنكىغا ئېلىندى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە ساتىدۇ.

جۇڭگو نەشرىياتى تاشقى سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ. (بېيجىڭ 614 - نومۇرلۇق خەت ساندۇغى) تاق ئايلارنىڭ 15 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.

ژورنال نومۇرى: 7 — 58 تىزىم نومۇرى: 032 پارچە باھاسى 0·50 يۈەن.

**新疆艺术**（双月刊） XINJIANG ART

编　辑：《新疆艺术》编辑部（乌鲁木齐市民主路32号）　出　版：新疆人民出版社　印　刷：乌鲁木齐市印刷厂
国内总发行：乌鲁木齐市邮局　每单月15日出版全国各地邮局（所）订阅、零售、代销
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（北京614信箱）　彩页制版：天津市人民印刷厂　新疆期刊登记号 032

本刊代号：58—7　定价：0.50元

# پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىنماقتا



ئۈرۈمچى قىسىملىرى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى «پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك چاقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز» ناملىق ئومۇمخورنى ئورۇنلىماقتا. ◀

ئۈرۈمچى قىسىملىرى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى «سۇتاۋۇك چاي ئۇسسۇلى» نى ئورۇنلىماقتا. ▼



شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «يىپەك يولىدىكى تاڭ شەپىقى». ◀





ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا «داھىيىمىز ماۋزېدۇڭ». ◀

مەملىكەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكىدە تاللانغان نومۇرلارنى سەييارە ئويناپ كۆرسىتىش ئۆمىكى «ئوچرەتتە تۇرۇش» ناملىق شۇلەيباۋ نومۇرىنى ئورۇنلىماقتا. ▼

يۇقۇرىدىكى سۈرەتلەرنى چيۇ لىن تارتقان



شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئۆزبېكچە يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «دەۋر غۇنچىسى». ◀




6
1982
新疆藝術